BULAK



ISSN 1005－0876

# بۇلاق

1

1994


www.uyghurkitap.com













بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى
15- يىل نەشرى
ئومۇمىي 46- سان
1994

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر، مىرھايات مىرسۇلتان.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.




## 1994 - يىل 1 - سان

### مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

باھار دانىش.....مۇھەممەد قاسىم ىبنى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ
لىسانۇت - تەير.............................. ئەلىشىر نەۋائى (79)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«يۇسۇف - زۇلەيخا» دىن .............................. يەھيا بېي (134)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر

### مەشھۇر كلاسسىكلار

يەھيا بېي ۋە ئۇنىڭ «يۇسۇف - زۇلەيخا» داستانى.................. (147)

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

«قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى...شەرىپىدىن ئۆمەر (149)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ھاۋايى بىمەزە (چۆچەك).................................................(165)
رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم ئىبراھىم
سىناق (چۆچەك).........................................................(169)
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيىدىن
ھېكايەتلەر ..................................................................(172)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت
رىۋايەتلەر....................................................................(189)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىل سالىخ
تۆگە بىلەن ئات (مەسەل)...................................................(194)
رەتلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت زامان


## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز


ئەدەبىيات پېشۋاسى ـ شۈكۈر يالقىن..................مۇنەۋۋەر تۇردى(196)
بىر ئالىم مۇخلىسىنىڭ ئارزۇسى...........................ھەسەن سېلىم(203)


* *


رەسسام: ئىسمايىل ئىبراھىم.

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقىي.

كۆنچىك ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋ پېيچىڭ.


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: 1991 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىنغان قىستۇرما رەسىم. رەسسام: ھۈسەيىن بېھزاد (ئىران).

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە: شۈكۈر يالقىننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە: شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: يارغۇل قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ كۆرۈنۈشى (پولات خوجايوپ فوتوسى).




مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

مۇھەررىردىن: «باھار دانىش» پارس - تاجىك ئەدىبلىرىدىن شەيخ ئىنايىتۇللا (1677 - يىلى ۋاپات بولغان) يازغان مەشھۇر ئەسەر. بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن پۈتكۈل ئىسلامىيەت ئەدەبىياتىدا تېز داڭق چىقارغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىدىن كۆپىنچىسى بۇ ئەسەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. بەزى ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز ئۇنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىساردا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق ئەدىب موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس بۇ ئەسەرنى نەزمىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ، «گۈلزارى بىنىش» داستانىنى ياراتقان. موللا سابىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئەينى دەۋردە خەلقىمىز ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. «باھار دانىش» نىڭ خىلمۇ خىل نەسرىي تەرجىملىرىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە خېلى كەڭ تارقىلىپ، مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان ھېكايەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىق بولۇش، كۈندىلىك تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن، ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوقۇغان كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە مەڭگۈ ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان ھېكمەتلەر، چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە پەلسەپىۋى مەزمۇنلار بار. بۇ بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى بايلىقىمىزدۇر.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا، ئۇنىڭدا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بەزى

www.uyghurkitap.com



خۇراپىي، بىر تەرەپلىمە، ناتوغرا ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ فېئوداللىق ئەدەب - ئەخلاق رامكىلىرى ۋە ئەقىدە مىزانلىرىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان تەڭسىز مۇئامىلىسى بۇ ئەسەردە بىرقەدەر ئېنىق ئەكس ئەتكەن. ئەسەرنىڭ بۇنداق تەرەپلىرىگە چوقۇم تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«باھار دانىش» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسىنى ئىشلەشتە، ئۇنىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچى قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. «باھار دانىش» نىڭ بۇ نۇسخىسى ئەسلىدىكى پارسچە نەزمىي نۇسخا ئاساسىدا چاغاتاي تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان. تالانتلىق ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەد قاسىم بىننى نەزىر مۇھەممەد بۇخارى بۇ ئەسەرنى ئىشلەشتە ئەسلى نۇسخىنى ئاساس قىلغان ھالدا، يەنە باشقا قىزىقارلىق ھېكايەتلەرنىمۇ قوشۇپ يۇغۇرۇپ، ئىجادىي يوسۇندا تەييارلاپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. ئەسەرنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي سەنئىتىدىن بۇ نۇسخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارىنىڭ قەلىمى پىشقان، ئىستېداتلىق ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

چەكسىز ماختاش ۋە ھېسابسىز مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرىگە لايىق ۋە تېگىشلىكتۇر. ئۇ پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ كامىل ۋە ھەممە شەيئىلەرگە ھۆكۈمران بولغان ئىلاھىي كارامىتى بىلەن ئاپىرىدە قىلدى. ئالەم ئىشلىرى نىزامى ۋە ئادەم پەرزەنتلىرى ئىنتىزامىنى ئادالەت قائىدىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا تۈزۈپ بەرپا قىلدى. ئۆزىنىڭ ئادىللىقى بىلەن پەلەكنىڭ شەكىل - سىياقىنى بەرپا قىلدى. «ئورۇن باسار (خەلىپە) يارىتىش»① تەقەززاسى بىلەن خۇسرەۋدەك نامدارلار ۋە ئىقتىدارلىق بەختىيارلارنى خىلاپەت ۋە شاھلىق تەختىدە ئورۇنلاشتۇردى. سائادەتمەن ۋە شەۋكەتلىك ئەمەلدارلارنى «مەن يەر يۈزىدىكى جامائەت ئارىسىدا ئىزباسار يارىتىمەن»② دېگەن سۆزى بويىچە تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىتىلىرىگە «ئۇنى بىز يۇقىرى كۆتۈردۇق»③ دېگەن مەرتىۋىنى بەخش ئەتتى. ئۇلۇغلۇق ۋە ئىستىقبال نىشانلىرى بولغان دۆلەت بەلگىلىرىنى «ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر»④ دېگەن

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 151 - بەت، سۈرە ئەنئام 166 - ئايەت؛ 210 - بەت، سۈرە يۇنۇس 14 - ئايەت؛ 218 - بەت، سۈرە يۇنۇس 77 - ئايەتلەرگە قاراڭ.

② «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 7 - بەت، سۈرە بەقەرە 30 - ئايەتكە قاراڭ.

③ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 310 - بەت، سۈرە مەريەم 57 - ئايەتكە قاراڭ.

④ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 109 - بەت، سۈرە مائىدە 8 - ئايەتكە قاراڭ.

ئايەت بىلەن زىننەتلىندى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى، ئەنبىيالارنىڭ تۈگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جان دىماغلىرىنى خۇش بۇي قىلغۇچى پاكلىق باغلىرىدىن ئەسكەن بۈيۈكلۈك خۇش پۇراقلىرى ۋە روھ ئەرۋاھلىرىنى مۇنەۋۋەر قىلغۇچى دوستلۇق بولاقلىرىدىن چىققان دۇئا ۋە سالام كەۋسەرلىرى نىسار بولسۇن. ئۇ (تەڭرىنىڭ) «ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئاسمانلارمۇ بولمىغان بولاتتى» دېگەن تەرىپىگە ئېرىشكۈچىدۇر. ئۇنىڭ ئەلچىلىك زىننىتى «(ئاللا) ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۇۋەتتى»① دېگەن ئايەت بىلەن بېزەلگەن. ئۇنىڭ ئەزىزلىك پەرمانى «ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر ئاللانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللامۇ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ»② دېگەن ئايەت بىلەن قەدىرلىكتۇر.

يەنە ئالەم يولباشچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى «ئۇلار شۇنداق مۆمىنلەردۇركى»③ دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى «يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان»④ بۈيۈك دەرەخنىڭ شاخلىرىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا سالام ئۇۋەتكەي)نىڭ مەدھىيەسىدىن كېيىن، ئاق كۆڭۈل، ھوشيار، پاك ۋە دانىشمەن كىشىلەرنىڭ پاك زېھنىلىرىگە ئايان بولسۇنكى، بۇ يېزىلغان قۇرلار ۋە تىزىلغان ھەرپلەرنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

تاج ۋە سەلتەنەتنىڭ بېزىكى، جاھانگىرلىك ھېكمەتلىرى تەختىنىڭ زىننىتى، لەشكەرۇ پۇقرالارنىڭ كۆڭۈل ئارامى، تەقۋادارلىق پەرمانلىرىنىڭ بۇيرۇغۇچىسى، ئالەمگە مەشھۇر خارەزم شاھلىرىنىڭ شاھى، مەملىكەت چەۋەندازلىرىنىڭ كۆركى ھەۋەزبەي ئىناق (تەڭرى ئۇنىڭ شاھلىقىنى مەڭگۈ ئامان قىلسۇن، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن پۈتۈن دۇنيانى بەھرىمەن قىلسۇن) نىڭ ئەزىز پەرزەنتى مۇھەممەد قۇتلۇق مۇراد ئىناق پەم - پاراسەت قەسىدىسىنىڭ باش بېتى، ئىلىم - ئىرپان ۋە زېرەكلىك دەپتىرىنىڭ ئالدىنقى سەھىپىسىدۇر. ئۇ نەپىس شېئىرلارنى ئىجاد قىلغۇچى يېتۈكلۈك دېڭىزى، نەزمىلىرىدىن گۈزەل بېيىتلارنى تاراتقۇچى لەتاپەت سەلكىنىدۇر. ئۇ كامالەت دىۋانىنىڭ يارقىن مىسراسى، ئۇلۇغلۇق بوستانىنىڭ مۇبارەك سەرۋىسى، ئەقىل - ئىدراك بېغىنىڭ ۋە گۈزەللىك، پاكلىق گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ئۇچۇق، سۆزلىرى شېرىن، نۇتۇقلىرى يېقىملىقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋاقىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پەزىلەت ئىگىلىرى بىلەن

① «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 193 - بەت، سۈرە تەۋبە 33 - ئايەتكە قاراڭ.

② «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 55 بەت، سۈرە ئال ئىمران 31 - ئايەتكە قاراڭ.

③ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 343 - بەت، سۈرە مۇئمىنۇن 2، 3-، 4-، 5-، 6-، 7-، 8-، 9-، 10-، 11 - ئايەتلەرگە قاراڭ.

④ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 259 - بەت، سۈرە ئىبراھىم 24 - ئايەتكە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

بىرلىكتە نەسرى ۋە نەزمە كىتابلىرىنى مۇلاھىزە ۋە مۇتالىئە قىلىشقا سەرپ قىلاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئاجايىپ خاتىرىسىگە: «باھار دانىش» دېگەن كىتاب نەزمە شەكلىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايەتلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئاما پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ كىتاب تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنسا، چوقۇم كۆڭۈللەرنىڭ شادلىقىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەممە كىشى مەنپەئەتلىنەتتى» دېگەن خىيال كەلدى. بۇ ئۇلۇغ پەرماننى ئۇ سائادەتلىك خانىدانىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بولغان كەمىنە ناقابىل ۋە ئاجىز بىچارە، يەنى مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارىنىڭ جۈرئىتىگە بەخش ئەتتى. بۇ كىتابنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىگە پاك لىباسلار كىيدۈرۈلگەن، مەنە گۈزەللىرى سىرلىق ۋە مۇرەككەپ سۆزلەر قاتلىمى، كالام ھۆججەتلىرى شەكلى بىلەن پەردىلەنگەن ۋە يوشۇرۇلغاندى، ئۇنىڭ ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە مۇشەققەتسىز ھالدا نېسىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. نەزمە:

بىر ئاقىل كىشى ئېيتتى چىللاپ مېنى:
كى ئەي سۆز بېغىنىڭ چېۋەر باغۋىنى.
بۇ باغقا قارا، شۇنچە پاك، ياپپېشىل،
ئۇلار بارچە ھېكمەت دەرەخلىرى، بىل.
سەن ھەربىر دەرەخ مېۋىسىدىن يېگىن،
ئۇنىڭدىن نىشان بىزگە ئاندىن دېگىن.
بۇ گۈلباغدا شىرىن - شېكەر مېۋىلەر،
كۆڭۈللەرنى ھۆسنىگە مەپتۇن ئېتەر.

بۇ مىلىسىز پەرمانغا بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇڭا «بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىكتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يادىمغا ئالدىم. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقىدە چۈش ئارقىلىق بېشارەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ يارلىقنى ئورۇنداشقا كىرىشتىم. بۇ كىتاب يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كىتاب مەزمۇنىدىن ۋە باشقا ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايەتلەردىن تەركىب تاپتى. كەمىنە ئاجىز بىچارىنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇيۇم بۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئاڭلىغانلارغا قىيىن كەلمەيدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابتىن ئىشلەنگەن يىگىرمە جۇز (لىس) غا يېقىنراق نۇسخا تەييار بولغانىدى. بۇ نۇسخا پەرمانغا بىنائەن شاھنىڭ خاسىيەتلىك سۆھبىتىگە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ زات ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ كىتابنى ھەرقانداق كىشى ئوقۇسا بەھرە ئالالىغۇدەك ئۇسلۇب بىلەن تەييارلىسۇن. ئۇنىڭدا مۇجمەل سۆز - ئىبارىلەر، چىگىش ۋە مۇرەككەپ تەركىب ۋە جۈملىلەرنىڭ ئىزناسى قالمىسۇن» دېگەن ئوي - پىكرىنى ئېيتتى. مەن نائىلاج قالغان كىتابنى ئومۇم خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلگۈدەك ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ تەييارلىدىم.

ئەمدى گۈزەل ئەخلاقلىق دانىشمەنلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى، ئەگەر بۇ سەھىپىلەرنىڭ يۈزىدە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق قارىلىرى بولغان بولسا، ئۇنى ئىسلاھ قەلەمتىراشى بىلەن قىرىپ، ئەيۇ ئېتەكلىرى بىلەن ياپقاي.

## باھار دانىش داستانىنىڭ باشلىنىشى ۋە بايلىق تىلىسىملىرىنىڭ بىلىنىپ، ھېكايە پەردىسىنىڭ ئېچىلىشى

مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ھىندىستان ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇ يەر يۈزىنى ئۆز پەرمانىدا تۇتۇپ، ئادالەت شامىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، دىن ئۆيىنى نۇرلۇق قىلىپ، ئالىي ھىممەت دەرىجىسىدىن مەغرۇر ئاياغىنى كاتتىلار گۇرۇھى ئىچىگە قويغانىدى. ئەمما ئۇنىڭدا بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت ۋە كۈچ - قۇدرەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پادىشاھ ھەر ۋاقىت غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىقتا سەھەر تۇرۇپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا نالە قىلىپ ھەر قانداق جايدا تەقۋادار، زاھىد، قەلەندەر بولسا ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەملىشىپ، ئۇلاردىن پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىس بولغۇچى پەرزەنت ئاتا قىلىشقا دۇئا ئوقۇشىنى ئىلتىماس قىلاتتى.

ئاخىرى ئۇلارنىڭ دۇئايى خەيرلىرى بەرىكىتىدىن تەڭرى تائاللا پادىشاھنىڭ ئۈمىد دەرىخىنى مېۋە غۇنچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، دۆلەت ئۆيى سائادەت شامى بىلەن نۇرلىنىپ، ئاز پۇرسەتتە بىر ئوغۇل يوقلۇقتىن ئوچۇق - يورۇق ئالەمگە يۈز ئاچتى. پادىشاھ بۇ زور مۇھەببەت ۋە ئالىي ھەدىيىدىن پېشانىسىنى مىننەت تۇپرىقىغا قويۇپ، شۈكۈر سەنالارنى كۆپلەپ قىلىپ، خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، مىسكىن موھتاجلارغا ئىنئام بېرىپ، ئۇلارنى موھتاجلىقتىن كۆتۈردى. بۇ گۆھەردەك قىممەتلىك ۋە بەختلىك ئوغلىنى ياخشى پەيتتە — مەھمۇت زامانىدا جاھاندار سۇلتان دەپ ئىسىم قويدى ھەم سائادەتلىك بىدار بەخت دېگەن ئىنىكئانىنىڭ تەربىيىسىگە بەردى. ئاردىن تۆت يىل تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاھاندار سۇلتاننى كۆپلەپ كامالەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئالىي بىلىملىك دانىشمەن مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى. ئۇنىڭغا پادىشاھلىق ئەدەبلىرى، دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن سەلتەنەت ۋە جاھانگەشتىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە بىلىملىك دانا كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. ئون تۆت ياشقا كىرگەن ۋاقىتىدا ئاجايىپ ئىلىم ۋە ئۇلۇغ ھېكمەتلەرگە ماھىر بولۇپ، ياخشى ئەخلاق، گۈزەل مەنە ۋە پاساھەتكە ئىگە داڭلىق كىشىگە ئايلاندى. جاھاندار سۇلتان ئوۋ ئوۋلاشنى ھەۋەس قىلىپ، ھەر دائىم كۆپ ۋاقىتنى شىكارغا چىقىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بىر كۈنى ھەر ۋاقىتتىكى ئادىتى بويىچە، بارلىق خىزمەتچىلىرى بىلەن شامالدەك تېز يۈگۈرگۈچى گۈل رەڭ ئاتقا مىنىپ شىكارغا كېتىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت قارشىسىدىن گۈزەل بەدىنىگە تەقدىر قەلىمىنىڭ قۇدرىتى بىلەن خەت - خال ۋە نەقىشلەر چېكىلگەن بىر كېيىك پەيدا بولدى. جاھاندار سۇلتان كېيىكنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ:

— ھەر قانداق كىشى بۇ كېيىكنى تىرىك تۇتسا، بېشىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ مال - دۇنيادىن ھاجەتسىز قىلىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. بارلىق خىزمەتچىلەر بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، دۈگىلەك بو-

لۇشۇپ ئەتراپنى قورشىدى. كېيىك مۇھا-
سىر، ئىچىدە نائىلاج مولالاق ئېتىپ، بو-
راندەك ئۇچۇپ، شاھزادىنىڭ بېشى ئۈس-
تىدىن ئۆتۈپ كەتتى. جاھاندار سۇلتان
ئەندىشىگە چۈشۈپ، چاقماقتەك ئۇچقۇر
ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، كېيىكنىڭ ئى-
زىدىن قوغلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب
بولدى. كۈن تىك كۆتۈرۈلۈپ، چۈش
ۋاقتى بولدى. شاھزادىنىڭ گۈل يۈزى
ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن سولۇپ، ئاپتاپنىڭ
قىزىقلىقىدىن ماغدۇرسىزلاندى. شاھزادە
ھەر تەرەپكە قاراپ كېيىكتىن ئەسەر كۆر-
مىدى. ئامالسىز بىرنەچچە ۋاقىت مې-
ڭىپ مەنزىللەر كەچكەندىن كېيىن، گۈزەل-
لىك ۋە بۈك-باراقسانلىقتا جەننەت گۈلىس-
تانى رەشىك قىلىدىغان، سەرۋى بىلەن
شەمشاد گويا ئاشىق - مەشۇقتەك ئۆزئارا
گىرەلەشكەن، گۈل بىلەن سۇنبۇل گويا
ھەشقىپىچەكتەك چىرماشقان، كەڭ كەتكەن
يېشىللىق چىمەنزاردىن كۆك ئاسمان نالە
قىلغان، بۇلبۇل دىلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى
گۈل يىغلىشىدا ئەرغۇنۇن مۇزىكىسىنى
چالغان، قەلەندەر تەبىئەت كاككۇك نىل
رەڭ كىيىم بىلەن ھاياجاندا ئۇسسۇل باش-
لىغان گۈزەل بىر باغ ئۇچرىدى.

جاھاندار سۇلتاننىڭ ئوي خىيالى
گۈلىستان تاماشاسىغا مايىل بولۇپ، ھەر
تەرەپكە سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. شۇ ئەس-
نادا كۆلنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، سەر-
ۋى دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان بىر
يىگىتنى كۆردى. ئۇ يىگىتنىڭ قامىتىدىن
چىرايلىق ۋە تىك ئۆسكەن سەرۋى خىجىل،
چىرايىدىن ئاسماندىكى قۇياش ئوڭايسىز،
كۆڭۈلنى ئالدىغۇچى سېھرىي گۈزەللىكى
چىمەندىكى بۇلبۇللار پىتىنىسىگە دۇچار،
چىرايىدىكى سۇنبۇل خېتى بولسا باغ-
گۈلشەن يىغلىشىغا رەشك قوزغىغۇچى-
ئىدى. ئۇ يىگىت ئاشىقلارچە غەزەللەرنى
ئوقۇپ نەغمىلەر چالاتتى. بۇ نەغمىچى
يىگىتنىڭ بېشى ئۈستىدە سەرۋى دەرىخى-
نىڭ شېخىدا بىر قەپەس ئېسىقلىق تۇراتتى.
قەپەس ئىچىدە بىر تۇتى يالغۇزلۇقنى خال-
غۇچى سوپىلاردەك، يېشىل بوستاندا پەردە
ئىچىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى. تۇتى
بەزىدە جاننى قىينىغۇچى نالىلەرنى ئاڭلاپ
ھەسرەتتە كۆز ياشلىرىنى گۈل چاچقاندەك
چاچاتتى، بەزىدە تەڭرىنىڭ يارىتقانلىقىغا
رەھمەت ئېيتىپ، سۆزمەنلىككە تىرىشىپ،
شېرىن سۆز ۋە ھەرخىل پاراڭلار بىلەن
دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. جاھاندار
سۇلتان بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ناھايىتى
خۇشال بولغانلىقىدىن، ئۇ يىگىتنىڭ ئالدى-
غا بېرىپ سالام قىلدى. ئۇ ياش نەغمە
چېلىپ ئولتۇرغانىكەن، سالىمىغا جاۋاب
قايتۇرمىدى. شاھزادىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ
چىرايى ئۆڭدى. تۇتى دوستىنىڭ نەغمە
بىلەن مەست بولۇپ، شاھزادىگە جاۋابەن
سالام قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال خۇش
سۆزلۈك تىلىنى ئېچىپ، ئۆزرە دېگىنىدىن
گۆھەرلەر چېچىپ سالىمىغا جاۋاب قايتۇر-
دى. شاھزادە تۇتىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز
شېرىن سۆز ۋە ھەرخىل گەپلىرىنى ئاڭلاپ،
كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇنىڭ خىيالى
سۈرەتتەك ئورنىشىپ، ئۇ شېرىن سۆزلۈك-
نىڭ مۇھەببىتى شاھزادىنىڭ كۆڭلىدە
ئورۇن ئالدى. شاھزادە بىر تال قىممەت
باھالىق قىزىل ياقۇتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ
نەغمىچى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تۇتىنى
بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ يىگىت تۇتى-
دىن ئايرىلىشقا تاقەت قىلالمايتتى. شۇڭا

شاھزادىنىڭ تەلىپىنى رەد قىلدى. شاھ-
زادە دەرغەزەپ بولۇپ، ئەسلى نەسەبىنى
بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يىگىتكە:
— ئەي نادان يىگىت، بۇ قىزىل
ياقۇت بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭدۇر،
بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ بىر ئۇۋۇچ
پەيىنىڭ مۇھەببىتىدىن كەچكىن، بولمىسا،
چوڭقۇر ئازاب ۋە خارلىق ئىچىدە ئۆزۈڭگە
يۈز مۇشەققەت تېپىۋالىسەن،—دېدى.
يىگىت بۇ سۆزنى تەھلىل قىلىپ،
ئەگەر تۇتىنى بەرمىسە پىتنە - پاساتقا گى-
رىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن
نائىلاج دىلىنى يۈز پارە خاراب، جىگى-
رىنى كاۋاپ قىلىپ، ئۇ شەپقەتچى مېھرى-
بان دوستى — تۇتىنى شاھزادىگە بەردى.
شاھزادە بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولۇپ،
ناھايىتى زور شادىمانلىق بىلەن ئۆز ھەرە-
مىگە قايتىپ، كېچە - كۈندۈز تۇتى بىلەن
ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇردى. تۇتى دىلى-
نى ئۆزىگە تارتقۇچى ھېكايە ۋە ئەپسانىلەر
بىلەن شاھزادىنىڭ دىلىنى ئۆزىگە مەھلىيا
قىلىپ، مېھرىبانلىقى بىلەن كۆپ ئەتىۋار-
لىق بولۇپ قالدى.
بىر كۈنى جاھاندار سۇلتان ئالتۇن
قەسرىدە بىر ئاي سۈپەت، قۇياش يۈزلۈك
پەرى تىمسال ئىسمىلىك بىر نازىنىن كېنى-
زەك بىلەن مۇھەببەت شارابىنىڭ جامىنى
ئايلاندۇرۇپ، مەستلىكتە سەرخۇش بولۇپ
مەي ئىچىپ خۇشال ئولتۇراتتى. پەرى
تىمسال ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ، تەڭداش-
سىز نۇرلۇق ھۆسن جامالىنى خىيال ئەي-
نىكىدە كۆرۈپ، يوقسەك گۈزەللىكنىڭ ئۆ-
زىدە مۇجەسسەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
بۇ گۈزەللىككە مەغرۇرلىنىپ، ئوچۇق ۋە ئىخ-
تىيارسىز ھالدا شاھزادىگە:

— ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك يېگانە
دەۋران شاھزادە، گەرچە بۇ قائىدە - يوسۇن-
دىن ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، مەن ئەدەب-
سىزلىك بىلەن شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى،
سەن مۇشۇ دەقىقىدە ئالىي شاھلىق ۋە
خۇسرەۋىنىڭ شان - شەرىپىنى بۈيۈك ئىشىك
ئۈستىدە قويۇپ، ئەقىل ئىنسابىنى قولۇڭدىن
بەرمەي راستلىق بىلەن ئېيتقىن. تەڭرى
ئىنسانلار ئۆرۈقىدىن قايسى گۈزەلنى مېنىڭ
ھۆسن - جامالىمغا تەڭداش قىلىپ قەلەم
سەنئىتى بىلەن ئىجاد ۋەرەقلىرىگە نەقىش
قىلغاندۇر؟ — دەپ سورىدى.
تېخى شاھزادە جاۋاب بەرمەستىن
بۇرۇن تۇتى شۈكرىلەر ئېيتىپ، ئىختىيار-
سىز تەبەسسۇم قىلدى. پەرى تىمسال غۇن-
چىدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ ھىلال ئايدەك
ماڭلىيىنى روشەن قىلىپ ئىنتايىن شوخ-
لۇق بىلەن، شاھزادىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ
تۇرۇپ:
— ئەي ئالەم پادىشاھى، بۇ ئولتۇ-
رۇشتا بۇ قۇشنىڭ تەبەسسۇم قىلىشىغا سە-
ۋەب نېمىدۇر؟ ئەگەر بۇ سىرنىڭ ھەقىقىتى
ئاشكارا بولمىسا ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن،—
دېدى.
شاھزادە تۇتىدىن كۆپ سورىدى،
تۇتى سۈكۈت قىلىپ پەقەت جاۋاب بەر-
مىدى. ئاخىرى قايتا - قايتىلاپ سوراۋەر-
گەنلىكتىن، تۇتى:
— ئەي مەلىكە، بۇ سىرنىڭ ئاشكا-
رىلىنىشى ۋە ئىزھار قىلىنىشى ساڭا ئاز-
راقمۇ پايدىلىق ئەمەس. ياخشىسى بۇ بى-
ھۇدە ئويۇنى تاشلاپ، بۇ بۇزۇق خىياللار-
نى بېشىڭدىن چىقارغىن. چۈنكى بىر خىل
ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى جاھىللىق ۋە نادان-
لىق بىلەن بىھوشدۇر. گەرچە ئارزۇسى

www.uyghurkitap.com



يۇقىرى بولسىمۇ، ئۆز ئارزۇسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى سىنىڭمۇ بۇ پەقەت ئارزۇيۇڭدىنلا ئىبارەت، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىققەت خىيالى يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. تۇتى نائىلاج بولۇپ بۇ جىجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ئەي شاھزادە، مېنىڭ تەبەسسۇم قىلىشىم، پەرى گۈزەل ھۆسن جامالىدا ئۆزىنى ئالەم ئەھلىدىن خۇددى تىك ئۆسىدىغان سەرۋى دەرىخىدەك ئايرىم تۇتقان سەۋەبتىندۇر. ئەمما ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ دۇنيادا كۆپ خىللىقىنى، پەقەت بىر خىل يارىتىلمىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ پەلەكنىڭ ئاستىدا نەچچە گۈلشەن، ھەر گۈلشەندە يۈزمىڭ گۈل، ھەر گۈلدە ھەر رەڭلىك ئېسىل بەرگىلەر مەۋجۇدتۇر. ئەمما شۇ ئەتراپتا بىر مەملىكەت باركى، ئۇنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە كەڭلىكىگە كۆز يەتمەيدۇ. ئۇ دۆلەت پادىشاھىنىڭ بەھرەۋەر بانۇ ئىسىملىك بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن قۇياش خىجىل، گۈل ئۇنىڭ گۈزەل جامالىدىن غۇنچىلىرىنى چاك ئۇرۇپ، نەغز گۈللىرى ئۇنىڭ تاماشاسى ئۈچۈن باش ۋە ئايىغىنى كۆز قىلغاندۇر. ناۋادا پەرى تىمسال ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ قالسا قۇياش يېنىدىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش ۋۇجۇدى كۆرۈنمەي قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

پەرى تىمسال بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خىجالەت تەرلىرى پېشانىسىدىن ئاقتى. جاھاندار سۇلتان بەھرەۋەر بانۇغا غايىبانە مەھلىيا بولۇپ قالدى، شاھزادىنىڭ بويىنى ئۇ گۈزەلنىڭ تولغىماچ چاچلىرىغا مەھكەم باغلىنىپ، ۋىسال ئارزۇسىدا بولدى.

ئەلقىسسە، جاھاندار سۇلتان تۇتىنىڭ تىلىدىن بەھرەۋەر بانۇنىڭ جامال تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئىشتىياقمەنلىكتىن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى كورىغا سالغان سىمابتەك بىئارام بولدى. ئىلاجىسىز خىزمەتچىلىرىدىن بىنەزەر ئىسىملىك نەققاش يىگىتنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. شاھزادە نەققاش يىگىتنى سودىگەر لىباسلىرى بىلەن ياساندۇرۇپ، تىجارەتچىلەرگە لازىم بولىدىغان ھەر خىل مۇناسىپ مال ۋە سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— سەن سودىگەر قىياپىتىدە بولۇپ، بەھرەۋەر بانۇنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ، باھانە ۋە ھىيلە بىلەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ، سۈرىتىنى بىر يىپەك رەختكە چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى شاھزادە.

بىنەزەر بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ساداقەت ۋە ئىخلاس بىلەن جۈرئەت ئېتىكىنى بېلىگە قىسىپ، ھىممەت قەدىمىنى مەقسەت يولىغا قويۇپ، سەپەر يۈكىنى تېڭىپ، تاڭ شامىلىدىكى ھوما قۇشىغا ئوخشاش تېزلىكتە كۆپ مۇساپىلەر باستى. كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتقاندىن كېيىن، بەھرەۋەر بانۇنىڭ مىنۇسەۋار دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل جەننەتكە ئوخشاش دىيارىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا بىر باغ بار بولۇپ، بەھرەۋەر بانۇ دائىم بۇ باغقا كېلىپ باغ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، بىرەر سائەت تۇرۇپ قايتاتتى. بىنەزەر بۇ باغقا كىرىپ، يۈكلەرنى چۈشۈرگۈزۈپ، كۆلنىڭ ئەتراپىدا چېدىر بارگاھ بەرپا قىلىپ، بارلىق خىزمەتچىلىرىنى ياساندۇرۇپ، تەققەززالىق بىلەن ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. باغۋەنلەر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، بىنەزەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي خوجا، بۇ ھەرقانداق يات كىشىلەرنىڭ ئۆزى خالاپ پاناھلىنىدىغان جايى ئەمەس. بۇ بولسا مەلىكە بەھرەۋەر بانۇنىڭ باغچىسىدۇر. ئەگەر مەلىكە بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولسا قاباھەتلىك ئىش بولىدۇ، — دېدى.

بىنەزەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىتاقەت بولۇپ، دەرھال ھەربىرى بىر مەملىكەت خىراجىتىگە تەڭ كېلىدىغان بىرنەچچە گۆھەرنى ۋە ھېچقانداق پادىشاھ خەزىنىسىدە تېپىلمايدىغان نەپىس توقۇلما ماللاردىن سوۋغا-سالام تەييار قىلىپ، پادىشاھ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولۇپ سوۋغا-سالاملارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ بۇ قىممەت باھالىق توقۇلما ماللار تاماشاسىدىن ھۇزۇرلىنىپ، بۈيۈك شەپقەت ۋە خۇش مەرھەمەتلەر بىلەن:

— سىز قايسى ئاۋات دۆلەتتىن كەلدىڭىز، ھېچقانداق ۋاقىتتا ھېچبىر سودىگەر ۋە تىجارەتچى بۇ خىل غارايىب نەپىس ماللارنى دەرگاھىمىزغا كەلتۈرمىگەنىدى، بۇ نەپىس توقۇلمىلار قايسى مەمۇر دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتىدۇر، — دەپ سورىدى. بىنەزەر دۇئايى دۆلەتتىن توختاپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاۋاتلىقى، پادىشاھىنىڭ ئىنساپ ئادالەتلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىر قۇر بايان قىلدى. پادىشاھ كۆپ ئاپىرىن ئوقۇدى. بىر سائەتتىن كېيىن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز تۇرار جايىغا يېنىپ كەلدى.

بىنەزەرنىڭ داڭقى بارلىق شەھەر خەلقىگە ئاڭلىنىپ، شۆھرىتى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلدى. بەھرەۋەر بانۇنىڭ يېقىنلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ھەققىي ئەھۋالنى مەلىكىگە بىلدۈردى. مەلىكە بۇ ئىشتىن خۇرسەن بولۇپ، بىنەزەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرىشنى بۇيرۇدى. ئوردا خىزمەتچىلىرى بىنەزەرنىڭ يېنىغا كېلىپ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىنەزەر ئىنتايىن پۇختىلىق بىلەن يولنىڭ رەنج مۇشەققىتىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارغا مۇنداق ئىلتىماس قىلدى:

— بۇ غېرىبنىڭ ھۇزۇرىدا تەييار تۇرغان بۇ ماتالار ئەڭ ئېسىل دۆلەت خەزىنىسىگە يارايدىغان ماللاردۇر. ئەمما بۇ تۈرلەردىن قايسى خىلىنى كۆڭلۈڭلار خالايدىغانلىقى كەمىنىگە مەلۇم ئەمەس. بارلىق ماللارنى تۇرار جايىڭلارغا ئاپارماق ناھايىتى قىيىن. مەن مەلىكىدىن شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، ئەگەر مەلىكە دەۋران مېھرىبانلىق قىلىپ، بەخت دۆلىتى بىلەن سائادەت سايىسىنى بۇ ھەرەم بېغىغا رەشك سالىدىغان گۈزەل باغقا سېلىپ، بۇ نەپىس ئاسمان ۋە پاكىز يەر-زېمىنغا ئوخشايدىغان ماتا ۋە غارايىپ توقۇلمىلارنى كۆزدىن كەچۈرسە، بۇ توپىدەك غېرىبنىڭ ئىززەت-ئېتىبارى ئۈچ پەلەككە ئۇلاشاتتى، يەنە بۇيرۇلغان بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان تەرەپ بولسا، ھەر ھادىسە يۈز بەرسە بويىنۇمغا ئالىمەن، — دەپ مەلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ئۆزرە ئېيتتى.

ئەلقىسسە، ساراي خىزمەتچىلىرى كېلىپ بىنەزەرنىڭ سۆزىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكىنىڭ مەرھەمەت دېڭىزى مەۋج ئۇرۇپ، بىنەزەرنىڭ ئىلتىماسىنى توغرا تاپتى. تاڭ سەھەر دەۋران مەلىكىسى ئالتۇن مەپىدە ئولتۇرۇپ، ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەرنى ئەتراپىغا جەم قىلىپ، باغ سەيلىسىگە يۈزلەندى. قەسىرگە زىب-زىننەت بېرىدىپ، ئالتۇن تەختتە

www.uyghurkitap.com



ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرىغا تور پەردە تارتىشنى بۇيرۇدى. مەلىكە:

— بىنەزەر بارلىق ماتا ۋە توقۇلمىلارنى ھازىر قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىنەزەر بۇ خۇش خەۋەردىن خۇش ۋاقىت بولۇپ بارلىق ماللارنى مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە ھازىر قىلدى. مەلىكە پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ كېنىزەكلەرگە ماتالارنى بىنەزەرنىڭ قولىدىن ئېلىپ پەردە ئىچىگە ئەكىرىپ كۆرسىتىشنى بۇيرۇدى. مەلىكە بۇ ماللارنىڭ تاماشىسىدىن شۇ دەرىجىدە زوقلاندىكى، سۆزلىرى قەلبىگە سىغمىغانىدى. ئۇ سائەت - سائەتلەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى. بارلىق ماللارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە:

— بۇ ماتالاردىن باشقا مال بولسا تەييار قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. كېنىزەكلەر:

— يەنە بىر ساندۇقچىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرىدۇ، ئېھتىمال ياقۇت ۋە جەۋاھىر سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىرنەچچە قېتىم سورىدۇق، زادىلا كۆرسىتىشكە ئۇنىمىدى. بۇ قۇلۇپلاقلىق ساندۇق ئىچىدە نېمە سىر بارلىقى مەلۇم ئەمەس، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەلىكە غەرايىپ مال - دۇنيامىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، ساندۇقنى ئېچىشقا بۇيرۇق قىلدى. بىرنەچچە رەت ئېچىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بىنەزەر ئەسلا رازى بولمىدى. مەلىكىنىڭ گۇمانى زىيادە بولۇپ، دىققىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بىنەزەر مەلىكىنىڭ غايەت شەۋقىنى بۇ ساندۇقنىڭ سىرى ئىگىلەپ ئالغانلىقىنى بىلدى. بىنەزەر ھىيلە ۋە تەدبىر بىلەن:

— ئەي مەلىكە دەۋران، بۇ گەرچە ماتا بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلۇق ھېس قىلىمەن. چۈنكى بۇ بىر پادىشاھنىڭ ئامانىتى بولۇپ بىئىجازەت پادىشاھ ساندۇقچىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئامانىتىگە خىيانەت قىلالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. بەھرەۋەر بانۇ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئىشتىياقى يۈز دەرىجە زىيادە بولۇپ، بىنەزەردىن ساندۇقچە ئىشىكىنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلدى. بىنەزەر:

— ئەي بانۇيى جاھان، گۇناھىڭ سەۋەبى بولغىنىش، ئاساسىي يىلتىزى دىيانەتسىزلىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن مەلىكىنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئەمەس. بىراق بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق. بىر شەرتىم بار، ئۇ بولسىمۇ ساندۇقچىنى بۇ كەمىنە ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، مەلىكە پەردىسىز تاماشا قىلسۇن، — دېدى. بۇ سەۋەبتىن مەلىكىنىڭ ئوي - خىيالى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەمما بىنەزەر ئۆزىنى قېرى سودىگەر سۈپىتىدە ياساپ ئالغانىدى. نائىلاج بىنەزەرنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال پەردىنى ئوتتۇردىن كۆتۈردى. بىنەزەر شاد - خۇرام بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ساندۇقچىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ مەلىكە ئالدىغا كەلتۈردى. مەلىكە ئۇشتۇمتۇت نىقابىنى ئاپتاپقا ئوخشاش كۆتەرگەنىدى، بىنەزەنىڭ نەزەرى چۈشۈش بىلەن تەڭ، ھەيرانلىقتىن گوياكى گۈزەل تەسۋىردەك سۆز - نۇتۇقسىز ۋە ئىش - ھەرىكەتسىز بولۇپ ساندۇقچە قولىدىن يەرگە چۈشتى. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، بىنەزەردىن:

— نېمە سەۋەبتىن ئەھۋالىڭدا بۇنداق

ئۆزگىرىش بولىدۇ، — دەپ سورىدى. بىنەزەر ھوشىيارلىق بىلەن:

— ئەي ئاسماندىكى قۇياش پادىشاھى، قېرىلىقنىڭ زەئىپلىكى مىجەزىمگە تەگكەنلىكى سەۋەبلىك بەزىدە ئەھۋالىمدا بۇ خىل ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. بىنەزەر ساندۇقچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، جاھاندار سۇلتانىنىڭ سۈرىتىنى مەلىكىگە كۆرسەتتى. بەھرەۋەر بانۇ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈش بىلەن تەڭ جان - دىل بىلەن ئاشىق - بىقارار بولۇپ يۈز مۇشاققەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ ئاشنالىق ھىدى جان دىماغىغا تېگىدىغان قايسى گۈزەلدۇر؟ — دەپ سورىدى. بىنەزەر:

— بۇ سۈرەتتىكى، ھۆسن جامالىدا تەڭدىشى يوق، كۈچ قۇۋۋەت ۋە شىجائەتتە رۇستەم ئۇنىڭغا ئەسىر بولغان ئېھسان ۋە ساخاۋەتتە ھاتەمتاي نامىنى يوققا چىقارغان ھەسەلدەك شېرىن سۆزلىرى شېكەر تىللىق تۇتىنى دامىغا چۈشۈرگەن، چىرايلىق مېڭىشىدىن گۈزەل يۈرگۈچى قىرغاۋۇل تاغلاردا ئاۋارە يۈرگەن، قورقۇنچلۇق يىلپىزغا مىنىپ شىكارغا چىققاندا، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن يىرتقۇچ شىر تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىغا، ھۈركىگەن پىل چۈمۈلە ماكانىغا يوشۇرۇنغان، ئەقىل، پەم - پاراسەتتە ئەفلاتوندىن ئالدىدا تۇرىدىغان، شان - شەۋكەتتە ئىسكەندەر سانى دېيىلىدىغان، ھىندىستان تەختىنىڭ تەخت ۋارىسى جاھاندار سۇلتاندۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

بەھرەۋەر بانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ سۈرەتنىڭ جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇھەببەت ئۇرۇقىنى كۆڭۈل ئېتىزلىقىغا چېچىپ، دوستلۇق كۆچىتىنى خاتىر چىمەنىدە كۆكەرتىش ئۈچۈن ھايا پەردىلىرىنى ئەسلا ئاشكارا قىلماي، يوشۇرۇن ھالدا شولىغا پەرۋانە ئىشتىياق بولۇپ، ئارام خاتىرى ئۈچۈن جاھاندار سۇلتانىنىڭ سۈرىتىنى بىنەزەردىن تەلەپ قىلدى. بىنەزەر:

— ئەي گۈزەل مەلىكە، قەدىمىڭگە بارلىق مال ۋە جېنىم پىدا بولسۇن، مەن بۇرۇنلا «بۇ سۈرەت ئامانەتتۇر، خىيانەت قىلالمايمەن» دەپ ئەرز قىلغانىدىم، — دېدى. مەلىكە:

— مەن سۆزۈڭگە قوشۇلالمايمەن، چۈنكى بىر پارچە يىپەككە چۈشۈرۈلگەن سۈرەت پادىشاھنىڭ ئامانىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دېدى. بىنەزەر:

— ئەي مەلىكە دەۋران، ئەگەر بۇ بىر پارچە يىپەكلا دەپ ئۇنىڭ قىممىتىگە قارىمىسىڭىز بۇ تولىمۇ يېنىكلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىنى تەقەززالىقتا، تەمەننادا قالدۇرۇپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاتقان بىر گۈزەلنىڭ سۈرىتىدۇر. پۈتۈن ئالەمنىڭ يىپەكلىرى بۇ سۈرەتنىڭ ئالدىدا ھېچ قەدىر - قىممىتى يوقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. مەلىكە بىنەزەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بىنەزەر:

— ئەي مەلىكە جاھان، بېنگال دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىدا تولۇن ئايدەك جامالى ئالدىدا جاھاننى يورۇتۇپ تۇرىدىغان قۇياش ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان، ھۆسن جامالىنىڭ داڭقى پۈتۈن شەھەرلەرگە مەشھۇر ۋە داڭلىق بولغان

www.uyghurkitap.com



بىر نازىنىن قىز بار بولۇپ، ئۇ قىز جاھاندار سۇلتاننىڭ مەدھىيە سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ، توي قىلىپ كۆڭلىنى شەمشادقا باغلىغاق ئارزۇسىدا بولۇپتۇ. مەن تىجارەت بىلەن بېنگال دىيارىغا بارغىنىدىم، مەلىكە:

— ئەگەر ماڭا جاھاندا سۇلتاننىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلسەڭ، مال - دۇنيادىن ھاجەتسىز قىلىمەن، — دەپ ۋەدىلەر قىلغانىدى. ئەمدى نەچچە ھىيلە ۋە تەدبىر بىلەن بۇ گۆھەردەك مەقسەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كېتىپ بارىمەن. سان - ساناقسىز قىممەت باھالىق بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ بايلىق بىلەن قالغان ئۆمرۈمنى كەمبەغەل ۋە تەشنالىقتىن خالى ئۆتكۈزۈش ئۈمىدىدە بولۇۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. بەھرەۋەر بانۇ بۇ سۈرەتكە جان - دىل بىلەن تەشنا بولۇپ ئۇنىڭغا باغلانغانىدى. بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆزىگە مەسلىھەت قىلىپ «بۇ يىگىتنىڭ غايىبىتىن كەلگەن ئىشىق ئوتى كۆڭلۈمگە تېگىپتۇ، ئۇنىڭ ۋىسالى مۇيەسسەر بولمىسا، كۆڭلۈم پەرىشانلىقتا قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، بۇ تەرىقىدە بەخت - سائادەتنى رەقىبنىڭ دامىغا قويۇپ، ئۆزۈمنى زەنجىر بىلەن كىشەنلەپ جەۋرى - جاپا سېلىشىم رەسىم قائىدىدىن يىراقتۇر، ئەڭ ياخشى ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بۇكى، تىلسىمنىڭ ئاچقۇچى دۆلەت - سائادەت، باشلىنىشى بولسا دۆلەت ھوسۇلىدۇر. يەنى بۇ سۈرەتنى ساقلاپ تەگرى تائالانىڭ چەكسىز مەرھەمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ بىر مەزگىل كۈتۈشۈم كېرەك، غايىبلار پەردىسىدىن شاھىتلار مەيدانغا ئۆتكۈچە نەچچىلىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ:

— ئەي سودىگەر يىگىت، سەن دۇنيا تىلەپسەن، ھەركىمدىن ئالساڭ مۇرادىڭ ئوخشاشلا ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۈرەتنى ماڭا بېرىپ، قانچىلىك ئالتۇنغا ئېھتىياجلىق بولساڭ خالىغانچە ئېلىپ، ئۆز ۋەتىنىڭگە مۇشەققەتسىز بېرىۋالغىن. ھەممە ئالەم ئەھلىگە ئېنىقكى، ئالەم ھادىسىلىرى ھەر ۋاقىتتا يۈزمىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەگەر سەن ھەددىدىن زىيادە دۇنيا تەلەپ قىلىپ، يامان ھېرىسلىك بولمىغۇر كەيپىياتتا بولۇپ بايلىقنىڭ نەپسى سەۋداسىغا بېرىلىپ، ئۇزاق يول كېزىپ، كېچە - كۈندۈز سەرگەردانلىقتا ئىككىلىنىپ يۈرسەڭ، ھەممىدىن مەھرۇم بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئادەم ئۆز مەنزىل ۋە مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ئەھۋال تەقدىرى ھەمىشە بىر تەرىقىدە بولمايدۇ. كەم ھىممەتلىك قىلىپ، قانچە ئۈمىد تەمەدە يۈرسەڭمۇ ھېچنېمە ھاسىل بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ بارلىق سەۋەبى كەم ئەقىللىقتىن ۋە ئۆز ئېسىنى يوقاتقانلىقتىندۇر. شۇ سەۋەبتىن بايلىقنى قولۇڭدىن بېرىپ، نەپسىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يۈرۈۋاتىسەن، بۇ ھال ئەقىل ئەھلىنىڭ ئالدىدا دانالىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەستۇر. سېنىڭ بۇ سودىدىن باش تارتماي قىممەتلىك بايلىقلارنى قولدىن چىقارمىغىنىڭ پايدا نەپكە ئېرىشكەنلىكىڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن سەن بىر مەملىكەت خىراجىتىگە يېتىدىغان خىراجەتكە ئىگە بولىسەن، — دېدى. بىنەزەر ئىشلەتكەن سېھرىنىڭ مەلىكىنى ئەسىر قىلغانلىقىنى بىلدى. بىنەزەر ئالدىدا

كۆپ ۋەزلەر ئىپتىقان بولۇپ ئاخىرى پىكىر مەسلىھەتتىن يۇمشاپ، مەلىكىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ھېسابسىز بايلىقىنى ئېلىپ سۈرەتنى مەلىكىگە بەردى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا، مەلىكە نىقابسىز ئولتۇرغانىدى، بىنەزەر ئەقىل - پاراسەت بىلەن مەلىكە سۈرىتىنى بېشىدىن ئاياغىچە خىيال ئەينىكىدە كۆڭۈل راۋاقىغا چۈشۈرۈپ، ئۆز مەنزىلىگە يانماقچى بولۇپ، مەلىكىنىڭ دىن رۇخسەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. بىنەزەر دەرھال مۆجىزە ياراتقۇچى دوستى قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى بىر پارچە يىپەككە قىلچە نۇقسان قالدۇرماستىن سىزىپ چىقتى. بىنەزەر كۆپ تەدبىر بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى، بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ۋايىغا يەتكۈزدى، بەھرەۋەر بانۇدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز دىيارىغا ئالدىراپ يولغا چىقتى. كۆپ مەنزىللەرنى يۈرۈپ، ياخشى ۋاقىتتا جاھاندار سۇلتانىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى.

**بىنەزەر بەھرەۋەر بانۇنىڭ سۈرىتىنى شاھزادىگە ئېلىپ كەلگەنلىكى، شاھزادە ئۇ سۈرەتكە مەھلىيا ۋە شەيدا بولۇپ، ئاشىق بىقارار بولغانلىقى ھەمدە يەتتە ۋەزىرنىڭ ھەرقايسى شاھزادىگە خىتۇنلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا ھېكايىلار ئېيتقانلىقى، بۇنىڭ شاھزادىگە پايدا بەرمىگەنلىكى**

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

بىنەزەر جاھاندار سۇلتانىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ دۇئايى - سالاملارنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەھرەۋەر بانۇنىڭ ئىشق قوزغىغۇچى گۈزەل سۈرىتىنى بەردى. جاھاندار ئۇنى كۆرگەن ھامان مەجنۇندەك سەھرا ۋە ۋادىلارغا چىقىپ بەھرەۋەر بانۇنىڭ ۋىسال ئارزۇسىدا شارابقا بېرىلىپ، تەختتىن بىھوش بولۇپ يىقىلىپ، گۈلدەك يۈزى سارغايدى. خىزمەتچىلەر شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، يۈزلىرىگە گۇلاپ چاچتى، تەجرىبىلىك ئۇستا تېۋىپلارنى يىغىپ، كۆپ داۋالاپ كۆردى. ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى.

بىنەزەر ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق كىشىلەرنى شاھزادە قېشىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى شاھزادىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، مەسلىكتىن ھوشىغا كەلتۈرۈپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدى. شاھزادە ھېچ جاۋاب بەرمەي جۇنۇن ھالقىسىنى قۇلىقىغا سېلىپ، ياخشى نام - ئاتاقتىن ئايرىلىپ رەسۋالىق كوچىسىغا قەدەم قويدى. ئاز ۋاقىتتا شەيدالىق داغقى پۈتكۈل ئالەمگە تارىلىپ، ئاخىرى خىزمەتكارلار ھەققىي ئەھۋالنى جاھاندار سۇلتانىنىڭ ئاتىسىغا بايان قىلدى. پادىشاھ كامكار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆپ سىقىلىپ، شاھزادىنى خىلۋەتكە چاقىرىپ، نەسىھەت ئىشىكىنى ئېچىپ، كۆپ توسۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، شاھزادىنىڭ پىكىر - خىيالى جۇنۇنىنىڭ ئىشقى بىلەن باغلانغانلىقىدىن پادىشاھنىڭ نەسىھىتى ئەسلا تەسىر قىلمىدى. بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جۇنۇنلۇقى بۇرۇنقىدىن زىيادە بولۇپ، قانلىق كۆز ياشلىرىنى ھەرخىل كوچىلاردا تاراملاپ ئاققۇزدى. پادىشاھ پەرزەنتىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، تاقەتسىزلىكتىن بارلىق پەم-پاراسەتلىك ۋەزىرلىرى ۋە مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلغۇچى ئەقىل ئىگىلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلدى. دانىشمەنلەر كۆپ تەدبىرلەرنى قىلىپ كۆردى، قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئىشىق ئوتى سائەت-سائەتلەپ شاھزادە ئىچىدە ئۇچقۇنلار چىقىراتتى. ئاخىرى بارلىق ۋەزىرلەر بىر ئۆيگە كېلىشىپ: «كېچە-كۈندۈز شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، خوتۇن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا ئەپسانە ۋە ئاجايىپ ھېكايىلار ئېيتەيلى، بۇ تەدبىر بىلەن ئىلاجى تېپىلىپ، شاھزادە بۇ خەتەردىن نىجات تاپسا ئەجەب ئەمەس» دېيىشتى. پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى رۇخسەت ئېلىپ شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ، ئۇنىڭ مەلىكە پىراقىدا زار-زار يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋەزىر ئەدەب-قائىدە بويىچە شاھزادە خىزمىتىدە ئولتۇرۇپ، گۈزەل سۆزلىرىنى جىلۋىلەندۈرۈشكە باشلىدى.

## بىرىنچى ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى

بىرىنچى ۋەزىر مۇنداق دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

قەدىمكى زاماندا بىر ياش بار بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە دۇنياسىنىڭ سانىقى يوق ئىدى. شىجائەت كۈچ-قۇدرەت ۋە يۈكسەك پەزىلەتتە تەڭدىشى يوق، ھۆسن جامالدا تەڭ باراۋىرى يوق ئىدى. ئۆز قەبىلىسىدىن بىر قىزنى نىكاھىغا ئالغان بولۇپ، يىگىت ئۇ قىزغا بۇ تەرىقىدە ئاشىق ۋە شەيدا ئىدىكى، ئەگەر قىز ئازلا ۋاقىت يېنىدا بولمىسا بىتاقەت بولاتتى. خوتۇنمۇ يىگىتنىڭ ئىشق زەنجىرىگە شۇنداق باغلانغان ئىدىكى، ئەگەر يىگىت تۇرمۇش مەئىشەتلىرى ئۈچۈن تىرىكچىلىككە چىقماقچى بولسا خوتۇننىڭ ھوش شارابى دىماغ جامىدىن تۆكۈلۈپ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئېقىپ، زار-زار يىغلايتتى. بارلىق شەھەر-مەھەللىلەر ۋە يىغىلىشلاردا بۇ ئىككىسىنىڭ ئەپسانىسىدىن باشقا سۆز خەلق ئاغزىدا سۆزلەنمەيتتى. ھەر يەردە ئىككى كىشى جەم بولسا بۇ ئىككى مەھبۇبنىڭ مۇھەببەت داستانىدىن باشقا سۆز ئېيتمايتتى.

بۇ يىگىت شاراپەتلىك كۈنلىرىنى كۆپ ھاللاردا شىكارغا سەرپ قىلاتتى. دائىم سەھراغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ، مەشۇقى بىلەن مۇھەببەت جامىنى ئىچىپ ئوۋ گۆشلىرىدىن كاۋاپ قىلىپ يەپ، تا سۇبھىگىچە شاھانە بەزمىلەر قۇرۇپ ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى يىگىت كۈتۈلمىگەندە شەھەر ھاكىمىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇلاردا دوستلۇق پەيدا بولۇپ، ئۆزئارا ساداقەت ۋە دوستلۇققا ئىرادە ئىستىھكاملىرىنى بەرپا قىلدى. كۆپ ۋاقىتلاردا ھاكىمنىڭ ئىنىسى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككى جان دوست بىرگە ئولتۇرۇپ شاراب جامىنى ئايلاندۇرۇپ شارابلار ئىچىپ، خۇش كەيىپ

بۇ ئۇشاتتى.

بىر كۈنى ھاكىمنىڭ ئىنىسى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئەمما يىگىت ئادەتتىكى بويىچە سەھراغا شىكارغا كەتكەنىدى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى دوستىنىڭ شىكارغا كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز مەنزىلىگە يولغا چىققانىدى، تۇيۇقسىز دوستىنىڭ مەھبۇبىغا نەزەرى چۈشۈپ، كۆزلەرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، شۇ ھامان يىگىت ئۇپۇقتىن بالقىپ چىققان ئونبەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر گۈزەلنى كۆردى. ئۇ ناپاك شەيتاننىڭ ئىغۋاسى بىلەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، تونۇش - بىلىش ۋە تۇز يېمەك يېيىشكەنلىكىنى پەشتاق ئۈستىدە قويۇپ، شەھۋەت نەپسانىيىتى يۈزىدىن ۋىسال ھەۋىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەست ئىختىيارسىز ئۆز مەنزىلىگە كېلىپ، پىكىر مۇلاھىزە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ نومۇسلۇق ئۆيىنى بىر ئەپسۇن بىلەن ۋەيران قىلىدىغان بىر بۇزۇق مەككار خوتۇننى ئىزدەپ تاپتى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى مەككار خوتۇنغا كۆپ ۋەدىلەر بىلەن ئۇ مەھبۇبىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ ئاشىقلىقىنى ئىزھار قىلىپ ۋىسالىغا يېتىشىنى ئۆتۈندى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن «بۇ بۇزۇق خىياللارنى دىماغ قەسىرىدىن چىقىرىپ، تونۇش - بىلىشلىكنىڭ يۈزىنى ساقلىسۇن، مەن ئېتىكىنى ناپاكلىق لېيىدا بۇلغايدىغان ئۇ خىلدىكى خوتۇنلاردىن ئەمەسمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇزۇق مەككار خوتۇن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ نائۈمىد بولۇپ، ھاكىمنىڭ ئىنىسى قېشىغا كېلىپ ئىشىتكەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى باشتا قايغۇرۇپ «ھەي تۇرمۇش ھىيلىگەرى، ۋىسال شارابىدىن بىر ئوتلام ئىچمىسەم ماڭا بۇ ھاياتلىق ھارامدۇر» دەپ يەنە تۈزكورلۇق يولىغا قەدەم بېسىپ چۆنتىكىدىن بىر نەچچە دىنار چىقىرىپ ھىيلىگەر ئايالغا بەردى. ھىيلىگەر ئايال تونۇش - بىلىشلىك يوسۇنىدا كۈندە بىر قېتىم يىگىتنىڭ ئۆيىدە يوق ۋاقتىدا خوتۇننىڭ يېنىغا كېلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، پاراڭلار سېلىپ، خوتۇننى خۇش قىلىپ، بۇ خۇشاللۇقتا ئاشىقىنىڭ ئەرز ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ ئەپسۇنلار ئوقۇيتتى. خوتۇنلارنىڭ تەبىئىتىدە سۇ رەڭگىچىلىك ۋاپادىن ئەسەر بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئېرىنىڭ نومۇس پەردىسىنى يىرتىپ، ئۇ ھىيلىگەر خوتۇننىڭ ھىيلىسى بىلەن تۆت كوچىنىڭ خورلۇق ئېغىزىدا رەسۋالىق ناغرىسىنى ئەۋجىگە چىقاردى. دائىم ئېرىنىڭ يوقىدا ئاشىقى بىلەن سۆھبەت بەزمىلىرىنى قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، نەچچە ۋاقىت مۇشۇ يوسۇندا ئۆتتى. قوشنىلار ئارىسىدا بۇ سىر ئاشكارا بولغان ۋاقىتتا بۇ بەختى قارا ئۆزىنىڭ پاكلىق پەردىسىنىڭ پارە بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئېرىنىڭ تىغ سىياسىتى بىلەن جېنى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بۇ بەختسىزلىك يولىدىن ناتوغرا ئىشقا ئىرادە باغلاپ، ئاشىقىغا خەۋەر بەردى. ئۇلار بىر يەردە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتنى بىرگە قىلىپ، بىر ماكانغا قېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا ۋەدە قىلىشتى.

بىر كۈنى ئىنتىزار بولغان پۇرسەت يېتىپ كېلىپ، يىگىت دائىملىق ئادىتى

بويىچە شىكارغا چىقىپ، سەھرادا بىر
كېيىك ئۇچرىتىپ ئوۋ قىلىپ يانىدى.
ئەمما ناماز ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغان
بولۇپ، ئەگەر شەھەرگە كىرسە كۈن كەچ
بولۇپ دەرۋازا تاقىلىپ قالىدىغانلىقىنى،
بۈگۈن يېتىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى
كۆردى.

بۇ يىگىتنىڭ يول ئۈستىدە قېيىن
ئاتىسىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئىلاجىسىز
ئۇ جايغا كېلىپ مېھمان بولدى. يىگىت-
نىڭ قېيىن ئاتىسى خۇشال بولۇپ ئىززەت
ۋە ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈردى. يىگىت
تائام تەييار قىلىش ئۈچۈن كېيىك
گۆشىدىن بىر پارچە ئېلىپ قېلىپ، قال-
غىنىنى قېيىن ئانىسىغا بەردى. قېيىن
ئانىسى كۆپ تەكەللۇپلار بىلەن تائامنى
تەييارلاپ ئالدىغا قويدى. يىگىت تائامدىن
ئازراقمۇ يېمىدى. قېيىن ئانىسى بۇ ئەھ-
ۋالنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەيسىز، —
دەپ سورىدى. يىگىت:

— قىزىڭلار بىلەن مۇھەببەت دەرىجە-
سىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىكەنلىكى سىلەرگە
مەلۇم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئىناق
ئەر-خوتۇن بولغان شۇ ۋاقىتتىن تا
ھازىرغىچە ئۇنىڭسىز باشقا جايدا تائام
يېمىگەنىدىم، خۇدا خالىسا، بۇ بىر پارچە
گۆشنى ساقلاپ ئەتە مەنزىلىمگە يەتكەندىن
كېيىن مەھبۇبەم بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ
يەيمەن. مۇشۇ سەۋەبتىن سىلەر مەندىن
ئەنسىرىمەڭلار، — دەپ كۆڭۈل ئىزھار
قىلدى. بىراق تاڭ ئاتقۇچە خوتۇنىنىڭ
ئىشقىدا بىتاقەت بولۇپ ياتتى.

بۇ تەرەپتە، خوتۇن يىگىتنىڭ سەر-
گەردان بولۇپ تاشقىرىدا قالغانلىقىنى
سېزىپ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاشىقىغا
دەرھال كېلىش توغرىلىق خەۋەر يەتكۈز-
دى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئاتخانىسىدىن
ئەرەبىستان ئېتىدىن ئىككىنى ئېلىپ
چىقىپ مەشۇقىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىنتى-
زار بولۇپ تۇردى. خوتۇن ئۆلپىتىنىڭ
كەلگىنىدىن خەۋەردار بولۇپ، يېرىم
كېچىدە تۇرۇپ، ئەقلىنىڭ ناھايىتى كەم-
لىكىدىن ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئوت
قويدى. سائەتتىن كېيىن ئوت ئۇچقۇنداپ
پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ناپاك بەدبەشىرە
خوتۇن سەراسىمىگە چۈشۈپ يىگىتنىڭ
ئانىسىغا ۋە خىزمەتكارلىرىغا خەۋەر
قىلدى. بۇ بىچارىلەر بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ
يىغان چېكىپ كۆپ تىرىشىپ كۆردى،
ھېچ پايدا قىلمىدى. ئاخىرى ئىلاجىسىز
ئۆيىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى سىرتقا
ئېچىقىشقا باشلىدى. ئۇ بەدقىلىق
دىنسىز خوتۇن پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ ئاتقا مىنىپ،
ئۆلپىتى بىلەن باياۋانغا يۈز قويۇپ،
باشقا ۋىلايەتكە بېرىپ چۈشتى. بۇ جايدا
ھاكىمنىڭ ئىنىسىنىڭ بىر جان دوستى بار
بولۇپ، ئۆيىگە كىرىپ، خارلىق توپىسىنى
بېشىغا چېچىپ، بۇزۇقلۇق شارابىنى
ئۆزىگە شەرەپ بىلىپ ئولتۇردى.

بۇ تەرەپتە، ئوت كۆيۈپ، ئاخىرى
ئۇچقۇنلار ئازايدى. يىگىتنىڭ ئانىسى ۋە
چۆرىلىرى «بۇ بەختسىز ئوتتا كۆيۈپتۇ»
دەپ گۇمان قىلىشىپ، پەرياد ۋە پىغان
قىلىپ، مۇسىبەت كىيىملىرىنى كىيىپ
ماتەملىك بولۇشتى.

يەنە بىر تەرەپتە، يىگىت خوتۇنىنىڭ
ئىشتىياقىدا پۈتۈن كېچە بىتاقەت بولۇپ
ئەتىسى تۇرۇپلا ئۆيىگە كەلسە ئۆيى كۆيۈپ

كۆل بولغانلىقىنى، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان بورا-
دەرلىرى ماتەمدار تۇرغانلىقىنى كۆردى،
يىگىت بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران
بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى.
ھەممىسى پەيغان بىلەن بولغان ھادىسىلەر-
نى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. يىگىت
خوتۇنىدىن خەۋەر سورىدى. ھەممىسى:
— بىز ئۇنى ئوتنىڭ ئارىسىدا قال-
غانمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق، چۈنكى
قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدۇق، — دەپ جاۋاب
بەردى. يىگىت بۇ ۋەقەنى ئىشىتكەندىن
كېيىن ياقىسىنى چاك قىلىپ ھەسرەت
ياشلىرىنى كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇپ، كۆپ
يىغلىدى، ئاخىرى كۆپ يىغلاش پايدا
قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوتنىڭ ئارىسى-
دىن ئايالىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ
دەپنە قىلىشنى بۇيرۇدى. ئوتنىڭ ئارىسى-
نى نەچچە رەت ئاختۇرغان بولسىمۇ خو-
تۇنىنىڭ ئۇستىخانىدىن ئەسەر تاپالمىدى.
يىگىت بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ ئەندىشى-
دىن ئۆزىگە: ئىش ناھايىتى ئېنىقكى ئۇ-
نىڭدىن ھېچ نىشانە يوق، ئەگەر ئوتقا
چۈشۈپ كۆيگەن بولسا سۆڭەكىدىن نىشانە
بولاتتى. خوتۇنلارنىڭ تەبىئىتى ناپاك ۋە
ناراستلىققا تولغانلىقى سەۋەپلىك ھىيلە-
مىكىر ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلىپ، نو-
مۇسىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، رەسۋالىق كو-
چىسىغا كىرىپ، مەسئۇلۇق پەردىسىنى يىرت-
مىغىدى» دەپ كۆڭلىنى چوڭ شەك ئەسىر
قىلدى. ئۇ ئۆيىگە: «جان دوستۇم ھاكىم-
نىڭ ئىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ سىرنى
ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلىپ، بۇ ئىش توغرىلىق
ئۇنىڭدىن مەدەت ۋە ياردەم سوراي» دەپ
مەسلىھەت قىلدى.
ھاكىمنىڭ ئىنىسىنىڭ تۇرار جايىغا
يېتىپ كېلىپ، ئۇنى سورىغاندا، ئۇنىڭ
ئاخشام غايىب بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ
گۇنادكار بەختسىز خوتۇن ھاكىمنىڭ ئىنى-
سى بىلەن ئاشىق - مەشۇق بولۇپ مەسئۇ-
لۇق شىشىسىنى ناپاكلىق تېشىغا ئۇرۇپ، ئۆز
ماكانىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ناھايىتى
ئېنىق بولدى. كۈندەشلىكنىڭ چوڭقۇرلۇ-
قىدىن پېقىرلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئۆ-
زىنى جاھان كېزەر سۈرىتىدە ياساپ، ئو-
لۇغ يوللاردا ھۇما قوشى تەرىقىسىدە خە-
ۋەرلەرگە تەشنا بولۇپ، چۆل - جەزىرىلەردە
ئۇنىڭ يۈز - بەتلىرىنى ئىزدەپ، ھەرجاي،
ھەرشەھەردە ۋە كوچىلاردا بۇ ئىككى چۆل-
لەردە ئاداشقۇچى سەرگەردانلارنىڭ خەۋ-
رى بولۇپ قالارمىكىن دەپ يۈرەتتى. بىر
كۈنى يىگىت ئۇ ناپاك كېلىپ يوشۇرۇنغان
قەلئەنىڭ يېنىغا بېرىپ چۈشتى. بىر ھوي-
لىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ھويلى-
نىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا تونۇش ناخشا - مۇ-
زىكىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ
ھەيران بولۇپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر
قېرى خوتۇن ھويلىدىن چىقىپ كەلدى.
يىگىت ئۇ موماينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
بېرىپ:
— ھەي ئانا، پالانى خوتۇن ھويلى-
نىڭ قايسى جايىدا ئولتۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ
سورىدى. قېرى خوتۇن ساددا ئەقىلسىز-
لىقىدىن:
— ئېرى بىلەن شاراب ئىچىپ ئول-
تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. يىگىت:
— سىلى كىرىپ بىر يىگىت ئىشى-
كىڭىز ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇ «مەن ئۇنىڭ
ئېرى بولىمەن، ئەگەر بەزى زۆرۈرىيەت
تۈپەيلىدىن بۇ جايغا كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا
ھېچقانداق قىيىن - قىستاق يوق. ئەمدى

چىقىپ مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئۆز جايىغا بارسۇن، دەپ يەتكۈزۈڭ» — دېدى قېرى خوتۇن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى بىرمۇ بىر ئۇلارغا ئېيتقانىدى، بۇ قارا بەخت ئۇ سۆزلەرنى ئىشىتىش بىلەن تەڭ ئەقلى بېشىدىن ئۇچۇپ، ئايۋاننىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، گادايلارنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ ئىشىكى ئالدىدا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئېرىنى كۆردى. ئۇ ھاكىمنىڭ ئەنىسىگە خەۋەر بېرىپ:

— ھازىر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن بۇ جايدىن باشقا جايغا بېرىپ، قارشى تەرەپنىڭ نەزىرىدىن پىنھان بولۇش كېرەك. شۇنداقتا پىتنە - پاساتقا گىرىپتار بولمىغايمىز. — دېدى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى دەرھال ئۇ ناپاك بەدبەخت باشقا ئىشىكتىن چىقىرىپ، بىر شامالدەك تېز يۈرگۈچى ئاتقا مىندۈرۈپ، شجائەت ۋە چەبدەسلىكتە داڭقى دۇنياغا تارالغان ئىككى خىزمەتكارنى ھەمراھ قىلىپ باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئايۋان ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ يەنە قايتىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇزۇن ساقلىدى، ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. يىگىت «مۇبادا ھويلىنىڭ ئىككى ئىشىكى بولۇپ، ئۆزگە ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن بولسا، مېنىڭ مېھنىتىم زايا بولغاي» دەپ ئەندىشە قىلىپ تېزلا ھويلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. قارىسا بىر خوتۇن يۈزىگە نىقاب تارتىپ بىر شامالدەك تېز يۈرگۈچى ئاتقا مىنىپ، ئىككى خىزمەتچى ناھايىتى چاققان ۋە تېز ھالدا ئىككى تەرىپىدە ئۇزەڭگىنى دېۋىتىپ ئۇچقاندەك تېز كېتىپ باراتتى. يىگىت ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تېزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قان ئىچكۈچى تىغىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ئىككىسىدىن بىرىنى زەربە بىلەن يوقلۇق تۇپرىقىغا باراۋەر قىلدى. يەنە بىر دوستى بۇنى كۆرۈپ قېچىپ بېرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. يىگىت خوتۇنىنىڭ تېز يۈرگۈچى ئېتىنى تۇتۇپ كېلىپ خوتۇنى بىلەن بىر ئاتقا مىنىپ، شەھەر تەرەپكە يۈزلەندى. شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئۇ «ئەگەر بۇ ۋاقىتتا شەھەرگە كىرسەم، بارلىق خەلق بازار كوچىلىرىدا سەيلى قىلىپ يۈرىدۇ، بىزنى كۆرۈپ قالسا مالامەت ئايىغىدا يەنچىلىپ، رەسۋالىق كوچىسىدا شەرمەندە بولۇرمىز» دەپ ئۆزىدە كۆپ ئەندىشە ھېس قىلىپ بىر باغقا كىرىپ توختاپ «كېچە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يامان ئاقىۋەتنىڭ ئىشىنى تامام قىلىپ شەھەرگە كىرسەم بىرمۇ ئادەم بۇ سىردىن ئاگاھ بولماس» دەپ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا بىر سائەت راھەتلىنىپ ئارام ئالدى. بۇ يىگىت كۆپ پىيادە يۈرۈپ، يولنىڭ كۆلپەت ۋە جاپاسىدىن ھالاك بولغانىدى. يىگىت خوتۇنىغا:

— مەن بىر سائەت ئارام ئالىمەن، سەن خەۋەردار بولۇپ ئولتۇرغىن، — دەپ بېشىنى يەرگە قويۇش بىلەن جانسىز كىشىدەك ئايىغىنى سوزۇپ، شاراب ئىچكەن مەستتەك غەپلەتتە ئۇيقۇغا كەتتى. پەلەكتە قانات كېرىپ ئۇچۇۋاتقان لاچىن ھەر ئۇچىشىدا ھەر خىل يېڭى ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ (ئۆمۈر قىسمىتىمۇ ئەنە شۇنداق).

ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئاشنىسىنىڭ ئېرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىزىدىن قوغلاپ، باغنىڭ ئىشىكى-

گە كېلىپ، ئىزدىگەن يارىنىڭ بۇ جايدا
ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى
باغقا كىرىپ يىگىتنىڭ دەم ئېلىپ ياتقان-
لىقىنى، مەشۇقىنىڭ يىگىتنىڭ ئايىغىدا ئول-
تۇرغانلىقىنى كۆردى. پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، پارقىراق تىغىنى غىلىپىدىن چىقى-
رىپ دۈشمەننى يوقلۇق چۆشكىدە ياتقۇ-
زۇپ خاتىرجەم بولۇشنى قەستلىدى. قارا
كۆڭۈل خوتۇن ئۇنى مەنئىي قىلىپ:
— بۇ بەختسىزنى ئاسانلىق بىلەن
جەھەننەمگە يوللاش لايىق ئەمەس، بەلكى
ئۇنىڭغا ئازاب - ئوقۇبەت كېرەكتۇر، —
دەپ يىگىتنىڭ ئۇيقۇسىدا قول پۇتىنى
باغلاشنى بۇيرىدى. يىگىت تۇيۇقسىز كۆ-
زىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بېشىنىڭ مۇئەللەقتە
ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ
تامامەن ئىختىيارى قولىدىن كەتكەن بولۇپ،
ئۆزىنىڭ تەدبىرسىزلىكى ۋە نادانلىقىغا
ئەپرەت ۋە دەشنامىلار قىلسىمۇ ھېچ پايدا
قىلمايتتى. نائىلاج قازاغا رازى بولۇپ
تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۈستىدە چىداپ
تۇردى. خوتۇن ھاكىمنىڭ ئىنىسى بىلەن
دوستلۇق قىلىشىپ يىگىتنى ئايىغىدىن
دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزلە-
رى ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ، شارابتىن
بەخت ئىشرەتكە تولۇپ، بەزىدە سۈزۈك
شارابلارنى جاملارغا تولدۇرۇپ «مۇھەب-
بەت جامى» دەپ ھاكىمنىڭ ئىنىسىگە
بېرىپ، بەزىدە قوچىقىغا چىقىپ ھەر ۋاقىت
يۈز خىل كەرەشمە ۋە ناز قىلاتتى. خۇشال-
لىق شارابىدىن سەرخۇش بولۇپ، ئۇلاردا
شارابنىڭ شەھۋىتى مەۋج ئۇرغان ۋاقىتتا
خوتۇن ھاكىمنىڭ ئىنىسىنىڭ ئېتىكىنى
تۇتۇپ:
— ئەي ۋاپادارىم، بۇ بىر - بىرىمىز-

دىن لەززەتلىنىپ، ئارزۇ ئارمانلىرىمىزنى
قاندۇرۇپ، بۇ قارا بەختنىڭ ئالدىدا مۇدە-
ئانى پۈتتۈرۈپ چوڭقۇر ھەسرەت ۋە
مازاققا قويۇپ ئۆلۈم ئالدىدىكى سەكراتنى
ئالاھىدە كۆرسىتىپ، ئاندىن كېيىن ھەر
خىل ئازاب - ئوقۇبەت، سىياسەتلەر بىلەن
يوقلۇق ئالىمىگە ئەۋەتىپ خاتىرجەم بولۇپ،
قالغان ئۆمرىمىزنى خۇشال - خۇراملىق
بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتۇر، — دەپ
ۋەسۋەسە قىلدى. ئۇ قارا كۆڭۈل ئەقىلسىز
يەنى ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئۇ بۇزۇق پاھىشە-
نىڭ ناتوغرا يولىغا كىرىپ، ھېسسىيات
دېڭىزى مەۋج ئۇرۇپ، ئۇ بىگۇناھنىڭ
كۆز ئالدىدا ئۇ پاسىق ناپاكتىن ئارزۇ - ئار-
مانلىرىنى ھاسىل قىلدى. بۇ قەبىھ ئىش-
تىن توختىغاندىن كېيىن يەنە شارابنى
جاملارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئەيش - ئىش-
رەت خۇشاللىقى بىلەن ئولتۇردى. ئۇ
بىچارە بۇ ۋەقەلەرنى ئېنىق كۆرگەنلىكى
ئۈچۈن بالا ۋە ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولۇپ،
بىتاقەت ۋە ئاجىز بىچارىلىقىنى تەڭرى
تائالاغا بايان قىلىپ يىغلاپ نالە-زار
قىلاتتى. سائەتتىن كېيىن بۇ ئىككى تۇز-
كورغا شارابنىڭ كەيپى تەسىر قىلىپ
ئۇيقۇغا كەتتى. بىراق جامدىكى شاراب
نەرسە - كېرەكلەر ئۈستىدە قالدى.

بۇ بىچارىنىڭ بېشى مۇئەللەقتە
ئېسىلغان بولۇپ، ئىككى كور كۆڭۈللەر-
نىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەسرەت ياشلىرىنى
تۆكۈپ يىغلايتتى. بۇ ئۆزى گىرىپتار
بولغان تۇزاق مېھنەتتى بولغانلىق سەۋەبى-
دىن ئۇنىڭغا ئىنتىقامىنى ئالغۇدەك ھال
يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تەڭرى تائالانىڭ
ئەمرى بىلەن دەرەخنىڭ ئۈستىدىن قارا
يىلان پەيدا بولۇپ، يىگىتنىڭ بەدىنىگە

www.uyghurkitap.com



چىرمىشىپ ئاغزىنى ئاغزىغا توغرا قىلىپ، غەزەپ بىلەن يىگىتنىڭ يۈزىگە قارىدى. يىگىتنىڭ بارلىق ئەزاسىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ: «سۇبھانەللا (ئاللاغا رەھمەت) مېنىڭ قول - پۇتۇم ئارغامچا بىلەن باغلاقلىق دەرەخنىڭ شېخىغا بېشىم تۆۋەن ئېسىقلىق ھالدا ھەرخىل زۇلۇم ئازابلارغا گىرىپتار مەن، مۇنچە ئازاب - ئوقۇبەت ۋە تەقدىرگە قىلىنغان قەستلەردىن بىساۋاب ھەرىكەت ۋە يامان ئەمەلدىن ئېھتىيات قىلاتتىم، گۇناھكارلاردىن ئالەم ۋۇجۇدقا كېلىپ مەن مۇنچە ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتىمەن» دەپ تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا نالە قىلدى. تۇيۇقسىز بۇ يىلان يەرگە چۈشۈپ ئۇ ئىككى مەستنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئۈچ نۆۋەت ئەتراپىنى ئايلىنىپ، قەھر غەزەپ بىلەن قاراپ، ئاندىن كېيىن جامدىكى شارابنىڭ ئۈستىگە كېلىپ بىرنەچچە تامچا زەھەرنى ئاغزىدىن شارابقا تۆكۈپ يەنە يىگىتنىڭ ئايىغىغا يامىشىپ، بەدىنىگە چىرمىشىپ ئاغزىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ مۇھەببەت نەزەرى بىلەن قاراپ يەنە دەرەخكە چىقىپ كەتتى. يىگىت بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ: «بۇ شارابتا قانداق ھىكمەت كۆرۈلۈپ، تەقدىر قىسمەتلىرى قانداق يېڭى ئويۇنلارنى كۆرسىتەر» دەپ ئويلاپ كۆپ ھەيرانلىقتا قېلىپ تەڭرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىدىن نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمىدى. سائەتتىن كېيىن ھاكىمنىڭ ئىنىسى بېھوشلۇق ئۇيقۇسىدىن تۇرۇپ مەشۇقىنىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولغانلىقىنى، بېشى تەرەپتە شارابنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، جامدىكى شارابنى بىر يولىلا بىر تامچىمۇ قالدۇرماستىن ئىچىپ، يوقلۇق ئۇيقۇسىغا كەتتى.

سائەتتىن كېيىن، ئۇ بۇزۇق قارا بەخت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئاشىقىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ: «بۇ ھادىسە قاياقتىن پەيدا بولغاندۇ؟ ئەگەر بۇ يىگىتتىن گۇمان قىلاي دېسەم، ئۇ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ، بۇ جايغا ئادەم ئايىغى يەتكەندەك ئەمەس» دەپ ھەيرانلىقتا نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدى. بۇ بۇزۇق ئايالنىڭ ناپاك تەبىئىتىنى غەزەپ ئىگىلەپ پار قىراق تىغىنى قېنىدىن چىقىرىپ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ ھايات شارابىنى ۋۇجۇد جامىدىن يەرگە تۆكۈپ ئۇ بىچارىنىڭ ئىشىنى تامام قىلىشنى ئويلىدى. يىگىت بۇ ناپاكنى بۇ ھالدا كۆرۈپ شېرىن جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئىلاجسىز ئاجىز بىچارىلىق يۈزىسىدىن:

— ئەي يارۇ ۋاپادارىم، ئازراق ۋاقت تەخىر قىلىپ، مېنىڭ ئەرزى ھالىمنى ئىشىتىپ رەھىم قىلغىن. ئەگەر خاتىر شەرىپىڭگە توغرا كەلسە، مۇرادىڭ ئۆز ئىختىيارىڭچە ئۆز قولۇڭدا بولسۇن، — دەپ يالۋۇردى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن توختاپ:

— ئەي بەدبەخت — جاپا - مۇشەققەتكە سازاۋەر، قانداق سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپ رۇخسەت قىلدى. ئۇ تۇزاققا گىرىپتار بولغان يىگىت، بۇ بۇزۇق خوتۇنغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ، كۆپ جاپا ناتىۋانلىق بىلەن:

— ئەي خوتۇن، سەن يارى جانىمدىن ماڭا ئالەمچە ھادىسىلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا سەندە ئىختىيار يوق ئىدى. چۈنكى قىسمەت دىۋانىدا كاتىپ تەلىيىمنى رەسۋالىق بېزەكلىرى بىلەن بېزىگەن بولسا، قازا قەلىمى ئىرادە پۈتۈكلىرىدە مېنىڭ ئىتىمغا ئورۇلغان بول-

ساء يەنى بۇ ۋەقەلەر تەقدىر ئەزەلگە پۈتۈلگەن بولسا سېنىڭدەك ئاي يۈزلۈك پەرىدىن ئاغرىنىش ئەقىلدىن يىراقتۇر. بۇ ئىرادە، ھېچ بىرىمىزدە گۇناھ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. مەن گۇناھسىزدىن ساڭا ھېچقانداق ۋاقىتتا زەرەر-زەخمەت يەتمىگەن تۇرسا، مېنى ئۆلتۈرگىنىڭدىن قانداق ساۋاب ھاسىل بولدۇ. سېنىڭ زات شەرىپىڭگە ئازار يەتكۈزمىگەن ئۇنداق گۇناھسىز كىشىنىڭ قېنىنى تۆكمەكتىن قانداق پايدا كۆرەرسەن. كۆڭلۈڭنى بەرگەن ئۇ ئەزىزىڭ ئەگەر ئۇ يوقلۇق ئالەمگە سەپەر قىلماي، ھايات بولغان بولسىدى، بۇ تىكەندەك ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرگۈچى ئوتقا يېقىپ ئۆلتۈرگىنىڭدىن پايدا ھاسىل بولۇرمىدى. تەڭرى تائالانىڭ رىزالىقى بىلەن ئۇ ئەزىز بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن ۋىدالىشىپ مەڭگۈلۈك ئالەمدىن ئورۇن ئالدى. ئەمدى سەبرى-تاقەتنى ئادەت قىلىپ، مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئەگەر يۈز تىغ بېشىمغا كەلسە ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش مەندىن كەلمەيدۇ. ئەمدى سەن بىلەن ئەھدىلىشىمەنكى، ئەگەر سەن مېھرىبانلىق قىلىپ بۇرۇنقى مۇھەببەتنى ئەسلەپ، قېنىمدىن كېچىپ، كېتىشىمگە رۇخسەت بەرسەڭ، سېنى ئاۋۋالقىدىن ئەزىز ھەم مۆكەررەم تۇتۇپ، ساڭا ھەرگىز ئازار بەرمەيمەن. چۈنكى دۇنيادا بۇ خىلدىكى ھادىسىلەر كۆپ بولغان بولۇپ، سەن پەيدا قىلغان ئەمەسسەن. بۇ خىلدىكى ھادىسىلەر تەڭرى تائالانىڭ ھۆكمى بىلەن بولغاندۇر. سېنىڭدەك نازىنىن ھۆرسۈپەتكە ئۆچمەنلىك كەمىرىنى باغلاپ كۆڭلۈڭنى ئازابقا تولدۇرۇشۇم ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر، — دېدى يىگىت كۆپ زارلىنىپ، يالۋۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەپسۇن نالىسى خوتۇننى ئەسىر قىلىپ، دەرھال قول، ئاياغلىرىنى بىغلاقتىن يېشىپ ھالاكەتتىن نىجات تاپقۇزدى. ئۇ بۇزۇق ئايال قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن بېشىنى يىگىتنىڭ ئايىغىغا قويۇپ ئۆزرىلەر ئېيتتى.

يىگىت ئەمدى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەھدىنى ساقلاپ خوتۇننى ئۆلتۈرۈشتىن قول يىغىپ، تالاق قىلىپ قويۇپ بېرىپ، ئۆزىگە كېلىپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ شۈكرىلەر ئېيتىپ، بارلىق مال-مۈلۈك دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، خالى جايلارنى ئىختىيار قىلىپ، تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ تەقۋادار بولدى.

ۋەزىر ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ، نەسىھەت ئىشىكىنى ئېچىپ:

— ئەي شاھزادە، خوتۇنلارنىڭ يۈز بېتىگە ئالدىنىپ دەشتلەردە جۇنۇنلۇقتا ئاۋارە بولۇپ يۈرۈش ئەقىل پاراسەتتىن يىراقتۇر. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىدا ۋە بىلىم چىمەنزارلىقلىرى ئارىسىدا بۇ مەنىگە پىسەنت قىلمايدۇ. چۈنكى خوتۇنلارنىڭ گۈل رۇخسارلىق رەڭگى روھى ۋاپادىن يىراقتۇر. بۇ نۇقسانلىق گۇرۇھلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گۈزەل، ئىچكى دۇنياسى تۇراقسىزدۇر، — دەپ نەسىھەتنى تاماملاپ شاھزادىدىن قايتىشقا رۇخسەت ئالدى.

## ئىككىنچى ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى

ئىككىنچى كۈنى ئىككىنچى ۋەزىر شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ، مۇنداق ھېكايە قىلدى:

بىرنەچچە يېقىن دوستلار بىر باغدا مەرىكە ياساپ ئولتۇرۇشقانىدى. ھەر خىل نەرسە كېرەكلەر ئۇ جايدا ھازىر ئىدى. ئۇلار قىسمەت جامىنىڭ ھۇزۇرىدىن خۇش كەيىپ بولۇپ، ئۆزئارا پاراڭلىرىدىن خۇشاللىقتا چۆمۈپ گۈل - چېچەكتەك ئېچىلىپ ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز بىر ياش ئەجنەبىي باغنىڭ بىر تەرىپىدىن پەيدا بولۇپ چىقىپ، سالام بىلەن مەرىكىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى. ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان كىشىلەر بۇ يىگىتنىڭ كەلگىنىدىن سىقىلدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ سالامىغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئولتۇرۇش ئەھلىدە پەرىشانلىق قوزغىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازراقمۇ ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. يىگىت ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكى بۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدە قىسىلىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ خىجالەت بولۇپ، بىر سائەتتىن كېيىن چوڭقۇر ئويىنى بېشىدىن چىقىرىپ تىلسىم جىمجىتلىقىنى نۇتۇق بايلىقلىرىدا باشتىن كۆتۈرۈپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئاجايىپ ۋە غارايىپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن بىرقانچە ھېكايىلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ چىرايىدىكى غەشلىك يېشىلىپ، كەيپىيات گۈل - غۇنچىدەك ئېچىلدى. ئولتۇرۇش ئەھلى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇھەببىتىگە جان دىل بىلەن خېرىدارلىق قىلىپ، ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولدى.

يىگىت ھۆسن چىرايىدا كۆرۈمسىز ئىدى. مەجلىس ئەھلى يىگىتنىڭ يۈزىدە، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدە خۇددى «ئېلىپ، لام»غا ئوخشاش (الا شەكلىدە) ئىككى زەخمىنى كۆردى. بىر كىشى ئولتۇرۇش ئەھلىگە ۋەكالىتەن:

— ئەي سېخىي بۇرادەر، سېنىڭ دىلىنى ئۆزىڭگە مەھلىيا قىلغۇچى سۆزلىرىڭدىن ھەممە ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ كۆڭۈل خاتىرى تەسكىن تاپتى. ئەمما بۇ يۈزۈڭگە ئىككى زەخمەت ئىزى ئىز قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ئەگەر خاتىر شەرىپىڭگە مالاللىق بولمىسا ئولتۇرۇش ئەھلى بۇ سىرلارنىڭ ھەقىقىتىنى مەلۇم قىلىشىڭنى ئىلتىماس قىلىدۇ، — دېدى. ياش بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن:

— بۇ دەۋادىن كېچىڭلار، كۆڭلۈڭلار ئازار يېمىسۇن، بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە تېخى بىرەمۇ ئادەمگە بۇ سىرنى ئاشكارا قىلغىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئولتۇرۇش ئەھلى يەنە:

— ھەرقانداق بولسا ئەھۋال سەرگۈزەشتىڭىزدىن ئازراق بولسىمۇ بايان قىلىڭ، ئىشەنچكە سەۋەب بولسۇن، — دەپ تەقەززالىقتا قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلدى. يىگىت بۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نائىلاج سۆزگە تىلىنى ئېچىپ:

— ھەي بۇرادەرلەر، بۇ ۋەقەنى بايان قىلىش ياخشى ئەمەس، ئەمما سىلەرنىڭ يۈز خاتىرىڭلارنى قىلىپ، ئىلاج-

جىسمىزلىقتىن ئۆز مەخپىيىتىمنى بايان قى-
لىمەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

× ×

مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى جاھان-
كېزەرلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، خىلى-
ۋەت ۋە جەزىرىلەردە ئوۋ ئوۋلاپ يۈر-
گەنىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر توپ
دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن خورمىزارلىققا
بېرىپ يۈرەتتىم.

بۇ خورمىزارلىقنىڭ ئارىسىدىكى بىر
خىلۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرتۈپ ئېگىز خورما
دەرىخى بار ئىدى. خورمىسى شېرىن ۋە
لەززەتلىك، ئەمما ئېگىزلىكىدىن ھېچ كى-
شىنىڭ قولى قورما شېخىغا يېتەلمەيتتى.
مېنى ھەممىسى لايىق كۆرۈپ، مەسلىھەت
بىلەن: «ئېگىزلىكتە بۇ دەرەخنىڭ تەڭدىشى
يوقتۇر. بۇ ۋاقىتقىچە قۇشتىن باشقا ئادەم
جىنسى بۇ خورمىنىڭ مېۋىسىدىن يېگەن
ئەمەس. ئەگەر سەن ھىممەت كەمىرىنى بې-
لىڭگە باغلاپ چىقساڭ، ئېھتىمال سېنىڭ
دۆلىتىڭدە بۇ دەرەخنىڭ لەززەتلىك مېۋى-
لىرىدىن بەھىر ئېلىشىمىز مۇمكىن» دېدى.
ئۇلار ھەرقانچە دەۋەت قىلسىمۇ مەن رەت
قىلىپ ئۆزرىلەر ئېيتتىم. ئۇلار قوبۇل
قىلماي، قايتا - قايتا ئىلتىماسلار قىلدى.
ئامالسىز يەڭنى تۈرۈپ، بەلنى باغلاپ
گويا كۆز باغلىغۇچى دارۋازلاردەك دە-
رەخنىڭ شاخلىرىغا چىرمىشىپ چىقۋاتاتتىم.
بارلىق دوستلىرىم بۇنى تاماشا قىلىۋاتاتتى.
ئەڭ ئۇچىغا يەتكىنىمدە دەرەخنىڭ ئېگىز-
لىكىدىن يەر يۈزىدىكى خەلق خۇددى بىر
ياشلىق كىچىك بالىدەك كۆرۈنىدى. مەن
گۈزەل، تازا ۋە شېرىن خورمىدىن بىر-
نەچچىنى تېرىپ ئېتىكىمگە سېلىپ يەنە
بىرنەچچىنى يەرگە تاشلىدىم. دوستلىرىم
يېيىشتى. شۇ ئەسنادا شاخلارنىڭ ئارىسى-
دىن خۇددى ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان
بىر قارا يىلان پەيدا بولدى. ئۇ يىلاننىڭ
چوڭلۇقىدىن بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.
ئۇ ئىلان مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ-
نىڭ ۋەھىمىسىدىن روھىم قۇشى قەلبىم
ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىدىغانلىقى-
ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. مەن
ئۆزۈمگە «ئەگەر ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىسام
بەدەن ئەزالىرىم كۈكۈم تالقان بولۇپ،
بەدەن ئەزالىرىمدىن ئەسەر قالمايدۇ. ئە-
گەر تەخىر قىلىپ تۇرسام بۇ جاننى
قىينىغۇچى ئەجدىھا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ
بىرلا قېتىمدا جاننى ئالىدۇ. بۇ ئىككى تە-
رەپتىنلا تىرىك قۇتۇلۇش مۇشكۈلدۇر.
ھەممىدىن يامىنى خەلقنىڭ مېنى ناھايىتى
ئەخمەق ۋە نادانلىقىدىن نەپسىنىڭ ئار-
قىسىغا كىرىپ، بىرنەچچە خورمىنى دەپ
جېنىدىن ئايرىلىپتۇ، دېگەن تەنە ۋە بەد-
نامى خەلق ئارىسىدا قىيامەتكىچە يېتىپ
بارىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئاخىرى تەڭرى تا-
ئالانىڭ دەرگاھىغا نالە قىلىپ، خۇدۇمنى
يوقىتىپ قېتىپ قالدىم. يىلان سائەتتىن
كېيىن كېلىپ بويۇنۇمغا چىرمىشىپ، ئاغ-
زىنى ئاغزىمغا ئۇدۇلىمۇ ئۇدۇل قىلىپ
كۆزىنى كۆزۈمگە ئۇچراشتۇرۇپ، ھەر ۋا-
قىت تىلىنى چىقىرىپ قەستەن قىلاتتى.
پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ قور-
قۇنچتىن ئىككى قولۇم دەرەخنىڭ شېخىغا
يېپىشقانىدى.

دەرەخنىڭ ئاستىدا دوستلىرىم
ھەممىسى، بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ يىغلىشىپ-
پىغان تارتىپ، كۆپ پۇشايمانلار قىلىپ

www.uyghurkitap.com



پەرياد چېكىشەتتى. كىشىلەرنىڭ غەۋغا-
سىدىن ھەر تەرەپتىن ۋەھىمىلىك ئاۋازلار
قۇلىقىمغا ئاڭلىناتتى. بارلىق دوستلىرىم
يىغا - زارە قىلىشىپ مېنىڭ بىچارىلىكىمە-
دىن باشلىرىغا توپراقلارنى چاچاتتى. شۇ
ئەسنادا بىر كېلىشكەن بەستلىك يىگىت
بىر توقۇلمىغان ئاتقا مىنىپ، بىر يانى
ئۈچ ئوقى بىلەن قولىغا ئېلىپ، خىلۋەت
جاينىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپ قانداق
ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ھەممەي-
لەن دەرەخنىڭ ئاستىغا جەم بولۇشۇپ،
مەن تەرەپكە ئىشارەت قىلدى. بۇ يىگىت
مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— بۇ ئەجىلى توشقان يىگىتنىڭ
قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن بىرەر كىشى
بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. قېرىنداشلىرىم
دەرەخنىڭ ئاستىدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆ-
رۈپ يىغلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار:

— نېمە گېپىڭىز بار ئىدى، — دەپ
سورىدى. يىگىت:

— بۇ يىگىت ئەجەلگە قول بېرىش
ئالدىدا تۇرغانلىقى سىلەرگە مەلۇم. بۇ
جاننى قىينىغۇچى بالايىئاپەتتىن نىجات
تېپىش ئەقىلدىن يىراقتۇر. مەن قارىغۇ
كېچىدە چۈمۈلە پۇتىنى ۋە كۆكنار ئۇ-
رۇقىنى قارىغا ئېلىپ خاتا ئاتمايدىغان،
مەرگەنلىكتە تەڭدىشى يوق كىشىمەن.
ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىزلەر تەڭرىگە تە-
ۋەككۇل قىلىپ، بۇ قان ئىچكۈچى ئەج-
دىھاغا بىر ئوق ئۈزۈپ ئۇ يىگىتكە قىل-
چە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، بېشىنى
يەر بىلەن يەكسان قىلاي، لېكىن مۇبادا
بۇ يىگىتنىڭ قازاسى توشقان، بولسا ئوق بې-
رىپ يىگىتكە زەخمەت يەتكۈزەرمىكىن دەپ
ئەندىشە قىلىمەن، ئەگەر ناۋادا شۇنداق
بولۇپ قالسا سىلەر مېنى تۇتۇپ خۇن
دەۋاسى قىلىپ، بالا دامىغا گىرىپتار
قىلمىساڭلار، — دېدى. بارلىق كىشىلەر
مەسلىھەتلىشىپ «بۇ يىگىتنىڭ بۇ ھادىسە-
دىن خالاس بولۇشىغا مۇشۇنىڭدىن باشقا
ئامال يوق. ئەگەر قازاسى يەتمىگەن بولسا ئوق
نىشانغا تېگىپ نىجات تاپار. چۈنكى ئۆزىمۇ
ئەجەلنىڭ ئاغزىدىلا ئولتۇرىدۇ. بىز قوشۇ-
لىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپ خۇنىدىن
كېچىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. بۇ مەر-
گەن يىگىت ئالاھىدە مۆجىزىلىك ياسىنى
قولىغا ئېلىپ، ئوقنى ياغا بەتلەپ، تەڭ-
رى - تائالانىڭ يەككە - يېگانىلىقىنى ياد
قىلىپ ئاتتى. ئوقنىڭ ئۇچى ئۇدۇل بېرىپ،
يىلاننىڭ بوينىغا تېگىپ، بېشى ئۈزۈلۈپ
يەرگە چۈشتى. ھەممە خەلق دەرھال ئا-
پىرىن ئوقۇشۇپ ئۇلۇغلاشتى. لېكىن يى-
لاننىڭ بېشى ئوق بىلەن يەرگە چۈشكە-
نىدى، خەلق تاماشا قىلىش ئۈچۈن يۈگۈ-
رۈشۈپ كېلىپ يىلاننىڭ بېشىنى ئوقتىن
ئاجرىتىۋېلىشقا ئىنتىلدى. ئۇ مەرگەن
يىگىت ئۇلارنى توسۇپ ئۆزى بېرىپ،
ئوقني كۆتۈردى. قازارا، يىلاننىڭ بېشى
ئېتىلىپ كېلىپ ئۇ يىگىتنىڭ لېۋىدىن چىشلەپ
جان ئالغۇچى زەھىرىنى چېچىپ، پۈتۈن
ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. يىگىت شۇ
ھامانلا جېنىنى تەڭرىگە تەسلىم قىلىپ،
مەڭگۈلۈك جەننەتتىن ئورۇن ئالدى. يى-
لاننىڭ بېشى لېۋىدە چاپلىشىپ قالدى.
خەلق بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ،
يىغان نالىسى ئاسمانغا يەتتى. مەن تەڭ-
رىگە شۈكرىلەر ئېيتىپ، دەرەخنىڭ ئۈستى-
دىن چۈشۈپ دوستلىرىم بىلەن ئۆلۈكنىڭ
ئەتراپىدا جەم بولۇپ، ئەپسۇس، نادامەت
چېكىشىپ تۇردۇق. دوستلىرىم بۇ ئۆلۈكنى

بىر كىشى ئۆز ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشتى. مەن «بۇ ئىشنىڭ سەۋەبچىسى مەن دۇرمەن، بۇ خىزمەتكە مەن باراي» دېدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئۆي - ماكانى ماڭا مەلۇم ئەمەس ئىدى. بىر كىشى:

— ئەگەر سەن ئاتقا مىنىپ، ئۆلۈكنى ئالدىڭغا ئېلىپ، ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭ، ئات ئۆيىنىڭ يولىنى تېپىپ مەنزىلگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ھەممىسى بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇشۇپ، ئاخىرى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە باردىم.

يىگىتنىڭ قەۋم، قېرىنداشلىرى بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ يىغا - زارە قىلىشىپ، ئالدىمغا چىقىپ، ئۆلۈكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، كۆپ نالە - پەرياد قىلىپ، ماتەمدار بولۇشتى. مەن رەسىم - قائىدە بويىچە ئەئەنىلىسىدىكىلەرگە كۆرۈنۈش قىلىپ «دۇنيا بىۋاپادۇر، ئەجەلگە ھەرقانداق باشقا چارە تېپىلمايدۇ، ھېچ كىشىنىڭ بۇنىڭغا ئامالى يوقتۇر، پەقەت شۈكرى ۋە سەۋر قىلىشتىن باشقا پەرياد پىغان پايدا قىلمايدۇ» دەپ نەسىھەتلەر قىلدىم. ئاخىرى ئۆلۈكنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ، داغدۇغا ئابرويى بىلەن دەپنە قىلدۇق. ئۇ يىگىتنىڭ ھەممە قەۋم - قېرىنداشلىرى بىرنەچچە كۈن ماتەمدار بولۇشۇپ ئولتۇرۇشتى، ھەر تەرەپتىن دوست - بۇرادەرلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى توپ - توپ كېلىپ، ئەپسۇس ۋە نادامەت چېكىپ دۇئا - پاتىھەلەر ئوقۇپ ياناتتى.

شۇ ئەسنادا، ئاپتاپتەك يۈزى، قۇياشنىڭ رۇخسارى جىلۋىلىنىپ، ھەر ئاھىدىن ئاسمانغا ھەرخىل رەڭلەرنى چېچىپ، كۆزلىرىدىن لالىدەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە زار - زار يىغلاپ ئولتۇرغان بىر نازىنىن قىزنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆلگەن يىگىتنىڭ قىزى بولسا كېرەك دەپ پەھىم قىلدىم. مەن ئۇ قىزنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ئىشقى ئوتى دىل جانىمغا تېگىپ، چاچلىرى بويىنۇمغا سىرتماق بولۇپ، ئىشقىدا كۆيىدۇم. بىر ھەپتە مۇسىبەت تۇتۇلدى. بىراق ماڭا مۇپتىلالىق سەۋەبىدىن يەتتە كۈننى يەتتە يىل ئۆتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ماتەم كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، مۇسىبەت بىساتلىرىنى يىغىپ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن قەۋم - قېرىنداشلىرى قايتىشنى مۇراجىئەت قىلىپ ئۆيلىرىگە ياندى.

مەن ئۆي ئەھلىگە تونۇلۇپ، ھەر خىل مېۋە - چېۋە، نازۇ - نېمەت، شېرىن - شەربەت تەييار قىلىپ، يەنە بەزى تۇرمۇش مۇلازىمەتلىكلىرىنى ھازىر قىلىپ بېرىپ يۈرەتتىم. تونۇش - بىلىشلىكتىكى ئەقىدە ئىشتىھكامى چىڭ پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا قىز بىلەن مېنىڭ ئارامىدا چىن دوستلۇق پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئۆتۈندۈم، باشتا ئانىسى قوبۇل قىلمىدى. ئاخىرى بارلىق بېتىن ئۇرۇق - ئۇرغانلىرى جەم بولۇپ، قىزنىڭ ئانىسىنى قايىل قىلىپ، تويى قىلىشقا رازى بولۇشتى ۋە رەسىم - قائىدە بويىچە ئۇ گۈزەل قىزنى قىممەت باھالىق يىپەك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، تويى ئويناپ نىكاھ قىلىپ بەردى. مەن غايەت شادىمانلىقىمدىن تونۇمغا پاتمايتتىم. ئاخىرى ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر يەردە جەم بولۇپ بەخت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، ئىككىمىزدە مۇھەببەت كەيپىياتى ۋە

پىكىر بىرلىكى شۇنداق يۇقىرى دەرىجىگە يەتتىكى، ئەگەر بىر نەپەس بىر-بىرىمىزدىن جۇدا بولساق، تۇرمۇش تېتىقسىز تۇيۇلاتتى. ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ يوسۇندا ئۆمۈر ئۆتۈپ، ئۆزئارا ئايرىلماسلىققا ئەھدە قىلىشتۇق.

بىر كۈنى بازارنى سەيلە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر يەرگە قىستىلىشىپ، يىغىلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم. مەن ئۇ يىغىلىشقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ، بازارغا سالغان، باشتىن-ئاياغ ۋە بۇرجەكلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە رەسىملەر سىزىلغان گىلەمنى كۆرۈپ دەرھال باھاسىغا ئېلىپ، ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. ئېچىپ مەشۇقۇم بىلەن سۈرەتلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتىم. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز خوتۇنىنىڭ نەزەرى بىر جانۋارنىڭ سۈرىتىگە چۈشۈپ، يۈزىنى يوشۇرۇپ:

— ھەي يارۇ ۋاپادارىم، سەندە ئازراق مەردلىك ھوسۇلى يوقمۇ؟ گەرچە بۇ ئادەم جىنسىدىن بولمىسىمۇ، بۇ گىلەمنىڭ سۈرىتىنى كۆرمەك ماڭا ھارامدۇر، — دېدى.

مەن ئىككىلىنىپ، گىلەمنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ قانچە قاراپمۇ ھېچ نامەھرەمدىن ئەسەر كۆرمىدىم، ئاخىرى:

— ھەي شېرىن جانىم، يۈزۈڭنى يېپىۋالماققا نېمە سەۋەب بولدى، — دەپ سورىدىم. خوتۇن دەرھال:

— ھەي بىھىممەت، ئالدى بىلەن سەن گىلەمنى يىغ، ئاندىن كېيىن يۈزۈمنى ئېچىپ ساڭا ئېيتاي، دەپ جاۋاب بەردى. ئاخىرى گىلەمنى يىغىپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا قويدۇم. مەلىكە يۈزىنى ئېچىپ:

— ھەي ئەقىلسىز، بۇ گىلەمنىڭ سۈرەتلىرىنى تاماشا قىلىپ، ئارىسىدا بىر جانىۋارنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەركەك بولسا نامەھرەمدۇر، نامەھرەم يۈزىنى كۆرمەك قىلچە شەرمى ھايادىن ئەمەس، شۇڭا يۈزۈمگە پەردە تارتتىم، — دەپ پاكلىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتتىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىخلاس ئېتىقادىم ئاۋۋالقىدىن يۈز ھەسسە زىيادە بولدى. ئۆزۈمگە پەخىر قىلىپ «ئۇنىڭغا تەڭرى تائالا مۇشۇنچە ھۆسن جامالنى، ۋاپادارلىق ۋە پاكلىقنى بېرىپتۇ، بۇ دۆلەت ھېچ بىر كىشىگە مۇيەسسەر بولماي، تەڭرى تائالا پەزلى كەرەمى بىلەن ماڭا ئىنئام قىلىپتۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا جان دىل بىلەن جان تەسەددۇق قىلىپ، مۇشۇ يوسۇندا بىرنەچچە مۇددەتنى ئۆتكۈزدۈم.

قازارا، بىر كېچە ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، خوتۇن قوينۇمدا كۆرۈنمەيدۇ. مەن «ھاجەتكە چىقىپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ» دەپ يەنە ئۇخلاۋەردىم. ئىككىنچى كۈنى يەنە بۇ ۋەقەنى كۆردۈم. مېنىڭ ئۇنىڭ پاكلىقىغا بەكمۇ ئىشەنچىم بولغانلىقى سەۋەبلىك پەقەت كۆڭلۈمدە گۇمان پەيدا بولمىدى. يەنە ئۇخلاپ ئارام ئالدىم. ئۈچىنچى كېچە يەنە خوتۇنۇمنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆردۈم. تەئەججۈپ قىلىپ، ئۇيقۇ بېشىدىن ئۇچۇپ «بۇ قانداق ۋەقەدۇر» دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇردۇم، خوراز چىللاپ، ئەزاننىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. سائەتتىن كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى.

مەن ئۆزۈمنى ئۇخلىغانغا سالدىم. خوتۇنغا
يېقىنلاشقىنىمدا ئۇنىڭ پاكلىق ئىستىكا-
مىدا تۆشۈكلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى بى-
لىندى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىئارامىلىق
ۋە جىددىيلىك پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، نەچچە كېچە ئارقا - ئار-
قىدىن بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، بىر كېچىسى
بۇ ۋەقەنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كەچتىن -
كەچ ئۆزۈمنى بىرنەچچە ئىشلارغا تۇتۇش
قىلغان كۆرسىتىپ، ھەر تەرەپلەردىن سەز-
گۈزەشت سۆزلەپ ئولتۇردۇم. ئوتتۇرا
كېچە بولغاندا، مېنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي
ئولتۇرغىنىمدىن ئۇ يارىماسنىڭ چىرايىدا
مالالىلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇ مېنى ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ئۇخلاشقا
تەكلىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ تەقەززالىقىنى بى-
لىپ، پەردىنى يۈزۈمگە يېپىپ ئۇخلىغان
بولۇپ ياتتىم. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ
ئەخلاقسىز مېنى ئۇيقۇدا گۇمان قىلىپ،
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى پەردازلاپ ئۆيى-
دىن چىقتى. مەنمۇ ئورنىمدىن تۇرۇپ كە-
مىرىمنى باغلاپ، شەمشىرىمنى قولۇمغا
ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى
تېز سۈرئەت بىلەن كېتىپ بارغانلىقىنى
كۆرۈپ ئىزىدىن ئەگەشتىم. شەھەرنىڭ
يېنىدا بىر خورما دەرىخى بار ئىدى.
خوتۇن ئۇ جايغا يېتىپ باردى. مەنمۇ
يېتىپ بېرىپ خورما دەرىخىنىڭ بىر تە-
رىپىدە، بىر ئۆيدە چىراغ يېنىۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم. خوتۇن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
مەنمۇ بېرىپ ئىشىكنىڭ يوروقىدىن قاراپ،
ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت يېقىپ، نەشە
چېكىپ، قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ، چى-
لىمغا نەشىنى ئۇۋاپ سېلىپ شوراپ ئول-
تۇرغان قورقۇنچلۇق دىۋىگە ئوخشايدى-
غان، بويى مۇناردەك بىر قەلەندەر كىشى-
نى كۆردۈم. خوتۇن ئىشىكتىن كىرىپ تازىم
قىلدى. قەلەندەر خوتۇننىڭ يۈزىگە قاراپ،
قەھىر بىلەن دەشنامىلار قىلىپ، دەرغە-
زەپتە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاياق بىلەن بې-
قىنلىرىغا ئۇرۇپ چېچىدىن تۇتۇپ سۆرەپ:

— ھەي يۈزى قېلىن خوتۇن، كۆ-
زۈمدىن يىراق بولغىن، بۈگۈن كېچە كۆپ
ساقلاتتىڭ، ئەمدى سېنىدەك يالغانچىنىڭ
دىدارى ماڭا كېرەك ئەمەس، — دېدى.
خوتۇن يىغلاپ، قەلەندەرنىڭ ئايىغىغا
يىقىلىپ:

— بۈگۈن گۇناھ مەندىن سادىر
بولدى. خىزمىتىڭگە كېيىن قالدىم. بۇ ئەھ-
ۋالدا مەندە ئىختىيار بولمىدى. چۈنكى
ئۇ جاھىل بۇ كېچە كۆپ ئولتۇرۇپ ئاسانلىقچە
ئۇخلىمىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ
ئەقىل ھوشىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا يۈگۈ-
رۈپ خىزمىتىڭگە ھازىر بولدۇم، ئەمدى گۇنا-
ھىمدىن ئۆتۈپ مەرھەمىتىڭدىن ئۈمىدۋار
قىلساڭ، — دەپ ئۆزرىلەر ئېيتىپ، كۆپ
يالۋۇرغاندىن كېيىن قەلەندەر قەھر-
غەزەپتىن يېنىپ، ئۇ بۇزۇق ئىپلاس
خوتۇننى قۇچىقىغا ئېلىپ ناپاكلىق تۈپ-
رىقىنى بېشىغا چېچىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى
ھاسىل قىلدى. ئىشىنى تامام قىلىپ خوتۇنغا:

— ئەمدى مەنزىلىڭگە بارغىن، ئې-
رىڭ بىلىپ قالمىسۇن، — دەپ رۇخسەت
بەردى. خوتۇن:

— ئۇ كاساپەت شاراب ئىچكەن
مەستتەك غەپلەتتە ياتىدۇ، مەن ناھايىتى
چوڭ ئۈمىدتە كەلدىم. بولسا مېھرىبانلىق
قىلىپ يەنە بىر نۆۋەت ئارزۇ - ئارمانىمى-
نى قاندۇرساڭ سېنىدىن مىننەتدار بو-
لاتتىم، — دەپ قەلەندەرنى كۆپ داڭلاپ،

www.uyghurkitap.com



زارلىنىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن قەلەندەر:

— سەن تەخىر قىلىپ تۇرغىن، مەن تاشقىرىغا چىقىپ ئىستىنجا قىلىپ، تەرەت ئېلىۋالاي، سەن ئاپتۇۋىغا سۇ تولدۇرۇپ ئېلىپ چىققىن. مەن ئۆزۈمنى پاكىز قىلىپ، ئۇندىن كېيىن سېنى خۇشال قىلاي، — دەپ سىرتقا چىقتى، مەن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يوشۇرۇن كۆردۈم. قەلەندەر مېنى كۆرمەي ئۆتۈپ بېرىپ، ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ ھاجەتكە ئولتۇردى. مەن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بېشىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ تىغ بىلەن بويىنىغا بىرنى ئۇردۇم. ئۇنىڭ بېشى تويۇقا ئوخشاش يەرگە چۈشۈپ ناپاك تېنى نىجاسەت ئۈستىدە قالدى. مەن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باراقسانلىق ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردۇم. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ بۇزۇق خوتۇن ئاپتۇۋىنى سۇغا توشقۇزۇپ قەلەندەرگە بېرىش ئۈچۈن چىقىپ، بىرنەچچە نۆۋەت چاقىردى. ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئاخىرى يېقىنراق كېلىپ قەلەندەرنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئۇنىڭ جېنىغا ئوت تۇتىشىپ، پىغان چېكىپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ، بىر قولىغا چىراغ، يەنە بىر قولىغا قەلەندەرنىڭ تايىقىنى ئېلىپ، قەلەندەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، ئۆلۈكنى ئېنىق كۆرۈپ غەزەپ ئوتى لاۋىلداپ يېنىپ، دىۋانىدەك خورما دەرىخىنىڭ ئەتراپىدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، ئەگەر شىر ياكى ئەجدىھا ئۇچراپ قالسىمۇ قىلچە قورقۇپ قالمايتتى. باغ ئىچىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ قەلەندەرنىڭ قاتىلىنى تاپالماي، ئامالسىز ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈزىنى يۈزىگە سۈرتۈپ زار-زار يىغلاپ بىر قاپقا سېلىپ يۆدۈپ، قەلەندەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۆزى پەرىشان ۋە غەمكىن بولۇپ ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى. مەن بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تېز سۈرئەتتە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئورنىمغا كىرىپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتتىم. ئۇ بۇزۇق بىرەر سائەتتىن كېيىن كېلىپ، مېنى ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇپ يېنىمغا كىرىپ ئۇخلىدى. تاڭ سەھەر بامدات نامىزى بولغان ۋاقىتتا ئادەتتىكى ئادىتىم بويىچە ئورنىمدىن تۇرۇپ، تەرەت ئېلىپ، ناماز ئۆتەشكە كىرىشتىم. ئۇ بۇزۇق خوتۇننىڭ رۇستەم ۋە ئىسپەندىيار ئۇلارنىڭ قولىدا ئاجىز ۋە زەبۇن بولغۇدەك يەتتە بىر تۇغقىنى بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلالماي بىر يول بىلەن ئۇ ناپاك دىيانەتسىزنىڭ جازاسىنى بېرەي دەپ ھەمىشە چارە-تەدبىر ئويلاپ تەقەززا بولۇپ يۈرۈپ، بىرنەچچە كۈن سەۋرى قىلىپ بۇ ئىشتىن ئازراقمۇ سۆز ئاچمىدىم. ئەمما خوتۇن دائىم قەلەندەرنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ، يوشۇرۇن مۇسىبەتلىك يۈرەتتى.

بىر كۈنى تەرەت ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكتىن چىقىپ تەرەت ئېلىشقا كىرىشتىم. ئىشىكتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئاپتۇۋىنى ئۆيىنىڭ سەھنىسىدە سۇغا تولدۇرۇپ قويغانىدىم، خوتۇنغا:

— تەرەت ئېلىۋالاي، ئاپتۇۋىنى ئەكىلىپ بەرگىن، — دەپ بۇيرۇدۇم. خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپتۇۋىغا قولىنى تەگكۈزۈپ يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن:

— نېمە ئۈچۈن ئاپتۇۋىنى ئېلىپ

كەلمەيسەن، — دەپ سورىدىم. خوتۇن:

— ئېغىرلىقىدىن كۆتۈرەلمەي يەرگە قويدۇم، — دەپ هال ئېيتتى. مەن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئىختىيارسىز:

— هەرقانچە بولسا قەلەندەرنىڭ ئۆلۈكچە ئېغىر بولماس، — دېگەن سۆز ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان هامان غەزەپى ئۆرلەپ رەڭگىرويى ئۆڭۈپ، قەهىر - غەزەپتىن ئۇنىڭ نەس باسقان يۈزىدىن سوغۇق تەرلەر ئېقىپ، تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەندەرنى ئۆلتۈرگەن تىغنى قولغا ئېلىپ، ماڭا يۈگۈردى. بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر تەرەت ئېلىپ ئولتۇراتتىم. ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئورنىمدىن تۇرغىچە ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمەي زەربە بىلەن يۈزۈمگە ئىككى قېتىم تىغ سالدى. سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ئىككى سىزىق ئاشۇ تىغنىڭ زەخمىسىدۇر. بۇ ۋەقەدىن كېيىن غەزىپىم غالىپ كېلىپ، بۇ قەبىھ خوتۇننىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ، بىر تۇغقانلىرىغا خەۋەر بېرىپ، بارلىقىنى يىغىپ، ئەهۋالنىڭ ماهىيىتىنى بىلدۈرۈپ بۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ هەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئۇلارغا بايان قىلدىم، بىر تۇغقانلىرى مەن بايان قىلغان ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ بۇزۇق خوتۇننى ئازاب ئوتىغا تاشلاپ جەهەننەمگە يوللىدى. ئاكىلىرى ئايىغىمغا باش قويۇپ كۆپ ئەپۇ سورىدى. مەن دۇنيا تەئەللۇقاتىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ سوسەن گۈلىدەك ئازاد بولۇپ، سوسەن تونلارنى كىيىپ چاڭ-توزان باسقان خىلۋەتلەرگە كىرىپ، ئىككىنچى خوتۇنلار جىنسى بىلەن هەمسۆهبەت بولماي دەپ ئەهدى قىلدىم ۋە هەمىشە ئۆمرۈمنى جاهانكېزەرلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياخشى - يامان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتىمەن، — دەپ هېكايىسىنى تۈگەتتى.

× ×

دانا ۋەزىر سۆزىنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، شاهزادىگە:

— ئەي شاهزادە تەڭرى تائالا پادىشاهلار ۋۇجۇدىنى ئاۋام خەلقتىن ياراتقان. سىزدەك شاهزادىنىڭ كۆڭلىگە ئۇنداق بارلىق ماهىيىتى هىيلە - مىكىر بىلەن توشقان ئەقىلسىز گۇرۇهلارنىڭ چاچ ۋە خەتتاللىرى لايىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ گۈل رۇخسارىدىن ۋاپا هىد - پۇرىقىنىڭ بۇرۇنغا ئۇرۇلۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، شەرەپلىك نامىڭىزنى بىلىمسىزلىك ۋە ئەقىلسىزلىك بىلەن جاهانغا يېيىپ سېتىش ئەقىلدىن ناهايىتى يىراقتۇر، — دەپ ۋەزىر سۆزىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ، رۇخسەت ئېلىپ، شاهزادىنىڭ خىزمىتىدىن چىقىپ ئۆز مەنزىلىگە باردى. شاهزادە مەلىكىنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ ئولتۇردى.

## ئۈچىنچى ۋەزىرنىڭ شاهزادىگە خوتۇنلار هىيلە مېكرىدىن هېكايە سۆزلىگىنى

ئۈچىنچى كۈنى يەنە بىر ۋەزىر شاهزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ «ئەي ئۇلۇغ شاهزادە» دەپ هېكايىسىنى باشلىدى: بىر شەهەردە خۇش سۈرەت، ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب بىلىكى
www.uyghurkitap.com



خۇلق ۋە شېرىن سۆزلۈك بىر ياش بار ئىدى. مەن بىلەن تونۇشۇپ ئەتە كەچ كېلىپ ئۆزئارا ھەر تەرەپلەردىن ھېكايە سەر. گۈزەشتە-لەر ئېيتىشىپ بىر - بىرىمىز بىلەن تولىمۇ يېقىن بولۇشۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ چىراي رۇخسارىدا تىغنىڭ زەربىسىدىن زەخىم يېگەن خەت سىزىقچىلىرى بار ئىدى. مەن دوستۇمنىڭ يۈزىدىكى زەخىملەرنى كۆرۈپ قانداق ۋەقەلەردىن پەيدا بولغان زەخىمە-لەر ئىكەنلىكىگە تەئەججۇپ قىلاتتىم، بىر كۈنى گەپ ئارىلىقىدا:

— ئەي جانىم بۇرادىرىم، ھۆرمەتلىك دوستۇم، سىنىڭ گۈلگە ئوخشاش ھۆسىن جامالىڭدا كۆرۈنۈپ تۇرغان سىزىقچىلارغا ئورۇش مەيدانىدىكى جەڭلەر سەۋەب بول-دىمۇ ياكى قاراڭغۇ كېچىدە يولسىز ھارام-زادىلەرگە ئۇچراپ زەخىم بولدىمۇ؟ مېنى بۇ سىردىن ئازراق خەۋەردار قىلىشىڭنى سورايمەن، — دەپ ئۆتۈندۈم. يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ، كۆپ ۋاقىت سۈكۈت قىلىپ، سائەتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەگەر ئىلتىپات يۈزىسىدىن ماڭا مەرھەمەت قىلىپ، بۇ ئىشتىن مېنى كەچۈ-رۈم قىلىپ سورىمىساڭ. مەن سەندىن مىننەتدار بولىمەن، بۇ سۆزلەرنى بايان قىلىشقا پېتىنالمايمەن. بۇ سۆزلەرنىڭ مەخپىي تۇتۇلۇشى بۇرۇنلا ماڭا نېسىپ بولغان، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، كۆڭلۈم دىققىتى ئۇ سىرلارنى بىلىشكە كۆپتىن - كۆپ مەركەز-لەشتى. يىگىت كۆڭۈل خاتىرەمنى ۋە قايتا - قايتا قىلغان ئىلتىماسىمنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ۋەقەلەرگە شاھىت سىرلارنىڭ يۈزىدىن نىقابلارنى ئېچىپ «ھەي ئاق كۆڭۈل يېقىن دوستۇم» دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

× ×

بىز بىرنەچچە يېقىن دوستلار پۈرسەت تېپىپ ئۇۋ ئوۋلاش ئۈچۈن سەھراغا چىققانىدۇق. تۇيۇقسىز ئالدىمـدىن بەدىنىگە يۈز خىل خەت خال تارتـقان بىر كېيىك چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتىپ، شامالدەك يۈرگۈچى ئاتقا مىنىپ ئۇنى ئوۋلاش ئۈچۈن قەست قىلدىم. كېيىك ئۈركۈپ كېتىپ خۇددى چاقماقتەك، بوراندەك سەھرا تەرەپكە قاراپ قاچتى. مەنمۇ ئوچـقۇر ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئۇچقاندەك ئارقىـسىدىن قوغلىدىم. ئاخىرى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن بەند بولۇپ، دوستلىرىمدىن ئايرىـلىپ بىر قورقۇنچلۇق باياۋانغا يېتىپ كەلـدىم. كېيىك نەزىرىمدىن غايىب بولدى. ھەر تەرەپنى ئايلىنىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتىم. ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن ئېتىم مېڭىشتىن توختاپ، پۇتى بىر تاشقا پوتـلىشىپ مولاق ئېتىپ يىقىلدى. مەنمۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن مولاق ئېتىپ يىقىـلىپ چۈشۈپ، بەدەن ئەزالىرىم يەرگە نەقىش باستى. مەن بۇ ئاجايىپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆرۈپ «ھايات رىشتەم ئۈزۈلىدىغان بولدى» دەپ گۇمان قىلدىم. يۈز جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئاتقا مىنىپ، ئۆزۈمنى بىر مەنزىلگە يەتكۈزگۈچىلىك ماغدۇرۇم يوق ئامالسىز تۇپراق ئۈستىدە كۆڭلۈمنى توختىتىپ بىرەر سائەت ياتتىم جان ۋەھىمىسى ئۈستۈمدىن غالىب كېلىۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا، باياۋان تەرەپتىن ناھايىتى ئاجىز، قېرى ناتىۋانلىقىدىن قامىتى گۆزەللەرنىڭ قېشىدەك ئېگىلگەن، قولداھاسا بىر موماي مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. مەن بۇ مومايىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ، ھەيرانلىقتىن «بۇ قورقۇنچلۇق سەھرادا ئىنسان جىنسى بار دەپ خىيال قىلىش ئەقلىگە سىغمايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە دىۋە ياكى قوباھەتلىكى ئېزىتقۇ، يا بولمىسا ئۆزىنى بۇ سۈرەتتە كۆرسىتىۋاتقان جادۇگەردۇر، ھەر قانداق بولسا ئادەمىزاتىنىڭ قەدىمى بۇ جايغا يېتىشمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھىيلە مىكىردىن خالى ئەمەس» دەپ ئەندىشە قىلدىم. ئۇ بېشىم ئۇستىگە كەلگەندە قورقۇنچتىن ئورنىمدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆپ زارلىنىپ يالۋۇردۇم. بۇ موماي مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ھەي يىگىت، بۇ جان ئالغۇچى باياۋاندا يالغۇز نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ ئەھۋالىنى سورىدى. مەن بۇ مومايىنىڭ مەرھەمەت ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ خاتىرجەملىك بىلەن ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم، ئۇ مومايىنىڭ ھىممىتى يۈز مەردتىن زىيادە ئىدى. ئۇ سېخىيلىق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ يول باشلاپ، مېنى جان ئالغۇچى دەشتتىن چىقىرىپ نىجات بولۇشقا يەتكۈزدى. مەن دەريانىڭ ياقىسىدا قومۇشتىن ياسالغان بىر ئۆينى كۆردۈم. بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى پەغفۇر پادىشاھىنىڭ قەسىرىدىن زىيادە، سۇ رەڭگىدىن ئېرەم گۈلىستانى رەشك قىلاتتى. ئۆينىڭ ھەرقايسى تەرىپىدە جانغا راھەت بېغىشلايدىغان ئىزغىرىن شامال ۋە دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان گۈل ھىدلىرى كېلىپ تۇرىدىغان ئوتلاقلار بار ئىدى. ئۇ كەڭ قورساق سېخىي موماي مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، نازۇ-نېمەتلەرنى تەييار قىلىپ زىيابەت مۇراسىملىرى بىلەن مېھماندارچىلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلۇغلار قائىدىسى بىلەن تۇتىدەك تىلىنى نۇتۇق شېكەرىستانىدا بېزەپ:

— «ئەي ئوچۇق يۈزلۈك يىگىت، گەرچە بۇ ۋەيرانە كۈلبەم سەندەك قىممەتلىك گۆھەرنىڭ مېھماندارچىلىقىغا لايىق ۋە مۇناسىپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆي سېنىڭ ۋۇجۇت شەرىپىڭ بىلەن نۇرلىنىپ قەدىر ئېتىبارىم ئاسمانغا تاقاشتى. ئۈمىدىم شۇكى ماڭا رەھىم قىلىپ بىرنەچچە كۈن بۇ ئاجىز بىچارىنى ئېتىبارلىق قىلىپ ئىستىقامەت قىلغىن» دېدى. مەن بۇ جاننى قىينىغۇچى باياۋاندىن نىجات تېپىپ، دىلغا ئارام بېغىشلىغۇچى ماكاندا كۆڭلۈم خاتىرجەم بولۇپ بۇ مومايىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشىپ تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا رەھمەت ھەدىيەلەرنى ئېيتىپ ئۇ مەرد تەبىئەت مومايغا دۇئالار قىلاتتىم، گەرچە ۋەتىنىمنىڭ ئۇزاقلىقى، دوستلارنىڭ جۇدالىقى كۆڭلۈمگە بىئاراملىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ كۆكلەمنىڭ سۇ ھاۋاسى، گۈزەل ۋە كۆركەم ئوت-چۆپلىرى ۋە يۇمران گۈل رەيھانلىرىنىڭ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشى سەۋەبىدىن بۇ جەننەتكە ئوخشاش ماكاندا تۇرۇپ قېلىشنى پىلانلىدىم. ئۇ مۇلايىم مېھرىبان موماي بىر بۇرجەككە جەينامازنى سېلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. مەن ئۇ پاك مومايىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. قۇياش غەرب ئاسمىنىغا يوشۇرۇنغان ۋاقىتتا، يەر-

زېمىن ئاينىڭ نۇرىدىن يورۇق بولدى. شۇ ئەسنادا بىر نازىنىن ئاي سۈپەت، ئاپئاپئاق ئوخشاش تەلئەتىدىن كۆكلەمزارلىق يورۇيدىغان، قاپقارا بۇدۇر چېچىنى گۈل رەڭلىك يۈزى ئۈستىگە سېلىپ دىلبەرلىك تاجىنى قېشى ئەتراپىغا قويۇپ، ئەنبەر ھىدلىق يادەك قاشلىرىدىن ياخشىلىق ۋە بەختتىن نىشانە بېرىپ تۇرىدىغان بىر قىز بىر سېيىرنى يېتىلەپ پەيدا بولدى. موماي ئۇ قىزنى كۆرگەن ھامان خۇشال بولۇپ، ئالدىغا چىقىپ پېشانىسىدىن سۆيۈپ سېيىرنى قولىدىن ئېلىپ، ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە باغلاپ قويۇپ، قىزنى ئولتۇرغۇزۇپ تاماق تەييارلاپ ئالدىغا قويدى. بىراق قىز دەرۋىشلەرچە كىيىم كىيگەنىدى. موماي سېيىرنى سېغىپ سۈتىنى ئۈچكە بۆلۈپ بىر قاچىنى مېنىڭ ئالدىمغا، يەنە بىر قاچىنى قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر قاچىنى ئۆزى ئىچتى. بىزلەرمۇ ئۆز قاچىلىرىمىزدىكىنى ئىچىپ تەڭرى تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىپ ئولتۇردۇق. ئۇ نازىنىن بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە چۇمبەتسىز ئولتۇرغان ۋاقىتتا ھۆسن-جامالىنى بىۋاسىتە تاماشا قىلىپ، كۆڭلۈم قۇشى قاپقارا مۇشكى ھىدلىق چېچىغا باغلاندى. كۆڭلۈم بىقارارلىقتىن ھەممە كېچىنى نالە-زارە بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئاسمان پەرىسى لەئلى نىقابىنى يۈزىدىن كۆتۈرۈپ يەر-زېمىن سەھنىسى نۇر بىلەن جىلۋىلەندى. ئۇندىن كېيىن، ئۇ گۈل يۈزلۈك نازىنىن يەنە شۇ ئادىتى بىلەن سېيىرنى يېتىلەپ يايلاققا ماڭدى. موماي جەينامازدا ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىشقا مەشغۇل بولدى. مەن شۇخلۇقتىن گۇناھقا شېرىك بولۇپ مومايىنىڭ نامىزىنى بۇزۇپ:

— ھەي مېھرىبان ئانا، بۇ قېرىلىق ۋە ناتىۋانلىق ۋاقتىدا ئاۋاتلىقتىن چىقىپ، ۋەيرانە جايدا ماكان تۇتۇپ يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلماققا سەۋەب نېمىدۇر؟ بۇ ئاي يۈزلۈك كىمنىڭ قىزىدۇر، — دەپ سورىدىم. موماي:

— ھەي ئەزىز مېھمان، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، مەن بولسام تەڭرى تائالانى يەككە-يېگانە بىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ مال دۇنياسىدىن كۆڭلۈمنى ئۈزۈپ كىشىلىك دۇنيانى تەرك قىلىپ، ئاۋاتلىقتىن چىقىپ، بۇ ۋەيرانىدە ماكان تۇتۇشنى خالىغان ئاجىز ناتىۋانمەن. سەن كۆرگەن قىز، ئوغلۇمنىڭ قىزى. ئاتىسى ياش ۋاقتىدا بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلدى. ئانىسىمۇ مەڭگۈلۈك ئالەمگە سەپەر قىلىپ بۇ قىز كىچىك قالدى. ئۆزۈم بىلەن ھەمراھ قىلىپ تەربىيىلەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

— ھەي مېھرىبان ئانا، مەن سېنىڭ مۇقەددەس نەپەس شەرىپىڭدىن تەمتىرەپ يۈرگەن كوچىلاردىن تەۋپىق تېپىپ خۇداپەرەسلىك سائادىتىنى ھاسىل قىلىپ سېنىڭ دىنىي ئېتىقادىڭنى تونۇسام، مۇندىن كېيىن ئاۋاتلىق يۈزىنى كۆرمەي، سېخىي دوستلۇققا قول بېرىپ، ئاخىرەتلىكىنى تۇتسام، ئىنايەت ۋە مېھرىبانلىق يۈزىدىن مېنى قوللاپ، پەرزەنتلىكىڭە قوبۇل قىلىپ، ئىسلام قائىدىسى بىلەن ئۇ يۇمران ياش نوتىنى ماڭا تويلاپ بېرىپ مېھرىبانلىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن بېشىمنى ئۈچ پەلەككە يەتكۈزسەڭ، چۈنكى ئاللانىڭ پەرمانىنى ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر. مەندىن باشقا كىشى زور ئىرادە

ۋە ئەقىدە بىلەن ساڭا ياردەمدە بولالمايدۇ. سېنى ئاجىزلىق ۋە قېرىلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ئۆمرۈڭ چېكىگە يېتىپتۇ، پەرمانىڭنى تۇتۇپ كېچە-كۈندۈز ئاستانەڭدە خىزمىتىڭگە قول باغلاپ تۇرسام،— دەپ ئۆتۈندۈم. پەرىشتە خۇيلۇق موماي بۇ قىلغان ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىپ، مەھبۇبەمگە بولغان ئارزۇيۇم چېھرىسىنى ئۈمىد نورى بىلەن پەردازلاپ، دەريا ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك گۆھەر — مەھبۇبەمنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشتۈرۈپ، مېنى خۇشال قىلدى، نەچچە كۈندىن كېيىن توي مۇراسىمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مېنى ئاي يۈزلۈك سائادەت يۇلتۇزى بىلەن بىرگە قىلىپ، ئۇ قىزنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۇ گۈلىستان رەشك قىلىدىغان سەھرادا مۇراد-مەقسەتكە يېتىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدۈم. ئۇ مەخپىي ساقلىنىۋاتقان گۆھەرنىڭ پاكلىق دىيانىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، يۈز جامالىم ئاي چېھرىسىدە ئەكسىنى كۆرسەتمىسۇن دەپ ئاي سەيلىسىگە چىقمايتتى. مەن ئۇنىڭ پاك ھايالىقى، جامال تۇرقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر خۇشاللىقتا يېتىپ ئۆز تونۇمغا سىغماي قالاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىردەملىك سۆھبىتىنى يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەممە دۇنيانىڭ بەختى خۇشاللىقىدىن زىيادە بىلەتتىم. ئۇ نازىنىن — كۈمۈش بەدەن، گۈزەل خۇلق، پەم-پاراسەت، سىرلار ئاچقۇچى، لۇتپى كەرەملىكنى پاكلىق لىباسلىرى بىلەن پەردازلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئېۋەن ئىزدەش بارلىق نېمەت ئىزدىگۈچىلەرگە ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، پەرىشتە سۈپەت موماي ۋاقىتلىق جاھان بىلەن ۋىدالىشىپ، مەڭگۈلۈك ئالەمگە سەپەر قىلدى. بىر تەرەپتىن ئۇ جەننەتكە ئېرىشىپ بولغۇچى موماينىڭ بىزدىن ئايرىلىشىدىن ئالەم كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان ماكانىنىڭ ھاۋاسى تەبىئىتىمگە ماس كەلمەي، ئامالسىز ئۇ جايدا تۇرماي ئەسلىدىكى ئاۋات ماكانغا بارماقچى بولدۇم. بىز سەھرادىن شەھەرگە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قىزىقىپ، تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىدىن خوتۇننى بىر ماكانغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر موماينى ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا ياللاپ بېرىپ، ئۆزۈم شەھەرنىڭ ھاكىمىغا نۆكەر بولۇشنى ئىختىيار قىلدىم. گاھى خىزمەت ئۈچۈن سەھرالارغا بېرىپ كۆپ ھاللاردا ئىش تۈپەيلى بىر-ئىككى كېچە سەھرادا قالاتتىم. بىر كۈنى ئادەتتىكى بويىچە خوتۇن بىلەن خوشلىشىپ سەھراغا يول ئالدىم. موماي مېنى بىر ياققا تارتىپ، ماڭا:

— مەن بارماقلىرى ئاجىزلىقتىن گىرەلەشكەن بىر ناتىۋانمەن، پاسىبانلىق ھۆددىسىدىن ھەقىقەتەن چىقالمايمەن. بۇ خىزمەت ئۈچۈن مەندىن ھوشيار ۋە ئەقىللىقراق بىر موماي تېپىپ ئۆيۈڭگە ياللىشىڭغا مەسلىھەت بېرىمەن، زامانىنىڭ تەقەززاسى مۇشۇ، ماڭا رۇخسەت بەرگىن،— دېدى. مەن ناھايىتى ساددا ۋە نادانلىقىمدىن، خوتۇنۇمنىڭ پاك شەرمى ھايالىقىغا ئىشىنىپ، ئۇ موماينىڭ سىرلىق سۆزلىرىگە ئىلتىپات قىلماي، سەھراغا يول ئالدىم. بۇ نۆۋەت باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىمدىن نومۇس خامىنىغا ئوت قويدۇم. بۇ ۋەقەدىن بىرنەچچە كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆتۈپ يەنە بىر ھادىسە بولۇپ، سەھراغا يېزىغا چىقتىم. ئۇ موماي يەنە مېنى خىلۋەتكە كەلتۈرۈپ:

— ھەي نادان ياش، نومۇس ئېتىزلىرى ئاياغ - ئاستى بولغانلىقىدىن ھېچقانداق خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ خوتۇنلار گۇرۇھىنىڭ زاتىدا ھەرقانچە ھايا ۋە پاكلىق پەردىلىرى بىلەن ئۆزىنى زىننەتلىگەنلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بۇزۇق ئېھتىياتىنى ئادەت ۋە زۆرۈرىيەت قىلىشىنى تەكىتلەش لازىم. ئەقىلگە شەرت ھوشيارلىقتۇر، — دېدى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن ھوش قوشۇم دىماغ ئۇۋۇسىدىن پەرۋاز قىلىپ غەزەپ غالىب كېلىپ سەۋدالىق بېشىمغا يوگۈرۈپ:

— ھەي خۇداپەرەس موما، ئەھۋالىڭ قانداق بولغانلىقىدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن. نومۇس خامىنىمغا بالا چاقماقلىرى چۈشۈپ، پاكلىق شىشىسى رەسۋالىق تېشىغا تەگدىمۇ - يا؟ — دەپ سورىدىم. موماي:

— ھەي نادان يىگىت، مەن تۇز يېمەك يېيىشكەنىنىڭ ھەق ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ ھەقىنى ئادا قىلدىم. ئەمدى مەندىن باشقا ئارزۇدا بولمىغىن. بۇ قېرىلىق ۋاقتىمدا مېنى سۆخەنچىلىك تۇمانلىرى بىلەن بۇلغىمىغىن، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ قىسقىچە بايانىنى ئاڭلىغان ھامان بەدىنىم ھەرىكەتتىن توختاپ ھەيرانلىق تەبىئىتىمنى ئىگىلەپ بېشىمنى تەپەككۇرغا سېلىپ، ئەقىلدىن مەسلىھەت ئىلتىجا قىلدىم. ئاخىرى بۇزۇق خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپ، بىر نەچچە مېھرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ۋەدىلەر قىلىپ، خالىقنىڭ نەزىرىدە ئېتىمغا مىنىپ، شەھەردىن چىقىپ، بىر باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۇسىبەتلىك كىشىدەك كەچ كىرگىچە ئولتۇردۇم. بۇ ۋاقىت گويا مىڭ يىل ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. تەقدىر قىسمىتى بىلەن ئاپپاق نۇرنىڭ ئورنىغا كېچىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى يېيىلدى. مەن ماتەملىك كىشىدەك بېشىمغا چادىر① ئارتىپ، باغدىن چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئۆينىڭ ئىچىدە قانداق ھادىسە پەيدا بولار دەپ قولاق سېلىپ تۇردۇم. بىر سائەت ئۆتكەندى. ھويلىنىڭ ئىچىدە بىر ئەنسىزلىكنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. غەزەپتىن دۇنيا نەزىرىمگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، بارلىق ئەزالىرىم لەرزىگە چۈشتى. ئاخىرى بىر ئامال بىلەن ھويلىنىڭ ئىچىگە كىردىم.

ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە دەرەخلىرى چوڭ، شاخلىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بىر باغ بارئىدى. مەن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردۇم. بىرسىمۇ مېنىڭ كەلگىنىمدىن خەۋەردار بولمىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر زىبۇ - زىننەتلىك تۆت بۇرجەك چېدىر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ناخشا - مۇزىكا ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. دەرەختىن چۈشۈپ قاراڭغۇ بىلەن كېلىپ ئىشىكتىن قاراپ، ياخشى پالاسلارنى سېلىپ، شاملار ياندۇرۇپ، خوتۇننىڭ پاكلىق ۋە ساداقەتلىك داۋاسى بىلەن ئۇلپىتىنىڭ يېنىدا يۈز ناز كەرەشمە بىلەن بۇلغىنىپ، ئەتىر گۈل رەڭگىدىكى شارابلارنى ئىچىپ، تۈزكۈر كېنىزەكلەر تىزىلىپ ئولتۇرۇپ

①چادىر — چۈمبەت، ئەرەب، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئاياللار ئۈستىگە ئارتىۋالىدىغان رومال.

ئارقا-ئارقىدىن جاملارنى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن «سۇبھاناللا! ئۇ شۇنداق نومۇسچان ۋە راستچىل ئىدىكى، ئاينىڭ يۈزىگە ئەدەبسىزلىك بىلەن كۆز قىرىنى سالماس ئىدى. ھازىر بولسا بارلىق ئارزۇ-ئارمانىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ، ئۇ نامەھرەمنىڭ قۇچۇقىدا ئارام ئېلىپ شاراب ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ قانداق ھاياسىزلىق ۋە بەدبەختلىكتۇر. ئۇ قايسى ۋاپادىن يۇراق ۋە ھايادىن نىشان بېرىدۇ» دەپ ياقامنى تۇتتۇم.

ئەلقىسسە، يېرىم كېچە بولۇپ، نەچچە نۆۋەت جاملاردىن شاراب ئىچىلىپ، ئۇ قارا بەخت ئەقىل-ھوشىدىن ئايرىلىپ، ھوشسىزلىق تەبىئىتىدە غالىب كېلىپ شەھۋەتنىڭ قازىنى شارابىنىڭ قىزدۇرۇش ئوتىدىن قايناپ ئارزۇ-ئارمانىغا يېتىشنى تەلەپ قىلىپ قولىنى ئۆلپىتىنىڭ ئېتىكىگە سۇندى. ئۇ قارا بەخت ئورنىدىن تۇرۇپ، كېنىزەككە ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى باغنىڭ بۇرجىكىگە بېرىپ ھاجەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئولتۇردى. كېنىزەك ئۇنىڭ ھاجەت سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى پاكىز قىلىپ ئۆلپىتىنىڭ قوينىغا ئېتىشى ئۈچۈن ئاپتۇۋىنى ئېلىپ ئارقىسىدىن باردى. ئەر بولسا شارابىنىڭ كۈچىدىن ئارزۇ-ئارمانىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە ئىنتىزار بولۇپ غەپلەتتە ياتاتتى. بۇ ۋاقىتتا مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر تىغ ئۇرۇپ، ئۇ ئەجەل يۇتقۇرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، قانلىق تىغىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزۈم يەنە دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ بۇزۇق خوتۇن ئۆزىنى پاكىز قىلىپ كېلىپ، ئۆلپىتىنىڭ نەرسە-كېرەكلەر ئۈستىدە قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، قانغا بويالغان تىغ كۆكرىكى ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ مەنزىرە خۇددى ئىسراپىلنىڭ سۇرى چېلىنغانغا ئوخشايتتى. خوتۇن بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ يۈرىكىگىچە بالادەك ئوت تۇتىشىپ، غايەت قەھرى-غەزەپتىن تىغنى قولغا ئېلىپ، شامنى كېنىزەكنىڭ قولغا بېرىپ، باغ ئەتراپىدا ساراڭدەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. كۆپ ھەرىكەتلەر قىلىپ ئىزدەپ كۆردى. قاتىلنىڭ ئەسەرى بولمىدى. ئاخىرى مەيۇس بولۇپ قولىدىن تىغنى تاشلاپ بىر سائەت مەجنۇندەك چىمەنلىك سەھنىدە ھەيران بولۇپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن كېنىزەككە بۇيرۇپ بىر چوڭ كۆب كەلتۈردى. ئۇ قارا بەختنىڭ تەن ئەزاسىنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ كۆبقا سېلىپ، باغنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويۇپ، نالەزار قىلىپ ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلىدى. مەن دەرەختىن چۈشۈپ كەلگەن يولۇمدىن چىقىپ دەرھال كەتتىم. شەرق ئاسمىنى سۇبھىنىڭ نۇرى بىلەن جاھاننى نۇرغا چۆمدۈرگەندە مەن ئۆيىگە كېلىپ خوتۇننىڭ غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن:

— ھەي مەھبۇبەم، ئايدەك پاكلىق ئىخلاسىڭغا جىنىم پىدا بولسۇن. ئەتىرگۈل رەڭلىك چېھرىڭدە غەمكىنلىك ۋە مالاللىق نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولدى؟ — دەپ سورىدىم. خوتۇن:

— سېنىڭ ھىجرانىڭ مېنى پەرىشانلىققا سالدى. سېنىڭ جامالىڭنى كۆرمەي بىردەم سەندىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى مەن كۆڭلۈمدە «سۇبھاناللا كې-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىسى نامەزرەم بىلەن خۇشاللىق ئەيش - ئىشـ
رەتتە بولۇپ، ئەمدى بۇ يەرسۇندا ئەپسۇن
نەيرەڭلەر بىلەن گەپ قىلىدۇ» دەپ يېنىدا
ئولتۇرۇپ، ھەر تەرەپلەردىن پاراڭ سېلىپ
كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئولتۇردۇم. ئىكـ
كىنچى كۈنى پەرىشانلىقى ئاۋۋالقىدىن
زىيادە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن:
— ئەمدى مۇرىنى - مۇرادىگە تىرەپ
بىرگە ئولتۇرۇپ بەخت دۆلەت بىزگە
قوچىقىنى ئېچىپ، ئارزۇ جاملىرى مۇرات
شارابلىرى بىلەن تولۇپ - تاشقان تۇرۇقـ
لۇق نېمە سەۋەبتىن يەنە غەمكىن بولىـ
سەن، — دەپ سورىدىم.
خوتۇن:
— بۇ كېچە بىر پەرىشان چۈش كۆرـ
دۈم، بۇ سەۋەبتىن غەمكىندۇرمەن، تەبىرىـ
نىڭ قانداقلىقىنى بىلمىدىم، — دېدى، مەن:
— چۈشىڭنى ئېيتساڭ، سېنىڭ خاتىـ
رىڭنى مالاللىق تۇمانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە
قالدۇرغان قانداق چۈش ئىكەن ئاڭلاپ
باقسام، — دېدىم. خوتۇن:
— چۈشۈمدە سەن بىر ئۇلۇغ ئۆرـ
كەشلىك دەريانىڭ لېۋىدە تۇرغانلىقىڭنى،
بىر دىۋە كېلىپ ساڭا بارلىق جەھلى
بىلەن قەست قىلغانلىقىنى كۆردۈم. سەن
دىۋىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئۆزۈڭنى دەرياغا
تاشلىدىڭ. دىۋىمۇ ئارقاڭدىن سۇغا كىرىپ،
سېنى تۇتۇپ سۇغا باستى. ھالاك بولۇشۇڭ
مۇمكىن ئىدى، مەن پەغان تارتىپ قورـ
قۇپ ئويغاندىم، ئەمدى ساڭا قانداق ئىشـ
لارنىڭ دۇچ كېلىشىنى بىلمەيمەن. مەن
شەرىپىڭگە بىرەر نۇقسان يەتمىگىدى دەپ
بۇ سەۋەبتىن پەرىشانمەن، — دەپ جاۋاب
بەردى. مەن:
— پەرىشان بولما، خاتىرجەم بولـ
غىن، بۇ چۈشۈڭ ناھايىتى ياخشى چۈشتۇر.
مېنىڭ دەرياغا كىرگىنىم ھەزرىتى خىزىر
ئەلەيھىسسالامدىن مەدەت تەلەپ قىلغىنىمـ
دۇر. دىۋە بولسا مېنى سۇغا بېسىپتۇ.
مەن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدەت
بېرىشى بىلەن دىۋىنى ئىككى پارە قىلىپ
ئۆلۈكىنى كۆپۈكتا سېلىپ يەرنىڭ ئۈستىگە
چايلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، — دېدىم. خوتۇن
بۇ سۆزنى ئىشىتكەن ھامان دەر غەزەپ
بولۇپ، ئېتىلغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ،
كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە پۇتۇمنى سۇنۇپ ياتقان
يېرىمگە پىچاقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەن
خەۋەردار بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرغىچە ئىكـ
كى قېتىم زەربە بىلەن يۈزۈمگە پىچاق
سالدى ۋە:
— ھەي بەدبەخت، ئۇ كېچىسى قولۇمـ
دىن سالامەت قۇتۇلۇپ قالدىڭ، — دەپ
يەنە بىر پىچاق سالدى. ئاخىرى مەنمۇ
ئورنىمدىن تۇرۇپ پىچاقنى قولىدىن ئېلىپ
زەربە بىلەن ئۇ مەلئۇنى جەھەننەمگە
يولغا سېلىپ خاتىرجەم بولدۇم. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ خىلىدىكى بىۋاپا ئايال جەمەتى
بىلەن ھەرگىز ھەمسۆھبەتتە بولمايمەن
دەپ ئەھدە قىلدىم. يىگىت «بۇ زەخمىم بولسا
ئاشۇ ئىشلارنىڭ نىشانىسىدۇر» دەپ ھېكا-
يىسىنى ئاياغلاشتۇردى.
ۋەزىر ھېكايىنى تامام قىلىپ،
شاھزادىگە:
— ھەي شاھزادە، جاھان خوتۇنلىرى
ئادەم سۈرىتىدىكى دىۋىدۇر. ئۇلارنىڭ زاتى
ھىيلە - مەكرىدىن خالى ئەمەس. مەرد
كىشىلەرنىڭ بۇ بىۋاپا جەمەتكە كۆڭۈل
بەرمەسلىكى زۆرۈردۇر. دەشت - باياۋاندا
جۇنۇندەك سەرگەردان بولۇپ دۇنيانىڭ

راھەت ۋە ھالاۋەتنى قولدىن بېرىپ مېھنەت ۋە ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ، بېشىڭ تەنە ۋە مالامەت ئوقىغا تەگمىگەي، — دەپ ۋەزىر ھەرخىل نەسىھەتلەر بىلەن بۇ كۆڭنى ئۆتكۈزۈپ، شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز مەنزىلىگە قايتتى. شاھزادە يەنە رەسۋالىق ناغرىسىنى ساداغا كېرگۈزۈپ، نالە قىلىپ، زار - زار يىغلاپ ئولتۇردى.

**بىر ۋەزىرنىڭ تىل تىغىنى ئىتتىك قىلىپ نەسىھەت مەيدانىدا باتۇرلۇق قىلغىنى**

تۆتىنچى كۈنى بىر بىلىملىك ۋەزىر شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ «قىسمەت دەپتىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچىلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ» دەپ سۆزىنى باشلىدى:

سەرەندىپ ۋىلايىتىدە پادىشاھلىق تاجى ئاسمانغا تاقاشقان تەختى قەسرى پەلەك ئۈستىدە بولغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلىملىك ۋە تەجرىبىلىك ئىككى ۋەزىرى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى يەمەن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى يەسەر ئىدى. قازارا، جەزايىر ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرى بولسا دائىم پادىشاھنىڭ تەخت پەرمانىدا بولۇپ، باج - خىراج ئەۋەتەتتى. ئەمىر مول بايلىق ھەشەمەت ۋە لەشكەرلەرگە مەغرۇرلىنىپ، ناتوغرا يولغا كىرىپ ئاۋام خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە قارشى مەيدانىدا تۇرۇپ، پادىشاھقا دۈشمەن بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ بىر تەرىپىدىن بېسىپ كىرىپ، بىر توپ پۇقرا ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ مال - دۇنيالسىنى تالان - تاراج قىلىپ بۇلاپ كەتتى. پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ۋەزىر يەسەرنى ساناقسىز لەشكەرگە سەركەردە قىلىپ، بۇ ئەندىشە پىتنە - پاساتنى تىنغ كۈچى بىلەن ئۈجۇقتۇرۇپ، سىياسەت كۈچى بىلەن ئۇ كۆڭلى زەھەر مۇخالىپلارنىڭ قولىقىنى تەمبۇر قولىقىغا ئوخشاش تولغاپ، ئالەم ئەھلىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن جەزايىر ۋىلايىتىگە بۇيرۇدى. ۋەزىر يەسار پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، مۇخالىپلار تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

ۋەزىر يەسەرنىڭ جاھانغا نۇر چاچقۇچى ئاپتاپتەك نۇرلۇق جامالىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىدىغان ئاي يۈزلۈك خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ دائىم ۋەزىرنىڭ جۇدالىق ئەلىمىدىن رەنجىپ، سەپەر قويىنىدا غەم - قايغۇ بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىخلاس ۋە كۆيۈنۈش تەرىقىسىدە سۆز قىلىپ، ۋەزىرنىڭ ئايالىغا:

— ھەي مەلىكە جاھان، تەڭرى تائالا ساڭا كۆپ نېمەت، مول مال - دۇنيا ۋە گۈزەل ھۆسن - جامال ئاتا قىلىپتۇ. غەمكىنلىك ۋە مالالىقتا گىرىپتار بولۇپ گۈل رۇخسارىڭنى زەپىرەڭدەك قىلىپ ئەزىز ئۆمرۈڭنى ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ سارغىيىپ يۈرۈشكە سەۋەب نېمىدۇر؟ بۇ شەھەردە ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر زەرگەر ياش بار، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە ئۇچرىشىپ ئۆزۈڭنى كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشۇڭ بىر خىل ساۋابتۇر، — دېدى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن زەرگەر ياشقا غايىبانە ئاشىقى - بىقارار بولۇپ پاكلىق پەردىسىنى يۈزىدىن كۆتۈرۈپ، ۋاپادارلىق دائىرى-

www.uyghurkitap.com

سىدىن چىقىپ، پاسىقلىق تىرەت كوچا ئېغىزىدا ساراسىمە بولۇپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يولىغا بىقارار بولدى. ئاخىرى ئەتىراپىدىكى بۇ سىرلاردىن خەۋەردار كېنىزەك ۋە خىزمەتكارلىرىغا مەقسەت مۇددىئاسىنى ئېيتىپ بۇلاردىن سورىدى. كېنىزەكلەر ۋەزىرنىڭ تىغ سىياسىتىدىن قورقۇپ بۇ يولغا قەدەم قويمىدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى ئۇزاققىچە ئەمەلگە ئاشماي ئىشق ئوتى ئىچىدە لاۋۇلداپ يېنىپ پەرۋانىدەك ئەنسىزلىكتە بىتاقەت ۋە بىئارام بولدى. بىر كۈنى نائىلاج قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىگە زىبۇزىننەت بېرىپ، ۋەزىرنىڭ نومۇسىنى ۋە ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى پارە-پارە قىلىپ، زەرگەر ياشنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ئوچۇم قىممەت باھالىق جاۋاھىرىنى كۆرسىتىپ:

— بارلىق بىلىم ۋە ھۈنىرىڭنى سەرپ قىلىپ، خوتۇنلار جەمەتىگە مۇناسىپ بولغان ئەسۋابلاردىن بىر يۈرۈش ياساپ بەرگىن، — دەپ بۇيرىدى ھەم مۇشۇ باھانىدە نىقابىنى ئاپتاپتەك يۈزىدىن كۆتۈرۈپ مەھبۇبلارچە جامالىنى كۆرسەتتى. زەرگەر ياش بۇ دىلنى ئۆزىگە تارتقۇچى جامالنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئوتىدا يېنىپ، ئەقل-پاراسەت، مال-مۈلكىنى قولىدىن بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتتى. سائەتتىن كېيىن ئەقل ھوشىنى يىغىپ كۆزىنى ئېچىپ:

— ھەي كۆڭۈل ئوغرىسى، سەن سەبرى ھوشۇمنى چىدىغۇسىز نازلىرىڭ بىلەن ئوغرىلاپ قاچتىڭ. لۇتپى مەرھەمەت قىلىپ نامۇ نىشانەڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە تۇرار جايىڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتقىن، — دەپ يالۋۇردى. ئۇ ئىشرەتتە ئادەمنى دەردكە سالغۇچى خو-تۇن ئەپسانىلاردىكىدەك كۆزنى خەلەت قىلىپ، بىر ئەينەكنى قويىنىدىن چىقىرىپ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ زەرگەر ياشنىڭ ئۇدۇلىغا ئېلىپ كېلىپ، ئانارنىڭ بىر نەچچە بەرگىنى بىر كاسا سۇغا تاشلاپ تۇرۇپ، زەرگەر ياشقا:

— مېنىڭ مەنزىلىم يېقىن، بىر مۇستەھكەم قورغاندۇر. تىز ئۇچقۇچى بۈركۈت ئۇنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىدۇ. سۇمۇرغقا ئۇنىڭ يولىدا قانىتىنى ئېچىشقا ئىمكان يوقتۇر. سەن بىكاردىن دەشتلەردىكى ھوما قۇشىدەك جۇنۇن بولما. قۇياش زەررىسىگە قول يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. پاشا ئاسمان گۈمبىزىدە پەرۋاز قىلالمايدۇ، — دەپ يېنىپ مەنزىلىگە قايتتى. ئۇ ئادەمنى سېھىرلىگۈچى گۈزەلنىڭ دىلىنى كۆيدۈرگۈچى ئىشق ئوقى زەرگەر ياشنىڭ غۇنچىدەك كۆڭلىگە تەگكەنىدى. بىسەبرلىك تۇپرىقىغا يىقىلىپ، ئىزتىراپتىن زەرگەرلىك ئاسۋاب سايمانلىرىنى يىغىپ، ئۆيىگە كېلىپ، مالامەت دەستىدە شەيدالىق دۇكانلىرىنى ياساپ بىقارار ئولتۇردى.

زەرگەر ياشنىڭ بىر ئەقىللىق خوتۇنى بار ئىدى. ئېرىنىڭ يۈزىگە قاراپ پاراسەت بىلەن بىر گۈزەلنىڭ جانىنى قىينىغۇچى ئوقياسى كۆكسىگە قادىلىپ، يادەك قاش كىرپىكى بۇ پاك يۈرەكنى سەرگەردان قىلغانلىقىنى بىلدى. خوتۇن زەرگەر ياشتىن:

— پەرىشانلىقىڭنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر، — دەپ سورىدى. زەرگەر ياش قەلب شارابىنى بايان جامىغا تۆكۈپ، ئۇ ئاي سۈپەتنىڭ مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولغىنىنى ئاشكارا قىلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. خوتۇن يەنە زەرگەر ياشتىن:

— سەن ئۇنىڭ تۇرار جايىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. زەرگەر ياش:

— ئۇنىڭ تۇرار جايى ماڭا پەقەت مەلۇم بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. خوتۇن:

— ھەي ئەقىلسىز سەرگەردان بولغۇچى، ئەينەكنى كۆرسەتكىنى «ھازىر كۈندۈزدۇر، ئاشىقلارنىڭ ئىشى كۈندۈز راۋاج تاپماس» دېگەنگە ئىشارەتتۇر. ئەينەكنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتكىنى «ئەگەر ئاشىق بولساڭ كېچە بارغىن، چۈنكى كېچە ئاشىقلارنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر» دېگىنىگە دالالەتتۇر. ئانارنىڭ بەرگىنى سۇغا سالغىنى «ھويلىنىڭ ئالدىدا دەريا بار، دەريا بويىدا بىر تۈپ ئانار دەرىخى بار» دېگەنگە دەلىلدۇر. ئەمدى سەن ھازىر تېخى كېچە بولمىغاندىلا تۇرۇپ، تېز ھەرىكەت قىلىپ، مەشۇقۇڭنىڭ يول نىشانىنى تېپىشقا تەييار بولغىن. دائىم مۇشتاقلار كېچە زۇلمىتىدە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئۆزۈڭنى مەشۇقۇڭنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزگىن، — دېدى. زەرگەر ياش خوتۇننىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئىككىلىنىشتىن كېيىن مەشۇقىنىڭ كوچىسىغا كېلىپ، نىشانلەرنى كۆرۈپ ۋەزىر يەسەرنىڭ قورغىنى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىگە «مەندەك ئاجىز بىسەرەمجاننىڭ بۇ جايغا قەدەم بېسىشىم ئەسلا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ ئۆيىگە كېلىپ ۋەقەنى خوتۇنىغا بايان قىلدى. خوتۇنى بولسا ئەقىل - پاراسەتتە يۈز مەردتىن زىيادە ئىدى. زەرگەر ياشقا:

— ھەي ساددا دىل، مەقسەت جامىڭ ئۇ بارگاھتا غەلىبە ئىستەكلىرى بىلەن لىق تولۇپ مۇددىئايىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىشقىنىڭ بارگاھىدا شاھ تاجى كىيگەنلەر بىلەن كۇلاھ كىيگەن گادايلار باپباراۋەردۇر. ئەڭ ياخشىسى بۇ كېچە مەشۇقۇڭنىڭ كوچىسىدا غايىبلىق پەردىسىدىن بىرەر ھادىسە پەيدا بولغىچە كۈتۈپ ئولتۇرغىن، — دېدى.

قۇياشنىڭ كۆز قاماشتۇرغۇچى نۇرى كېچە زۇلمىتىدىن يۈزىگە قارا يوپۇق ياپقان ۋاقىتتا ئاسمان گۈمبىزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىزادىن غەرىپنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇندى. زەرگەر ياش خوتۇنىنىڭ سۆزى بىلەن بېرىپ، مەشۇقىنىڭ كوچىسىدا كۈتۈپ ئولتۇردى. قازارا، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ بالا - قازانىڭ سەرمايىسى بولغان ئۇيقۇ غالىب كەلدى. كېچىنىڭ بىر ھەسسىسى ئۆتكەندى، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئىختىيارسىز ھەرەمدىن چىقىپ زەرگەر ياشنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ نادان ئاشىقنىڭ غەپلەت شارابىدىن ھوشسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ۋەزىرنىڭ ئايالى كېنىزىكىگە بىرنەچچە ئوشۇقنى زەرگەر ياشنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ھەرەمگە يېنىپ كەلدى. قۇياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى يەر شارىغا چېچىپ ئالەم يورۇدى. زەرگەرياش تۇيۇقسىز ئويغىنىپ قۇياشنىڭ نۇرى پۈتكۈل ئالەمنى مۇنەۋۋەر قىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قورقۇپ، ساراسىمىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. خوتۇنى پاراسەت بىلەن مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈزىدىن توپا-چاڭلارنى ئېرتىپ ئەھۋالنى سورىدى. زەرگەر ياشتا ئىنتىزارلىق ۋە نائىلاجلىقتىن ئۆزىگە ھېچبىر ئەھۋال كۆرۈلمەيتتى. خوتۇن مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇقنىڭ يۈز ئىشىك-

نى ئېچىپ، زەرگەر ياشقا:
— غەمكىن بولمىغىن، ئورنىڭدىن
تۇرۇپ، كىيىملىرىڭنى سېلىۋېتىپ باشقا
پاكىز كىيىملىرىڭنى كېيىپ، ئۆزەڭنى
پاكىز قىلىپ دۇكاندا ئولتۇرغىن، غايىبـ
لار پەردىسىدىن نېمىلەرنىڭ پەيدا بولىدىـ
غانلىقىنى كۆرگىن، — دېدى. زەرگەر ياش
ئورنىدىن تۇرۇپ بەلبېغىنى يەشكەندى،
قوينىدىن بىرنەچچە ئوشۇق يەرگە چۈشـ
تى. خوتۇن:
— ھەي بىخەۋەر، كېچىدە دوستۇڭـ
نىڭ كوچىسىغا بېرىپ ئۇخلاپ قاپسەن، ئۇ
دۆلەتمەن مەشۇقۇڭ ئېھتىياتتا كېلىپ
سېنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىڭنى كۆرۈپ
ئوشۇقلارنى قوينۇڭغا سېلىپ «سەن ھازىر
ياشتۇرسەن، ئىشق ـ مۇھەببەتتىن خەـ
ۋىرىڭ يوقتۇر، بېرىپ ئوششاق باللار
بىلەن ئوشۇق ئوينىغىن» دېگەندىن بېشاـ
رەت بېرىپتۇ. كېچە يەنە بېرىپ ھوشيار
بولۇپ ئولتۇرغىن، ئەلۋەتتە مەشۇقۇڭ
كېلىپ سەندىن خەۋەر ئالىدۇ، — دەپ جېكىـ
لىدى. زەرگەر ياش ئىككىنچى كېچە ئۈـ
مىدۋار بولۇپ مەشۇقىنىڭ كوچىسىغا كېلىپ
ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى. مۇرات ـ مەقـ
سەتنىڭ دۆلەت ئىشكى بەختىنىڭ يۈزىگە
ئېچىلغاندا ئۇ پەرى سۈپەتلىك گۈزەل،
يورۇقلۇقتىكى توزنىڭ نازىدەك، قاراڭغۇـ
دىكى شامدەك ھەممىنى يورۇتۇپ ئىشىك
باقارلارنىڭ غەپلەتتە شاراپ ئىچكەن مەسـ
تەك ياتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىشىكـ
نى ئېچىپ چىقىپ، زەرگەر ياشنىڭ ئالدىـ
غا كېلىپ ئۆلپىتىنىڭ ئىنتىزار بولۇپ ئولـ
تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەلىكە ئىختىيارسىز
قولىدىن تۇتۇپ، ھەرىمىگە كىرگۈزۈپ، كېـ
نىزەكلىرىگە ئەيش ـ ئىشرەت ئەسۋابلىـ
رىنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى. داخشاـ
مۇزىكىچىلار قالۇننى ئەۋجىگە سېلىپ،
كۈمۈش قولـلۇق ساقىلار گۈل رەڭلىك
شارابلارنى كۈمۈش رەڭلىك جاملارغا تۆكۈپ
ئۇنى ئايلانغۇچى پەلەكتەك ئايلاندۇرۇپ
خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمدى. ئىككى مۇشـ
تاقنىڭ بېشىغا ئارزۇلىرىغا يېتىشىش سەۋداـ
لىقى چۈشۈپ بىقارار بولدى. بۇ ۋاقىتتا
ئىككى ئاشىق خۇشال ـ خۇراملىقتىن باشقا
ئىشلارنى ئويلىمايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى
قۇچىقىغا ئېلىپ خۇشال ئولتۇراتتى.
قازارا، كېچە چارلىغۇچى كېچە ئەمرى
شەھەرنى چارلاپ يۈرەتتى. تويۇقسىز
نەزەرى ۋەزىر يەسەرنىڭ ئىشىكىگە چۈشۈپ،
ئىشىك باقارلارنىڭ ھەممىسى غەپلەت ئۇيـ
قۇسىدا ياتقانلىقىنى، ھەرەمنىڭ ئىشىكى
ئاشىقلارنىڭ كۆزىدەك ئوچۇق تۇرغانلىقىـ
نى كۆردى. ھەيران بولۇپ ئۆزىگە: «بۇ
قاراڭغۇلۇق پەردىسىگە يوشۇرۇنغان يېرىم
كېچىدە ۋەزىرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ۋە
ئىشىك باقارلار ئۇيقۇدا ياتىدۇ. بىرەر پىتنىـ
دىن خالى ئەمەس» دېدى. بۇ ئىشلاردىن
خەۋەر تېپىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ،
ئالدىغا بېرىپ يەتتە ئىشىكنىڭ ھەممىسى
ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. تەھلىل قىـ
لىپ ھەرەمنىڭ ئىچىدە بىرەر ئەنسىزلىكـ
نىڭ بارلىقىنى گۇمان قىلىپ ھەرەم ئىشىـ
كىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن
قاراپ، زەرگەر ياش ۋەزىرنىڭ خوتۇنى
بىلەن جاملارنى ئايلاندۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى
قۇچىقىغا ئېلىپ سەرخۇش بولۇپ، خۇشالـ
لىققا چۆمۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.
كېچە چارلىغۇچى ئەمىر دەرغەزەپ ئىختىـ
يارسىز ئىچكىرىگە كىرىپ، قەدزى بىلەن:
— ھەي ئاجىزلار، ۋۇجۇد خامىنىڭىزـ

لارغا ئوت تۇتاشتۇردىڭىزلارمۇ؟ — دەپ تووۋلىدى. زەرگەر ياش بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قورقۇنچىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى ئازلا قالدى. ۋەزىرنىڭ خوتۇنىمۇ پەرىشان بولۇپ، ئەيش-ئىشرەت شىشىسى غەم تېشىغا تېگىپ ئارزۇ شارابى غەملىك ۋە نائۇمىدلىك تۇپرىقىغا تۆكۈلدى. ۋەزىرنىڭ ئايالى بىر كېنىزەككە ئىشارەت قىلىپ، بىر سەر ئالتۇن كەلتۈرۈپ كېچە چارلىغۇچى ئەمىرگە بېرىپ ئۇنىڭدىن دەردمەنلىكتىن قول يىغماي، غايىبتىن كەلگەن ئىشقى بوشلۇقنى پاكلىق بىلەن بايان قىلىپ سىرپەردىلىرىنى يىرتماسلىقنى ئىلتىماس قىلدى. كېچە چارلىغۇچى ئەمىر ئالتۇنغا ئىلتىپات قىلماي، قەدرى-غەزەپكە كېلىپ بۇ ئىككى ئەھۋالى خاراب قارا بەختلەرنى زىندانغا تاشلىدى. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھەيرەتكە تولۇپ بىر يەردە ئولتۇرالماي، ئىزتىراپقا چۈشۈپ، دەردكە دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەقلىدىن مەسلىھەت ئويلىرىنى ھەر تەرەپكە چاپتۇراتتى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ سالامەت قېلىشقا يول تاپالمىدى.

ۋەزىرنىڭ ئايالى زەرگەر ياشتىن ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەدىن ۋاقىپ بولغانلىقى ۋە بۇ توغرىلىق زەرگەر ياشقا ئىشق قائىدىلىرى توغرىسىدا تەلىم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئاخىرى ئۆزىگە مەسلىھەت قىلىپ، بىر كېنىزەككە ئىشارەت بىلەن:

— سەن بېرىپ زەرگەر ياشنىڭ خوتۇنىغا خەۋەر بەرگىن. زەرگەر ياشنىڭ خوتۇنى ئەقىللىق ۋە دانا ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىشتىن ئۇ خەۋەردار بولسا، بۇ مۈشكۈللۈك ئۇنىڭ قولىدا ئاسانلىق تېپىشى مۇمكىن، — دېدى. كېنىزەك تېزلىك بىلەن ئۆزىنى زەرگەر ياشنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ، ھويلىنىڭ ئىچىگە بىر تاشنى تاشلىدى. خوتۇن پىكىر قىلىپ ئولتۇرغانىدى، تاشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پاراسەت بىلەن زەرگەرگە بىرەر ھادىسىنىڭ يولۇققانلىقىنى بىلىپ ساراسىمىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىغا چىقىپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان بىر خوتۇننى كۆردى. خوتۇندىن:

— سەن كىم بولىسەن، قۇرت-قوڭغۇزلار ئويقۇدىكى ۋاقىتتا نېمە مەسلىھەت بىلەن بۇ جايغا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. كېنىزەك ئۇ ئىككى قارا بەختلەرنىڭ ھالى ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى. زەرگەرنىڭ خوتۇنى بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قەنتتىن ھالۋا تەييار قىلىپ، چىنە قاچىنى تولدۇرۇپ، كېنىزەك بىلەن زىندان تەرەپكە يولغا چىقتى.

بۇ تەرەپتە، كېچە چارلىغۇچى ئەمىر بۇ ئىككى ئۆلپەتنى زىندانغا تاشلاپ، ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىرنەچچە قوغدىغۇچى كىشىنى قويۇپ، «ئەتە پادىشاھقا مەلۇم قىلىمەن» دەپ ئۆيىگە قايتتى.

بۇ ۋاقىتتا زەرگەرنىڭ خوتۇنى كېنىزەك بىلەن زىنداننىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، قوغدىغۇچىلارغا دۇئا قىلىپ:

— ھەي ياخشى خۇلقلۇق ۋە بەختلىكلەر، بىر غايىب بولغىنىم بارئىدى. ئەگەر تائالا غايىب بولغىنىمنى ھازىر قىلسا، ئۆز قولۇم بىلەن سولاقتىكىلەرگە ھالۋا ئېتىپ بېرىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم. ئەلھەمدۇلىللا! گۆھەر مەقسىتىم ئەمەلگە ئېشىپ غايىب بولغىنىم پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى. ئەمدى كېلىپ قەسەمنىڭ ھەققىنى بويىنۇمدىن ساقىت قىلسام، — دەپ ياغلىقنىڭ بۇرجىكىدىن بىر ئۇچۇم ئالتۇننى چىقىرىپ قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا قويدى. قوغدىغۇچىلار ئالتۇننى كۆرۈپ خۇشال - خۇرام بولۇپ رۇخسەت بەردى. خوتۇن زىندانغا كىرىپ ھالۋىنى تەقسىم قىلىپ سولاقتىكىلەرگە بېرىپ، ئۇ ئىككى بالاغا دۇچار بولغۇچىلارنى ئۇچراتتى. زەرگەر ياش خوتۇنىنى كۆرۈپ ئايىغىغا يىقىلدى. خوتۇن دەرھال كېيىملىرىنى سېلىپ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ كېيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنى كېنىزەك بىلەن ھەمراھ قىلىپ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى زەرگەرنىڭ يېنىدا قالدى.

قۇياشنىڭ ئالەمنى يورۇتقۇچى نۇرى شەرقنى يورۇتۇپ، سەھەرنى زەڭگەر نۇرىغا تولدۇرۇپ يەنى ئاپتاپ چىقتى. كېچە چارلىغۇچى ئەمىر خۇشال - خۇرام ۋەزىر يەمەننىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئاخشام ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

ۋەزىر يەمەن بىلەن ۋەزىر يەسەرنىڭ ئارىسىدا ئازراق كېلىشەلمەسلىك بار ئىدى. بۇ ۋەقەلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ ئۆزىگە - ئۆزى: «كېچە چارلىغۇچى ئەمىر غەلەت يولغا مېڭىپ ھىيلە قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى مۇنچە دۆلەت ۋە شانۇشەۋكەت ۋەزىر يەسەرگە مۇيەسسەردۇر. نەچچىلىگەن قوغدىغۇچىلار ذويلىنىڭ ئەتراپىدا چارلاپ يۈرىدۇ. زەرگەر ياشتا بۇنچىلىك دەرىجىدە جۈرئەت قىلىشقا نېمىمۇ ھەددى بولسۇن» دەپ ئويلاپ كېچە چارلىغۇچى ئەمىردىن گۇمان قىلدى. كېچە چارلىغۇچى ئەمىر ئۆز سۆزىنى ياقلاپ مۇبالىغىنى ھەددىدىن ئاشۇردى. ئاخىرى ۋەزىر يەمەن ئۆز خىزمەتچىلىرىدىن بىرنەچچىنى زىندانغا بېرىپ ۋەزىر يەسەرنىڭ خوتۇنى بىلەن زەرگەر ياشنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار كېلىپ زەرگەر ياش بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى زىنداندىن چىقىرىپ ۋەزىر يەمەننىڭ خىزمىتىگە ھازىر قىلدى. زەرگەر ياشنىڭ خوتۇنى: «كېچە چارلىغۇچى ئەمىرنىڭ دەستىدىن داد - پەرياد!» دەپ نالە - زار قىلىپ، ۋەزىر يەمەنگە:

— ھەي ۋەزىرى ئەزەم، جاھان سۇلتانىنىڭ ئادالەت زامانىدا، سېنىڭدەك ۋەزىرنىڭ ۋاقتىدا قوي ۋە قوي باققۇچىلار ئاماندۇر. كېچە چارلىغۇچى ئەمىردىن بىز ئىككى ئاجىزغا زۇلۇملار يەتتى. بۇ ئىشقا يۇلتۇزلار ھەيران، پەلەك لەرزان بولدى. يەنى ئاخشام ئۆيۈمدە ئېرىم بىلەن كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئېلىۋاتاتتۇق. كېچە چارلىغۇچى ئەمىر مەست خۇدىنى يوقاتقان ھالدا كىرىپ چېچىمىدىن تۇتۇپ سۆرەپ تارتقاندى، ئېرىم ھىمايىسىگە ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانىدى، ئۇ بىچارىنىڭ ئىككى قولىنى باغلاپ نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن ئېلىپ كېلىپ ئىككىمىزنى بىرلىكتە زىندانغا تاشلىدى، — دەپ ئەرز قىلدى. ۋەزىر يەمەن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن خوتۇننىڭ سۆزىنى توغرا دەپ بىلىپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتىپ زەرگەر ياشنى خوتۇنى بىلەن كۆپ ئىززەتلەر قىلىپ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ كېچە چارلىغۇچى ئەمىرنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا كۆپ ھاقارەتلەر قىلىپ، زىندانغا تاشلىدى.

ۋەزىر ھېكايىسىنى تامام قىلىپ، كۆپ نەسىھەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن:

— ھەي شاھزادە، بۇ ئالىي نەسەبلىك جەمەتلەرنىڭ ئەقلى كوتا. ئۇلارنىڭ زاتى ئاراستىلىققا ئۆگەنگەن. سەن ئۇلارغا كۆڭلۈڭنى بېرىپ، مېڭەڭدىن ئېزىپ، مالامەت دامىغا گىرىپتار بولغىنىڭ خۇشاللىنارلىق ئىش ئەمەس، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ خوشلاشتى.

**بىر ئەپلاتون تەبىئەتلىك ۋەزىرنىڭ نەسىھەت گۆھەرلىرىنى چېچىپ، شاھزادىگە نەسىھەت بەرگىنى**

بەشىنچى كۈنى بىر دانا ۋەزىر شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ نەسىھەت مەيدانىغا جىلۋە بېرىپ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

بىر شەھەردە بىر ياش بولۇپ ئۇ ئەمىرگە نەۋكەر ئىدى. ھەمىشە ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئەمما خوتۇنلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچاتتى. ھەمىشە شارابنىڭ سەرخۇشلۇقىدا ئۆزى يالغۇز دۇنيادىن مۇستەسنا ياشايتتى.

ئۇ ياش نەۋكەرنىڭ ھەمىشە بىللە ھەمراھ بولۇپ يۈرىدىغان بىر دوستى بار ئىدى. بىر نەپەس بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا تۇرمۇش مەززىسىزدەك بىلىنەتتى. بىر كۈنى دوستى نەۋكەردىن:

— ھەي بۇرادەر، مۇنچە دۆلەت ۋە شەۋكەتنى تەڭرى تائالا ساڭا بېرىپتۇ. نېمە ئۈچۈن بىرەر نازىنىن قىزنى نىكاھىڭغا ئېلىپ ئۆمرۈڭنى خۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزمەيسەن، چۈنكى تەڭرى تائالا دۇنيادىكى لەززەت ۋە نېمەتنى ئىنسان جىنسىغا يەنى مەردلەرگە ئاتا قىلغاندۇر. ئايالسىز ئىشرەت بولماس، يەنى خوتۇن بىلەن سۆھبەت قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق ھالاۋەت ئۇنىڭدىن زىيادە ئەمەس. مۇنداق سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ ئېزىز ئۆمرۈڭنى تەنھالىق بىلەن ئۆتكۈزمەككىنى بۇ سۆيگۈ - ئىشرەتكە تولغان ئاۋات دۇنيادىن توي قىلماي ئۆتۈشنى ئەقىل مەسلىھەتى توغرا تاپمايدۇ. بۇنداقلار ئاز تېپىلىدىغان تەرسا ۋە ئەقىلسىزلەردۇر. بۇنداق كىشىلەرگە توي قىلىش زۆرۈردۇر، — دېدى.

نەۋكەر:

— ھەي مېھرىبان دوستۇم، گەرچە سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى جانىغا ھالاۋەت بېغىشلايدىغان سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن خوتۇنلار توغرا يولدىن ۋە راستلىقتىن تېيىپ تاپتىن چىققاندۇر. گۈلگە ئوخشاش ۋۇجۇدى ۋاپانىڭ رەڭگى ۋە ھىدلىرىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ گۇرۇھ بىلەن مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاشنالىقنى تەرك قىلىپ مۇناسىۋەت قىلمايۋاتىمەن. ئەمدى ئەگەر ئىختىيار قىلسام مەردلەرنىڭ ئارىسىدا ھەسرەت ۋە شەرمەندىلىككە سەۋەبچى بولۇشۇمدىن قورقۇپ تا بۇ ۋاقىتقىچە يۇقىرى كۆتەرگەن نام بايلىقىمنى يىقىتىپ، قالغان ئۆمرۈم نومۇس ئىچىدە ئۆتمىسۇن دەپ ئەندىشىدىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. نەۋكەرنىڭ دوستى:

— ھەي دوستۇم، بۇ ئىشەنچىلىك بولمىغان بولمىغۇر خىيالدۇر. ئۇ ئۇمۇمەن-

لۇققا ئىگە ئەمەس. بەلكى بىر قىسمى بولسا ساپ - ۋاپادار، ساداقەت بىلەن ئۆزىنى ئېلىپەر گۈمبىزىنىڭ ئاستىدا پەردازلىغاندۇر. يەنە بەزى بىر قىسىم خوتۇنلار بولسا پاك بەختلىكلىكىدىن، تۈز كۆڭۈللۈكلىكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە دۇنيانىڭ مەركىزىي ئوقى جايلاشقاندۇر. ئەگەر ئاياللار بىلەن تويي قىلىش ۋە ئالاقە قىلىش ئادىتى بولمىغان بولسا ئالەمنىڭ بىر پۈتۈن تەرتىپى بۇزۇلۇپ، ئۇرۇق - ئەۋلاد يېتىشتىرلىرى قۇرۇپ دۇنيانىڭ قائىدە - نىزاملىرى تامام بولۇپ ئازلا پۇرسەتتە هالاكەتكە يۈز تۇتقان بولاتتى. بۇ بولمىغۇر خىياللار سېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپتۇ. بۇ ناساۋابلىقتىن قايتقىن ۋە بۇ ئۇلۇغ نېمەتتىن مەهرۇم بولمىغىن. هازىرمۇ گۈلدەك هاياتىڭدا ياش نوتىدەك ئۆەرۆڭدە ۋە گۈل رۇخسارىڭدا سۇ رەڭلىك ياشلىق باهارىدىن ياپپېشىللىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كۆزىنىڭ جۇت شۇۋىرغانى ۋۇجۇد گۈلشىنىڭگە قىرلىق ئېلىپ كەلمەپتۇ. بۇ ئۇلۇغ دۆلەتتىن قۇرۇق قالما، ئۇنى قولۇڭدىن بەرمىگىن. كېيىن هامىنى ئەپسۇس ۋە نادامەت چەكسەڭ هېچ پايدا قىلماس، — دەپ نەسىهەت قىلدى. نەۋكەر دوستىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە نەسىهەت قىلىشى ئارقىسىدا تىنىچ - ئامانلىق يولىدىن چىقىپ، خوتۇن ئېلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، كۆپ ئىرىشىشلاردىن كېيىن ئېپپەتلىك خانىداندىن ۋە ئىززەتلىك نەسەبتىن ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزنى ئۆز نىكاهىغا ئېلىپ، ئۆيىگە كەلتۈردى، بىرنەچچە پەدبەختلىك پۇراقلىرى بولمىغان قائىدە - يوسۇنلۇق خوتۇنلارنى خىزمىتىگە يېقىن قىلىپ، كىچە - كۈندۈز شەرمى هايادىن

سۆزلەر ئېيتىپ، ئۇلارنى ناچار ئىللەتلەردىن ۋە زۆرۈر بولمىغان ئىشلاردىن مەنئىي قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىرنەچچە مۇددەت مۇشۇ تەرىقىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ سۆهبىتى كىشىلەرنى ئەسىر قىلىپ، ساداقەت پاكلىقى مەدهىيىلىنىپ ۋە ئۇلار ئىززەتلىنىپ بۈيۈك ئورۇنغا قويۇلۇپ، شەرمى هايادا ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. نەۋكەر خوتۇنىنىڭ پاك بەختلىكلىكى ۋە ۋاپادارلىقىنى كۆرۈپ ئۆز جۇپىدىن مەمنۇن بولۇپ خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ مۇشۇ هىدلىقىنىڭ بۇدۇر چېچىنى باغلىنىپ، شېرىن شەربەتلەردىن هايات شىرنىلىرىنى ئىچىپ، كىشى ئۆزىگە مەهلىيا قىلىدىغان خورما كۆچىتىدەك قامىتىدىن ئۈمىد مېۋىلىرىنى تېرىپ، كۆڭلىنىڭ مېۋەزارلىقىنى ساپلاشتۇرغانىدى. نەۋكەر نادانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىنى تولىمۇ مەنىسىز بىلىپ، ئۆزئارا هەمسۆهبەت ئۈلپەتچىلىك بىلەن هاياتىنى يېڭى مەنىلەرگە تولدۇراتتى. قىزمۇ خوتۇنلارنىڭ رەۋىش رەپتارىنى بىلمەي كۆڭلىنى نەۋكەرنىڭ مۇهەببىتىگە باغلاپ، چىن كۆڭلى بىلەن خىزمىتىنى قىلاتتى. نەۋكەر ياش دۆسۈن - جامالىنى هايا بىلەن، ناز كەرەشمىنى ۋاپادارلىق بىلەن بېزەپ، پۈتكۈل جان دىلىنى مەهبۇبىغا تەقدىم قىلغانىدى.

قەزارا، نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، نەۋكەر باشقا نەۋكەرلەرگە زۆرۈر بولغان سەپەر ئىرادە بولۇپ، ئىلاجىسىز خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ غۇربەتچىلىكنى ئىختىيار قىلدى. خوتۇن كۆزلىرىنى تارام - تارام ياشقا تولدۇرۇپ، باغرىنى كاۋاپ قىلىپ، زار - زار يىغلاپ ئولتۇردى. نەۋكەر ياشمۇ

خوتۇننىڭ پىراقىدا دائىم نالە قىلىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى بۇ خوتۇن تازا زارىقىپ، دەرۋازىغا چىققانىدى، كېلىشكەن قەددى-قامەتلىك بىر يىگىتكە كۆزى چۈشتى. ئەزەلدىن ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇۋۇ ھىددىنى پۈرىمىغانىدى، ھايا يۈزىدىن دەرھال نىقابىنى يۈزىگە سېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى.

ئۇ ئۇلپەت يىگىت، ئۇ گۈزەل ھۆسنىن جامالىق خوتۇننى كۆرۈپ، ئەقىل ھوشىدىن ئېزىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ دەرھال بىر ھىيلىگەر موماينى تېپىپ، بىر ئوچۇم ئالتۇننى قولىغا تۇتقۇزۇپ، مەشۇقىنىڭ ماكانىدىن خەۋەر بېرىپ:

— سەن ئۇ گۈزەلنى بىر ئامال بىلەن قولىغا كىرگۈزۈپ مەقسىدىمنى ھاسىل قىلساڭ،— دېدى. ھىيلىگەر خوتۇن بىر سېۋەتنى گۈلگە تولدۇرۇپ، گۈل سوۋغا قىلىش باھانىسى بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ يېقىنچىلىق قىلدى. ئۇلاردا ئۆزئارا بىرلىك ئۈستىگە دوستلۇق پەيدا بولدى. كۆپ ۋاقىتلاردا خوتۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەر تەرەپتىن ئاشىقانە ھېكايىلار ۋە مەشۇقانە ئەپسانىلەرنى سۆزلەيتتى. ئۇ بۇزۇق خوتۇن گەرچە بۇ سۆزلەرنى ئېشىتىپ ئېتىراز بىلدۈرگەندەك خاپا بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق موماينىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن جۇملىسمۇ جۇملە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئازلا ۋاقىتتا يولدىن ئېزىپ، ھىيلىگەر خوتۇننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ئەگىم قاشلىرى بىلەن ئاشىقى تەرەپكە ئىشارەت ۋە بېشارەتلەر قىلاتتى. شارابنىڭ قوزغىشىدىن شەۋق دەرياسى مەۋج ئۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن ۋاقىتتا ھىيلىگەر خوتۇنغا قارىماستىن ئاشىقىنى ئۆزى خىلۋەتكە چاقىرىپ، ئىشرەت شارابىنى ئايلاندۇرۇپ ئىچتى. بۇ ۋەقەدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ھوقۇقى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىشك ئۈستىدە قويۇپ، ناھايىتى بىغەملىك بىلەن ئاشىقىنىڭ قولىدىن شاراب ئىچىپ، ئۆمرىنى ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېرى سەپەردىن سالامەت ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. نەۋكەر خوتۇنىنىڭ پىراقىدا قامىتى ھىلال ئايدەك ئېگىلىپ، ناتىۋانلىقىدىن پەرۋانىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى خوتۇنىنىڭ جامالى بىلەن روشەن بولۇپ، مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەۋاتقان بالا دولقۇنىدىن ئۈمىد ساھىلىگە چىقتى، زور شەۋق بىلەن خوتۇننى باغرىغا تارتىپ، شۈكرى سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئەلھەمدۇلىللا (ئاللاغا رەھمەت) ھۆسنى جامالىڭنى كۆرۈپ، كۆزۈم نۇرغا تولۇپ، تەلىيىم يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، خۇشاللىقىم ئەۋجىگە يەتتى، يەنى ۋىسال دۆلىتىگە ئېرىشتىم، پىراق كۈنلىرى تامام بولدى،— دېدى. خوتۇن يېڭى ئۇلپىتىنىڭ لەززەتلىك قوچاقلاشلىرىدىغا ھەم ئاشىقىنىڭ ئىشق مەيخانىسىدىن ئىچىدىغان شارابىقا كۆنۈپ قالغاچقا، ئېرىنىڭ كەلگىنىدىن پەرىشان بولۇپ كۆڭلىدە: «بۇ بەختى شور غۇربەت دەشتىدىن سالامەت چىقمىغان بولسا، كاشكى» دەپ ئويلاپ غەم-غۇسسىدىن ھالاك بولۇشقا ئازلا قالغانىدى. ئېرى خوتۇننىڭ پەرىشانلىقى يوقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم يولالماي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى

سوردى.

خوتۇن:

— سىنىڭ پىراق دەردىڭنى ئادەت قىلغانىكەنمەن، مۇبادا يەنە سەپەر بىشىڭغا كېلىپ، غۇربەتچىلىكنى ئىختىيار قىلساڭ، مەن پىراق ئوتىغا چۈشۈپ مىھنەت ئىشتىياقىغا گىرىپتار بولغايمەن، شۇڭا بۇ سەۋەبتىن پەرىشانمەن،— دەپ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ھەر قىسمى سۆزلەر بىلەن خۇش قىلىپ تىنىجىتاتتى.

بۇ ۋەقەدىن نەچچە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئاشىقىنىڭ ۋىسالىدىن ئارزۇ ئارمانى ھاسىل بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ جۇنۇن سەۋدالىقى دىمىغىغا ئۇرۇپ غايەت غەم-غۇسسىدىن ناتىۋانلىق تۆشىكىگە يىقىلدى، ئۆزىنى جاپا-مۇشەققەتكە گىرىپتار قىلىپ، دەللال خوتۇننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي مېھرىبان ئانا، مەن بىچارە سەرگەردانىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپمۇ قويمىدىڭ، مەن ئىككى بالاغا گىرىپتار بولدۇم بىرى ئاشىقىمنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم قالدىم، يەنە بىرى ھەر ۋاقىت كۆزۈمنى ئاچسام-لا ئېرىمنىڭ شۇ نامۇبارەك يۈزىنى كۆرىمەن. بۇ ئىككى سەۋەبتىن تاقىتىم تاق بولدى. ئۆلمەككە رازى بولدۇم. ئەمدى ئەقىل مەسلىھەتى يار بولۇپ، كۆڭلۈمدە مۇنۇلار مەلۇم بولدى. ئۆزۈم جاپا-مۇشەققەتتىن كېسەل بولدۇم، ناتىۋانلىق تۆشىكىدە يېتىپ، تىنىقىم توختاش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىمەنكى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەندىن باشقا كىشى ئۆلۈكۈمنى يۇمىسۇن، گۆرگىمۇ ئۆزۈڭ قويغىن. نامەھرەمنىڭ نەزىرى تاۋۇتۇمغا چۈشمىسۇن، بىراق سىن ئاۋۋال ئاشىقىمغا خەۋەر بەرگىن، ئۇ تەييار بولۇپ تۇرسۇن، خەلق مېنى گۆردە قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ دىلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى يارى مېھرىبانىم لەھەمە قىزىپ گۆرۈمدىن تۆشۈك ئېچىپ مېنى ئېلىپ چىقسۇن، بىز باشقا شەھەرگە بېرىپ قالغان ئۆمرىمىزنى ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ كىشىلەردىن خالى تۇرمۇش ئۆتكۈزگەيمىز، — دەپ يالۋۇردى.

دەللال خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن تەھسىن-ئاپىرىنلار ئوقۇپ، ئاشىقىغا خەۋەر قىلدى. ئۇ ناپاكمۇ بۇ مەسلىھەتنى چوڭ دۆلەت بىلىپ خۇرسەند بولۇپ بېشى ئاسمانغا يەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مەككار خوتۇن ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ ناتىۋانلىق تۆشۈكىدە يېتىپ نەپىسىنى بىردەم چىقىرىپ، بىردەم چىقارماي، بىر كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن، تىنىقى ئۈزۈلۈش ھالىتىگە چۈشتى. ئېرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياقىسىنى چاك قىلىپ، تۇپراقلارنى بېشىغا چېچىپ پەرياد-پىغان قىلىشقا باشلىدى. مەككار خوتۇن قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، بۇزۇق خوتۇن بىلەن مەسلىھەتنى بىرگە قىلىپ، ۋەسىيەتلەر قىلدى. سائەتتىن كېيىن نەپسىنى قىسىپ، ئۆزىنى ئۆلۈك كۆرسىتىپ، پەقەتلا نەپسىنى چىقارمىدى. ئېرى پەرياد-پىغان سېلىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇ مەككار بۇزۇق خوتۇننى يۇيۇپ كېپەنلىكىگە يۆگىدى. كەچ بىلەن جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ مازارغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىپ ياندى. خوتۇنىنىڭ ئۆلپىتى قولىغا گۆرجەك ئېلىپ بىر بۇلۇڭدا ساقلاپ تۇراتتى. كىشىلەر يانغاندىن كېيىن، دەرھال كېلىپ، قەبرىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىپ ئۇ قارا بەختىنى قەبرىدىن چىقىرىپ يەنە گۆرنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى، ئۆ-

يىگە كېلىپ، ئىككى ئاتقا مىنىشتى، تېزلىك بىلەن يۈرۈپ، باشقا بىر شەھەرگە يەتتى، بۇ يەردە ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ ئەيىش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

بۇ تەرەپتە، دەللال خوتۇن ئۆيىگە كېلىپ بىچارە يىگىتنىڭ يېنىدا ھىيلە-مىكىر بىلەن يىغا-زارە قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ پىغان چېكىپ ماتەم تۇتتى. ئۇ ساددا دىل ياش بولسا خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن غاپىل بولغاچقا خوتۇننىڭ پىراقىدا زار-زار يىغلىدى، ماتەم لىباسلىرىنى كىيىپ، ئۆزىنى مەڭگۈلۈك مۇسىبەتكە گىرىپتار قىلدى، قوۋم-قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، مازاردا ماكان تۇتۇپ، قەبرىگە شەيخ بولۇپ ئولتۇردى. كېچە-كۈندۈز كۆزىدىن قان-ياشلىرىنى ئاققۇزدى. تائام ئورنىغا غەم يەپ مەشۇقىنىڭ مازىرىدا ھازا تۇتۇپ مەجنۇنلاردەك قەبرىگە باش قويۇپ ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلماي ئۆتتى. دوست-دۈشمەنلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھېسداشلىق قىلاتتى.

بۇ ئىشلاردىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتتى. قازارا، ئۇ شەھەردە بىر دەللال خوتۇن بار بولۇپ رەستە بازاردا دۇكان ئېچىپ ئايال جەمەتىگە لازىم بولغان ئەسۋاب-سايمانلارنى ساتاتتى. بەزىدە بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، كوچا دوقمۇشلاردا يۈرۈپ، خوتۇنلار بىلەن ئىلىم-بېرىم قىلىشاتتى. بۇ دەللال خوتۇننىڭ ئۇ قارابەخت بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن دەللال خوتۇن پەلەك ھادىسلىرىدىن سەرگەردان بولۇپ، كۈنگەن ۋەتەندىن كۆچۈپ، ئۇ ئىككى قارابەخت بېرىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرگە كەلدى. تۇرمۇش مەئىشىتى ئۈچۈن دۇكان سېلىپ، ئۆز كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇردى. بەزىدە ئادىتى بويىچە دۇكاندىن چىقىپ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيلەرگە كىرىپ ماتالارنى سېتىش ئۈچۈن كىشىلەرگە كۆرسىتىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى شەھەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز ئۇ بۇزۇق خوتۇن ئولتۇرغان ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ قارا بەختىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆرگەن ھامان تونۇپ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، مۇلاھىزە بىلەن نەۋكەرنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدى ھەم ئۇنىڭغا:

— ھەي خوتۇن، سەن نەۋكەرنىڭ خوتۇنى ئەمەسمۇ؟! سەن ئۆلگەنىدىڭ، سېنىڭ پىراقىڭدا ئېرىڭ ئەقلىدىن ئايرىلىپ، يېقىنلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، مازىرىڭنى ماكان قىلدى. سەن ئەمدى ماڭا ئېيتقىنكى، يوقلۇق ئالىمىدىن ۋۇجۇدلۇق قانداق تەرىقىدە بۇ ئالەمدە پەيدا بولدى. تەڭرى تائالانىڭ ھەققى ئۈچۈن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ماڭا بايان قىلغىن، بولمىسا قاتتىق ئەجەبلىنىشتىن جۇنۇن سەۋدالىقى دىمىغىمغا يول ئېلىپ ساراڭ بولغايمەن، — دېدى.

ئۇ مەككار خوتۇن بۇ خوتۇننى تونۇمىغانغا سېلىپ، پەقەت تونۇشلۇق بەرمەي، ئۇنى دىۋانىگە تەڭ قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. دەللال خوتۇن بولسا، ئۇ قارا بەختىنىڭ ئېرى بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۆزىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزۈپ، ھازىرمۇ خوتۇنىنىڭ قەبرىسىدە زار-زار يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاۋۋال رەسىم قائىدە بويىچە ھال-

www.uyghurkitap.com



ئەھۋال سوراپ خوتۇننىڭ ھۆسنى-جامالى، ۋاپادار-مېھرىبانلىقىنى بايان قىلىپ ئەھۋالىنى سورىدى. نەۋكەر خوتۇننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان جۇنۇنلۇقى ئۆرلەپ كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ زار-زار يىغلىدى. دەللال خوتۇن:



— ھەي ساددا ياش، خوتۇنۇڭ ساق-سالامەت ئاشىقىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، قەدەھلىرىگە مەڭگۈلۈك ئارزۇ شەربەتلىرىنى تەكۈپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇلدۇر. سەن غەم-قايغۇ ئوتىدا يېنىپ دۇنيانىڭ پەرىشانلىقىنى كۆڭۈلگە نەقش قىلىپسەن، — دېدى. نەۋكەر بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، خوتۇنغا:

— ھەي خوتۇن، بۇ قانداق ئەقىلسىزلىق، سەن جۇنۇنۇمنى قوزغىغۇچى بۇنداق سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن ئېيتىسەن، سەن مېنى ھەزىل ياكى مازاق قىلماقچى. سېنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار، سەن مېنىڭ جىگەر باغرىمنى بالا تىغى بىلەن چاك قىلىۋاتىسەن. ئۇ ياخشى خۇلقلۇق خوتۇن بولسا جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ، ئەزاسى تۇپراق بىلەن تەڭ بولدى. قانداقسىگە ئۇلپەتى بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇرىدۇ! ئۇنى ئەيسا پەيغەمبەر نۇزۇل قىلىپ، ئۇستىخانلىرىغا دەم سېلىپ مۆجىزە بىلەن قايتا ئاپىرىدە قىلغانمىدۇ؟! — دەپ يۈزىنى بۇرىدى. دەللال خوتۇن:

— ھەي نادان يىگىت، سەن خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن غاپىلسەن، ئەگەر سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ بۇ سىرنى ساڭا ئاشكارا قىلاي، مەن بىلەن بىرگە يۈرگىن. سەن خوتۇنۇڭنىڭ جامالىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ئاندىن گېپىمگە ئىشەنگەيسەن، — دېدى. نەۋكەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق دەرياسىغا غەرق بولۇپ، دەللال خوتۇننىڭ قۇترىتىشى بىلەن خوتۇنى ئولتۇراقلاشقان شەھەرگە باردى. ئىختىيارسىز ھويلىغا كىرىپ، خوتۇننىڭ ھەرخىل زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن ياسىنىپ بەختكە تولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، يەنە بىر ياش ئالدىدا شاد-خۇرام شاراب ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. نەۋكەر بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ دىماغ جامىدىن ھوشسىزلىق شارابى تۆكۈلدى، گويا سۈرەتتەك قارشىسىدا ھەيران بولۇپ، بۇ ئاجايىپ ۋە غارايىبلارنى چۈشىدە كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ئويغاقلىقىدىمۇ بىلمىدى. سائەتتىن كېيىن خوتۇنىدىن:

— ھەي پاك غۇبارسىز، سەن بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىدىڭ،

قانداق يوسۇندا سالامەت چىقىپ، ھاياتلىق مەيخانىسىدىن جاملارنى توشقۇزۇپ ئىچتىڭ، يەنى تىرىلىپ بۇ ماكانغا كەلدىڭ، — دەپ سورىدى. مەككار خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي، پەرياد-پىغان تارتىپ:

— ھەي مۆمىنلەر ۋە خولۇم-خوشنىلار مېنىڭ دەردىمگە يېتىپ ئەھۋالىمغا رەھىم قىلىڭلار. بىر مەجنۇن نامەھرەم ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىپ ماڭا قەست قىلىۋاتىدۇ، — دەپ تووۋلىدى. خولۇم-خوشنىلار خەۋەردار بولۇپ ھەر تەرەپتىن نەۋكەرنى ئارىغا ئېلىپ، ئىزا ئاھانەت قىلىشماقچى بولدى. نەۋكەر كەلگەن كىشىلەرنى خۇش خۇيلۇق بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ بولغان ۋەقەنى باشتىن ئاخىر بايان قىلدى. كىشىلەر بۇ ۋەقەدىن تەئەججۈپلەر قىلىپ خوتۇننىڭ ھىيلە-مىكرىگە قول قويۇشتى. بۇ ۋەقە پۈتۈن خەلق ئارىسىدا داڭق كېتىپ نەۋكەرنى خوتۇنى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بولغان ۋەقەلەرنى بىر-بىر بايان قىلغۇزدى. نەۋكەر بولسا بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغىچە بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇ قارابەخت خوتۇننى ئاشىقى بىلەن ئالدىغا تارتىپ چىقىپ، يۈزمىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن ھالاك قىلدى. ئەسلىدىكى دەللال خوتۇن بولسا بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. ئۇنىڭمۇ يۈرتىدىن ھازىر قىلىپ، بۇ ئىككى بەتبەختلەرنىڭ ئارقىسىدىن جەھەننەمگە يولغا سالدى. نەۋكەر بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن خەلق ئارىسىدىن چىقىپ، قالغان ئۆمرىنى سەھرالاردا ئۆتكۈزۈپ، پاك ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، ئاخىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ۋەزىر ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ:

— ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك شاھزادە، بۇ ھىيلىگەر جەمەتىنىڭ ئۇسۇلى يالغانچىلىقتۇر. ئۇلار ھىيلىگەرلىكىنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلغاندۇر، سەن ئۇلارغا كۆڭلۈڭنى بېرىپ ئۆزۈڭنى مالامەت مەيدانىغا دۇچار قىلما، — دەپ نەسىھەت قىلدى ۋە رۇخسەت سوراپ، ئۆز جايىغا قايتتى.

**بىر دانا ۋەزىرنىڭ نەسىھەت گۈلىستانىدا بۇلبۇلدەك سۆزمەنلىك قىلغىنى**

ئالتىنچى كۈنى، يەنە بىر ۋەزىر «ئەي شاھزادە» دەپ ھېكايىسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

ئاۋات، كەڭ-كۇشادە بېنگال دۆلىتىنىڭ پەرمان بەردار بىر پادىشاھى بار ئىدى. ياشلىق ۋە نەۋقىرانلىقتا ئۇنىڭ تەگدىشى يوق ئىدى. مەرھەمەتىدىن دوستلار كۆڭلىگە مېھرى ۋە قەھرىدىن دۈشمەنلەر كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا بولاتتى. شەھەردە ئون تۆت ياشقا كىرگەن بىر نازىنىن قىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ چىراي رۇخسارىدىكى نۇر شولىسى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئاسمانىنى يورۇتۇپ، نۇرلىرىنى چاچاتتى. پادىشاھ ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. پادىشاھ ئۇ نازىنىن قىزنىڭ ھەمراھلىقىنى تۇرمۇشىنىڭ ئېسىل مېۋىسى دەپ بىلىپ، مۇھەببىتىنى كۈچەيتىشكە ھەر دائىم تى-

رىشاتتى. پادىشاھ مۇھەببەت مەيخانىسىدىن مەي ئىچىپ، مەستلىك شەۋقىدىن ھەر بىر تال قارا چېچىغا ئۆزىنى قۇربان قىلاتتى. خوتۇن بولسا گۈزەل ھۆسن - جامالىدىن مەغرۇرلىنىپ ھەمىشە مېھىر قوزغىغۇچى سۆھبەتلەر ۋە ناز - كەرەشمىلەر بىلەن پادىشاھنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇستىلىق بىلەن سادىقلىقنى نامايان قىلاتتى. پادىشاھ قەسىر ئىچىگە بىر ئۆي بىنا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىددىستامىسمار (قۇرۇلۇش) چىلارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئالىي ئىمارەت پۈتتى. ئۇ ئىمارەتنىڭ ئۆي ئىچىنى باشتىن - ئاياغقىچە ئەقىل قۇشلىرىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە نەقىش قىلىشنى بۇيرۇدى. ماھىر ئۇستىلار مۆجىزە ياراتقۇچى قەلەملىرى بىلەن ئاز ۋاقىتتىلا ئۆينىڭ تۆت تەرىپىنى نەقىش زىننەت بىلەن تولدۇرۇپ ئىشنى تاماملىدى. پادىشاھ ئۇنى ئېسىل پالاسلار بىلەن بېزەشنى بۇيرۇدى. ئاندىن مەشۇقى بىلەن بىنانى كۆرۈش ئۈچۈن كىرىپ، بارلىق تەسۋىرلەرنى تاماشا قىلدى. شۇ ئەسنادا خوتۇننىڭ كۆزى بىر گۈزەل ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە چۈشتى. ئۇ تەسۋىرلەر ئىچىدە بىر بەدەننىڭ سۈرىتى نەقىش قىلىنغان بولۇپ، خوتۇن ھايادىن دەرھال يۈزىگە نىقاب ياپتى. پادىشاھ بۇ ئىشتىن كۆپ ھەيران بولۇپ خوتۇنىدىن:

— ئەي مەلىكە، دۆلەت سارىيىدا غەيرىينىڭ ۋە نامەھرەمنىڭ سۈرىتى مەۋجۇت ئەمەس. يۈزۈڭنى يوشۇرغىنىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ مەككار خوتۇن:

— ھەي پادىشاھ، بۇ سۈرەت نامەھرەم كىشىنىڭ سۈرىتىدۇر. ئۇنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ نائىلاج يۈزۈمگە نىقاب تارتتىم. مەن غەيرى سۈرەتنىڭ يۈزۈمنى جىلۋىلەندۈرۈشىنى خالىمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ خوتۇنىنىڭ پاك، ۋاپادارلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ ئىخلاس - ئېتىقادى يۈز دەرىجە زىيادە بولدى. بۇ ئىشتىن نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ، پادىشاھلىق تۆشكىدە دەم ئېلىپ ياتاتتى. خوتۇن يوتقان - كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر مۈشۈك كىرىپ يوتقان - كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، بىر ئۆرۈلۈپلا خوتۇن سۈرىتىدە بولۇپ مەلىكىگە سالام قىلدى. مەلىكە ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب بېرىپ ئورنىدىن تۇردى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئۇ پادىشاھنى ئۇيقۇدا گۇمان قىلىپ قورقۇنچسىز ھالدا ئۆزئارا ھەر تەرەپتىن پاراڭلىشىپ خۇشال بولۇشتى. مەلىكە خوتۇندىن:

— بۇ ۋاقىتتا نىمە سەۋەب بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. خوتۇن ئەلچى تەلەپپۇزىدا خەۋەرلەرنى تېز يەتكۈزۈپ، مەلىكىگە:

— ھەي مەلىكە، پالانى ئاچىمىزنىڭ ياخشى مۇراسىم ئىشتىياقىدىن كېيىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بۇ كېچە ئۇ قىزنى توي قىلىپ، پالانى يىگىتكە بېرىدۇ. بارلىق يار - دوست، قېرىنداشلار ھەممىسى توپلىشىپ، ئارزۇ - ئارمان ئەسبابلىرىنى تەييار قىلىپ، بەخت - ئىقبال ۋە خۇشال خۇراملىققا چۆمۈپ، ئولتۇرۇش ياساۋاتىدۇ. بىراق سىزنىڭ ۋۇجۇدۇڭ بۇ ئولتۇرۇشتا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئولتۇرۇش نۇرسىز كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بارلىق خوتۇنلارمۇ

سىنىڭ قەدەم شەرىپىڭگە تەقەززادۇر.
ئەگەر بۇ كېچە ئۆزۈڭنى يەتكۈزمەسەڭ،
ھەممىسىنىڭ كۆڭلى سەندىن رەنجىيدۇ.
ئەگە، بۇرۇنقى مېھرى-شەپقىتىنىڭ ھۆر-
مىتىنى قىلىپ، خۇشاللىق ھەشمەت نۇ-
رى بىلەن مۇشتاقلارنىڭ ئارزۇلۇق كېچە-
سىنى مۇنەۋۋەر قىلساڭ ناھايىتى ئالىيجا-
نابلىق بولىدۇ. يەنە كۆڭلۈڭ مۇھەببىتىگە
تەشنا بولغان، زىچ ۋاقىت مۇھەببىتىگە
ئېرىشەلمىگەن، ھەمىشە ئارزۇسىدا يۈرگەن
يىگىت بۇ كېچە تۇزاققا چۈشۈپتۇ. ئەگەر
مېھرىبانلىق قىلىپ بارساڭ تەمەننا چى-
لانلىرى مېۋە بېرىپ، ۋىسال شارابىدىن
مەست بولغايسەن، — دېدى. مەلىكە بۇ
سۆزلەرنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ:
— ھەر كۈنى سەھەردە دۇئا قىلغى-
نىم مەقبۇل بولدى. سەھەر ئۇيقۇ ئارزۇ-
دىن يېرۇپ، ئىنتىزار چىمەنلىرى مەق-
سەت يامغۇرىغا ئېرىشىپ، مەقسىتىم ھا-
سىل بولدى. نەغەز گۈلدەك كۆز-ئاياغىم
بىلەن بارسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى
ئۇ گۈزەل يىگىتنىڭ پىراقىدا سەبرى ھو-
شۇمنى يوقىتىپ، كۆڭلۈم قۇشى، ئۇنىڭ
قارا چېچىغا باغلانغىلى كۆپ ۋاقىتلار
بولغانىدى. بۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا
مۇيەسسەر بولسام ئەجەب ئەمەس. بۇ
كېچە خۇشاللىق ۋە مۇبارەك كېچە ئوخ-
شايدۇ. ئەمما مەن بىرەر سائەت تەخىر
قىلىپ، پادىشاھنى ئۇخلىتىپ، خاتىرجەم
بولۇپ، ئۇ جەننەتتەك بېزەلگەن يىغىلىش-
قا ھايال بولماي-لا بارىمەن، — دەپ ئۇ
خوتۇنىغا رۇخسەت بەردى.
پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆڭ-
لىدە «مەلىكە بارىدىغان ئۇ ماكان بۇ شە-
ھەردىن ئالتە يۈز پەرسەڭ* يولدۇر. بۇ
يېرىم كېچىدە قانداق بېرىپ يەنە قايتىپ
كېلەر» دەپ ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ
ئاخىرى ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ ياتتى.
مەلىكە پادىشاھنى غەپلەت ئۇيقۇغا كەتتى
دەپ بىلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە زى-
بۇ-زىننەت بەردى، ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنى
چاقىرىپ، بۇ ۋەقەنى ئېيتتى، ئىككىسى
مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنى ياساشتى. ئورۇن-
كۆرپە ئۈستىدە بىر دوملاپلا ئىككى مۈ-
شۈك سۈرىتىگە كىردى ۋە، تېزلىك بىلەن
يولغا چىقتى. پادىشاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
كىيىملىرىنى كىيدى، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن
يۈرۈپ شەھەردىن چىقتى، شەھەرنىڭ بىر
چېتىدە شاخلىرى ئۈچ شەھەرگە تۇتاشقان
بىر چوڭ دەرەخنى كۆردى. مۈشۈكلەر
دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتى. پادىشاھمۇ
كېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا يېپىشىپ تۇردى،
بىر سائەتتىن كېيىن دەرەخ ھەرىكەتكە
كېلىپ توختىدى. پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا
داقا-دۇمباق، كاناي-سۇنايلارنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى. قارىسا، توي بەزمىسى بىلەن
خۇشاللىققا چۆمگەن شەھەرگە كېلىپ
قاپتۇ. پادىشاھ دەرھال دەرەخنىڭ شاخلى-
رىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇزاقراققا بېرىپ،
بىر قاراڭغۇدا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. بۇ ئىك-
كى مۈشۈكمۇ دەرەختىن چۈشۈپ شەھەر
تەرەپكە يولغا چىقتى. پادىشاھمۇ ئۇلار-
نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بىر يەرگە بېرىپ
بىر بارگاھتا كۆپلىگەن يىگىتلەرنىڭ بىر
يەرگە جەم بولۇپ خۇشال-خۇراملىققا
چۆمگەنلىكىنى كۆردى. بۇ ئىككى مۈشۈك
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ھەرەم ئىچىگە
كىرىپ كەتتى. پادىشاھمۇ ئۇ يىگىتلەر
جامائىتىنىڭ ئارىسىدا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا
ئولتۇردى. پادىشاھنى ھېچكىم تونۇمىغانلىق

* پەرسەڭ — بىر پەرسەڭ 6.24 كىلومېتر

سەۋەبىدىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىدى. گەرچە پادىشاھ بۇ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان بولسىمۇ ئىككى كۆزى مۈشۈكلەرنىڭ يولىدا بولۇپ، «مۇبادا ئۇلار چىقىپ كەتسە، مەن غاپىل بولۇپ يات ۋىلايەتتە قالمىغايمەن» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇردى. يېرىم كېچە بولغان ۋاقىتتا بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن بىر يىگىت كىرىپ كېلىپ مەجلىسنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بوغچا ئۈستىباش كىيىم بىلەن بىر يان تاسمىنى قويۇپ ئۆزى ئولتۇرغان بارلىق بىگىتلەرگە بىر باشتىن نەزەر سالدى-دە، ادىشاھنى كۆردى. پادىشاھ ناھايىتى كېىشكەن، گۈزەل يىگىت ئىدى. ئۇ بوغچىدىكى ئۈستىباشنى كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇنىڭغا:

— ھەي يىگىت، ئورنىڭدىن تۇرۇپ بۇ ئۈستىباشنى كىيىپ، گۈللۈك يان تاسمىنى بويىنۇڭغا سېلىپ، مېنىڭ بىلەن ھەرەمگە كىر، بىر سائەتتىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغىن، — دېدى.

بۇ ۋىلايەتنىڭ قائىدىسى بولسا نىكاھ قىلىنغان ئاخشىمى كۈيئوغۇلنىڭ بويىنىغا گۈللۈك يان تاسمىنى ئېسىپ، زىبۇ-زىننەت بېرىپ خوتۇنلارنىڭ مەرىكىسىگە كىرەتتى. بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن باشقا ئۆيگە بېرىپ ئەيش-ئىشرەت قىلاتتى. ئەگەرچەندە، كۈيئوغۇل كۆرۈمسىز ۋە سەت بولسا كۈيئوغۇلنىڭ ئورنىغا كېلىشكەن، قامەتلىك يىگىتنى ياساندۇرۇپ بويىنىغا گۈللۈك يان تاسمىنى سېلىپ ھەرەمگە كىرگۈزەتتى، قىز بىلەن بىر سائەت ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى قولىغا جەۋاھىر بىلەن زىننەتلەنگەن بىلەيزۈك سالاتتى. ئاندىن كېيىن، كىيگەن ئۈستىباش بىلەن چىقىرىپ، قىزنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، كۈيئوغۇل بىلەن ئولتۇرغۇزاتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھقا ئۈستىباش كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ گۈللۈك يان تاسمىنى بويىنىغا سېلىپ ياساندۇرۇپ، قولىدىن تۇتۇپ ھەرەمگە ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بولسا مۈشۈكلەرنىڭ قورقۇنچىسىدىن گۈللۈك يان تاسمىنى زەھەرلىك يىلان بىلىپ، ئامالسىز قازا ھۆكمىگە رازى بولدى، ئەمدى بىخەتەر ئولتۇرۇشتىن چىقىپ لەھەڭنىڭ ئاغزى ھەرەم ئىچىگە كىردى، ھەر تەرەپتە نازىنىن قىزلارنىڭ يۈز كەرەشمە-ناز بىلەن ئىشق شارابىنى ئايلاندۇرۇپ ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھنى ئۆينىڭ تۆرىگە ئاپىرىپ تەخت ئۈستىدە قىزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى، بەزمە ئەسۋابلىرىنى ۋە ھەر خىل نېمەتلەرنى تەييار قىلدى. بارلىق نازىنىن قىزلار پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا جەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى كۆرۈپ تەھسىن-ئاپىرىنلار ئوقۇشاتتى. بۇ قائىدە بولسا بۇ ۋىلايەتنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ ئۇنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. پادىشاھ ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ يوشۇرۇن ھالدا ئۇ ھۆر-پەرىلەرنىڭ جامالىغا قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىلەن بىردىن كېلىشكەن گۈزەل يىگىتنى قۇچۇقىغا ئېلىپ، بىر-بىرىنىڭ قولىدىن شاراب جاملىرىنى ئېلىپ ئىچىپ مەست-سەرخۇش بولۇپ، ھەر ۋاقىت گۈل رۇخسارىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھوش كاللىسىدىن ئۇچۇپ، ئازاب-

تەن ھالاك بولۇشقا ئازلا قالدى. پادشاھ
ئۆز - ئۆزىگە «بىر تەسۋىردىن ھايا قىلىپ،
يۈزىگە نىقاب تارتقان خوتۇن ئاشىقىنىڭ
قۇچىقىدا ئىشرەت شارابىنى ئىچىپ ئول-
تۇرىدۇ» دەپ تەئەججۇپ قىلاتتى. بۇ
ۋاقىتتا پادشاھنىڭ خوتۇنى ۋەزىرنىڭ
خوتۇنىغا:

— ئورنىڭدىن تۇرغىن، بىزلەرمۇ
بېرىپ كۈيئوغۇلنىڭ جامالىنى تاماشا قى-
لايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پادشاھ-
نىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ،
ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا:

— بۇ يىگىتنىڭ جامالى، پادشاھنىڭ
جامالىغا ئوخشايدىكەن. پادشاھ بولۇپ قالمى-
غاي دەپ گۇمان قىلىمەن. ئەگەر يول ئۇزاق
بولمىسا پادشاھ ئىككەنلىكىگە ئەلۋەتتە ھۆ-
كۈم قىلاتتىم، — دېدى. ئۇلار شارابىنىڭ
تەسىرىدە دىققەت قىلماي، ئاخىرى
ئاشىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ جامدىكى شارابنى
ئايلاندۇرۇپ ئىچىپ ئولتۇردى.

پادشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن
كېيىن خوتۇنىنىڭ سۆزىدىن ئەھۋالنىڭ
ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىش ۋەھىمىسى بارلى-
قىنى بىلدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن جا-
ۋاھىر بىلەن زىننەتلەنگەن بىلەيزۈكنى
كەلتۈرۈپ ئىككى قولىغا سېلىپ قويغان-
دىن كېيىن رۇخسەت بەردى. پادشاھ
ھۇجرىدىن چىقىپ، يىگىتلەرنىڭ ئارىسىغا
كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە - ئۆزى «ئەگەر
تەڭرى تائالا مېنى بۇ خەتەردىن ساق -
سالامەت ساقلىسا بۇ بۇزۇقنى ۋەزىرنىڭ
خوتۇنى بىلەن پارە - پارە قىلىپ جەھەن-
نەمگە يوللايمەن» دەپ ئەھدە قىلدى.
سەھەر ۋاقتى بولغانىدى. پادشاھ ئۇ ئىك-
كى بۇزۇق ئايالنىڭ تېز - تېز كېتىپ بار-
غانلىقىنى كۆردى. پادشاھمۇ ئۇلارنىڭ
ئىزلىرىنى بېسىپ يەنە دەرەخنىڭ سايى-
سىدا تۇردى. ئىككى ئۇلپەت كېلىپ دەرەخ-
نىڭ ئۈستىگە چىقتى. پادشاھمۇ دەرەخ-
نىڭ شاخلىرىغا يېپىشىپ تۇردى. ئاز پۇر-
سەتتە ئاۋۋالقى شەھەرنىڭ بىر چېتىگە
يېتىپ باردى. پادشاھ تېز سۈرئەت بى-
لەن خوتۇنىدىن بۇرۇنراق كېلىپ، ئۆز
جايىغا كىرىپ ياتتى. خوتۇنىمۇ ئارقىسى-
دىن كېلىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇر-
دى. سۈبھىنىڭ ئۆزئارا قۇتلۇقلاشلىرى-
دىن سەھەرنىڭ گۈل رەڭلىك شەپەق
نۇرى يۈز ئاچتى. خوتۇن ناھايىتى تەستە
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا تۇ-
تۇش قىلدى. ئەمما پادشاھ كېچە ئۇيقۇ-
دىن قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇيقۇ غالىپ
كېلىپ، بىشى ئايلانغانلىقتىن بىلەيزۈكنى
قولىدىن چىقىرىپ ئۇخلاش ئېسىدىن كۆتۈ-
رۈلۈپ قالغانىدى. خوتۇنىنىڭ نەزەرى
بىلەيزۈككە چۈشۈپ كېچە ئۆتكەن ۋەقە-
دىن گۇمانسىراپ پادشاھتىن:

— قولۇڭغا سېلىنۋالغان بىلەيزۈك،
كۈيئوغۇلنىڭ ئەسۋابىدۇر، بۇ نەدىن كەل-
گەن بىلەيزۈك، — دەپ سورىدى. پادشاھ
بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن بىر يۈرۈش
ئويلىنىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ،
غەزەپتىن كۆزى ئوتتەك يېنىپ خوتۇنىغا:

— ئەي بۇزۇق خوتۇن، ئەمدى كې-
چە قىلغان ئىشىڭنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاخ-
رەت سەپىرىگە تەييار بولغىن، — دېدى.
قارابەخت خوتۇن ئاتەشام تونۇغىنى راست
ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىدىن ئەندىشە
قىلدى: «ئۇ ماڭا زىيان يەتكۈزمەستىن بۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇزىراق ئىشىنى تامام قىلاي» دەپ بىر سىقىم توپىنى ئەپسۇن ئوقۇپ پادىشاھنىڭ ئۈستىگە چاچتى. پادىشاھ ئادەم سۈرىتىدىن چىقىپ زەر قاناتلىق توز سۈرىتىدە بولۇپ تۇمشۇقىدا يەرنى چوقۇلاشقا باشلىدى. خوتۇن پادىشاھنىڭ ئىشىنى بىرياقلىق قىلىپ بولۇپ ئولتۇردى. سەھەر بىلەن تەڭ دۆلەت كاتتىلىرى پادىشاھنىڭ كۆرۈنۈش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ كۆرۈنۈش ئۆيىگە چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ مەيۇس بولۇپ ياندى. نەچچە كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ پادىشاھنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئاخىرى بىتاقەت بولۇپ، بىر كۈنى ساراي خوجىدارىنى پادىشاھ كۆرۈنۈشكە چىقمىغانلىقىدىن بارلىق خالايىق ۋە ئۇمىرالار مەملىكەت ئىشلىرىدا بوشىشىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقىنى، پادىشاھنىڭ دىدارىدىن مەھرۇم ۋە مەيۇس قالماققا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ساراي خوجىدارى ھەرەمگە كىرىپ ئۇمىرالارنىڭ تىلىدىن ئۇلارنىڭ ئەرزىنى يەتكۈزدى. خوتۇن پادىشاھنىڭ تىلىدىن «كېسەل ۋەخەستىلىك ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغانلىقى سەۋەبلىك تاشقىرىغا چىقالمايمەن، ئەمدى دۇئا ۋە خەيرىخاھلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تەڭرى تالانىڭ دەرگاھىدىن ۋۇجۇدۇمنىڭ سالامەتلىكىنى تىلىسۇن، دۇئانىڭ شاراپىتىدىن ساقىيىشىم مۇمكىن» دەپ جاۋاب بېرىپ ساراي خوجىدارىنى ئەۋەتتى. ئۇ ھەرەمدىن چىقىپ دۆلەت كاتتىلىرىغا بۇ سۆزنى بايان قىلدى. دۆلەت كاتتىلىرى ۋە مەملىكەتتىكى

ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسى پەرىشان ۋە غەمكىن بولدى.

پادىشاھنىڭ زىرەك، ئەقىللىق ۋە ساداقەتمەن بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ئۇ پەرىشان بولۇپ، ئەقىللىق ۋە دانىشمەنلىكى يۈزىسىدىن «پادىشاھقا بىرەر ۋەقە يولۇقۇپ، ئۆز ئىختىيارى قولىدىن كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى، ئاخىرى ئۆيىگە كېلىپ، خوتۇنىنى قۇچىقىغا ئالدى، كۆپ ئەركىلىتىپ بىر يۇرۇش شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى ئېيتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئاخىرى خوتۇنىغا:

— ھەي ھەرەم ئۆيىنىڭ ئىپپەتلىك گۈزىلى، سەن ھەرەمگە كىرىپ پادىشاھنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا ھەقىقىتىدىن مېنى خەۋەردار قىلساڭ، — دەپ كۆپ زارلىنىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى دەرھال پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرىپلا مەلىكىگە سىرداش بولغانلىقىدىن ئۇنىڭدىن ئەھۋالىنى سورىدى. مەلىكەمۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا ئىشەنچ قىلاتتى. بولغان ۋەقەلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ھەممىنى بايان قىلدى. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كېلىپ ئىشىتكەن، كۆرگەن، زۇرۇر ۋە ئېھتىمالى بار بولغان ئەھۋاللارنى ۋەزىرگە بايان قىلدى. ۋەزىر ۋەقەنى ئىشىتكەندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ ئۆزىگە-ئۆزى: «ھەر ۋاقىتتا نېمەت بەرگۈچىگە بىرەر ھادىسە يولۇقسا بەندىلەر ئەقىدىلىك بولۇپ ئۇنىڭ يولىدا مال ۋە جېنىنى تەقدىم قىلىشى لازىم. مەن بۇ ۋاقىتقىچە پادىشاھنىڭ نان-تۇزىنى يەپ پەرۋىش تېپىپ، دۆلەتكە شېرىك بولۇۋاتىمەن، بەندىلىك شەرتە-

نى ئادا قىلىشىم ۋە بۇ يولدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشىم ۋاجىپ ۋە زۆرۈردۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا مەن پادىشاھنى چوڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپ چەبدەسلىك بىلەن ھەممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ ئەقىلنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بىر توزنى تېپىپ كەلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئۆزى ھەرەم ئىشىكىگە كېلىپ ساراي خوجىدارىنى چاقىرىپ:

— پادىشاھنىڭ دىدارىدىن مەھرۇم قالغىلى خېلى ۋاقىت بولدى. پادىشاھنىڭ مۇبارەك تىلىدىن دائىم «ئەگەر تەبىئەتتىمدە بىرەر كېسەللىك پەيدا بولسا بىر توزنى كەلتۈرۈپ ئالدىمدا ساقلىسىڭىز، ئۇنى تاماشا قىلىپ، غەمكىن كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتىم. ھازىر پادىشاھنىڭ بىر توزى بار بولۇپ ھەممىشە خىزمىتىدە ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم. ئەمدى يېقىن پۇرسەتتە پادىشاھنىڭ دىدارى مۇيەسسەر بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەگەر گۈزەل مەلىكە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ئۇ توزنى بىردەملىك ئەۋەتسە ئايىغىنى كۆزۈمگە سۈرتسەم، مالاللىق ۋە غەمكىنلىكىم يوقىسا ئەجەب ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن مەندەك بۇ توپىغا ئوخشاش كەمىنىنىڭ بېشى پەلەككە يەتسە، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ساراي خوجىدارى ھەرەمگە كىرىپ ۋەزىرنىڭ ئەرزىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ خام مەسلىھەتلىك بىلەن ئېھتىياتنى قولدىن بېرىپ، پادىشاھنىڭ دەل ئۆزى بولغان توزنى قەپەس بىلەن ۋەزىرگە ئەۋەتتى ۋە: «بىر سائەتتىن زىيادە ساقلىماڭ، پادىشاھنىڭ غەم - خۇشاللىقى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، تېزرەك ئەۋەتسۇن» دېگەنلەرنى تاپىلىدى. ساراي خوجىدارى قەپەسنى ئېلىپ چىقىپ ۋەزىرگە بېرىپ مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئېيتتى. ۋەزىر مىننەتدار بولۇپ، توزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە خوتۇنىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— ھەي غەمگۈزارىم، سېنىڭ ناز - ئىشۋىلىرىڭگە جان دىلىم ئەسىر، شېرىن سۆزلىرىڭگە مال - دۇنيايىم پىدا بولسۇن. يۈز ھىيلە بىلەن پادىشاھ قولغا كەلگەن ۋاقىتتا دوستلۇق ياردىمىنى كۆرسىتىپ قانداق مەسلىھەت كۆرسىتەرسەن، — دەپ يېلىنىپ سورىدى. خوتۇن تېخى جاۋاب بەرمەستىن ساراي خوجىدارى كېلىپ مەلىكىنىڭ توزىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. ۋەزىر پادىشاھنى قەپەستىن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ توزىنى قەپەسكە سېلىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. قەپەسنى ئېلىپ ساراي خوجىدارىغا بەردى. ساراي خوجىدارى قەپەسنى ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ مەلىكىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىلىپ قويدى. مەلىكە ئۆزىنىڭ توزى دەپ گومان قىلىپ خاتىرجەم بولدى.

بۇ تەرەپتە، ۋەزىر خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ:

— ھەي دۇنيادىكى گۈزەللەرنىڭ گۈلزىلى، ئەگەر سېنىڭ ئىلمىڭ بولۇپ، ئەيسا پەيغەمبەردەك بىر دەم سېلىپ پادىشاھنى ئەسلى سۈرىتىگە كەلتۈرۈپ بۇ خەتەردىن خالاس قىلساڭ، ئۇنىڭ دۆلىتىدىن پاناھلىنىپ مال - دۇنياسىغا شېرىك بولۇپ، شاھلىق تاجىسىنى بېشىمغا كىيىپ سۇلتانلىق ناغرىسىنى ئۆز ئېتىمغا سادىغا كىرگۈزسەم، سەنمۇ پادىشاھلار خوتۇنى

قاتارىدا بولىسەن، ـــ دەپ كۆپ ئەپسۇنلار
ئوقۇدى. خوتۇن مالىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نازۇ-
نېمەتنىڭ موللۇقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ
ئەقىل - پاراسەتنى قولدىن بېرىپ مەلىكە
بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە سىرداش بولغانلى-
قى سەۋەبلىك ئارىسىدىكى دوستلۇقنى
ساقلاش ئۈچۈن ۋەزىرگە:

ـــ بىر شەرتىم باركى، پادشاھنى
ئەسلى سۈرىتىگە كەلتۈرۈپ، مال - دۇنيا-
سىنى ئىككىگە تەقسىم قىلىپ بىر تەقسى-
مىنى ساڭا بېرىپ، تىلىدىن خەت
ئېلىپ مۆھۈرىنى باسقاندىن كېيىن يەنە
پادىشاھنى توزغا ئايلاندۇرۇپ مەلىكە قې-
شىغا ئەۋەتىمەن، ـــ دېدى. ۋەزىر بۇ مەس-
لىھەتكە دەرھال قوشۇلدى. ۋەزىرنىڭ
خوتۇنى بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، ئەپ-
سۇن ئوقۇپ توزنىڭ قانىتىغا چاچقان ھا-
مان پادىشاھنىڭ سۈرىتى دەرھال ئەسلى-
گە كەلدى. ۋەزىر چەبدەسلىك بىلەن تى-
غىنى چىقىرىپ، بىر زەربە بىلەن خوتۇ-
نىنىڭ بېشىنى ئۈزدى. پادىشاھ كۆزىنى
ئېچىپ ئۆزىنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىدە كۆردى
ۋە ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ
ۋەزىردىن:

ـــ مەن بۇ جايغا نېمە سەۋەبتىن
كەلدىم ۋە بۇ خوتۇننى كىم ئۆلتۈردى، ـــ
دەپ سورىدى. ۋەزىر ئۆتكەن ۋەقەلەرنى
بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ ۋە-
زىرنىڭ تەدبىرلىك ۋە ۋاپادارلىقىغا ئاپى-
رىنلار ئوقۇدى. پادىشاھ ۋەزىردىن:

ـــ قانداق مەسلىھىتىڭىز بار، ـــ دەپ
سورىدى. ۋەزىر:

ـــ ھەي ئالەم پادىشاھى، ھازىر مە-
لىكە بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپماستىن بۇ-
رۇن قېچىپ بېرىپ، باشقا شەھەردە
ماكان تۇتايلى، ئەگەر بۇ نۆۋەت ئۇ نا-
پاكنىڭ قولىغا گىرىپتار بولساق ئەلۋەتتە
ئۇنىڭدىن نىجات تېپىشىمىز مۇمكىن
ئەمەس ھەم مېنىمۇ سالامەت قويمايدۇ، ـــ
دەپ مەسلىھەت بەردى. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ
سۆزىنى توغرا تېپىپ ئىككىسى كېچە بى-
لەن بۇ شەھەردىن چىقىپ كېچىنى كۈن-
دۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ، بىرنەچچە
كۈندىن كېيىن باشقا بىر ۋىلايەتكە يېتىپ
بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. بىرنەچچە كۈن
شۇ تەرىقىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى
ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھىغا نەۋكەر بولۇپ خىزمەت
قىلىشنى ئىختىيار قىلىشتى. بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھى ۋەزىر بىلەن پادىشاھنى كۆرۈپ
ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ۋە يۈ-
رۈش -تۇرۇشلىرىدىن پاراسەت بىلەن ئۇلار-
نىڭ ئەسلى زاتىنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك كى-
شىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا مۇھەب-
بەت پەيدابولۇپ كۆپ شەپقەت ۋە مېھرى-
بانلىق قىلاتتى. كۈندىن- كۈنگە پادىشاھنىڭ
مۇھەببىتى زىيادە بولۇپ ئاقىۋەت ئۆزىگە
كۈيئوغۇل قىلىپ گۈزەللەر گۈزىلى نازى-
نىن قىزىنى پادىشاھقا نىكاھلاپ بەردى.
پادىشاھ گەرچە ئۇنىڭغا خۇرسەن بولمىسى-
مۇ تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىگە تەن بې-
رىپ، ئامالسىز قوبۇل قىلىپ، ھەرەم ئىچى-
گە كىرىپ، قىز بىلەن ئەيش - ئىشرەتتە
بولۇپ ئولتۇردى. گاھى غەمكىن بولغاندا
ۋەزىرنى چاقىرىپ ھەر تەرەپتىن پاراڭ
سېلىشىپ بېشىغا كەلگەن غەم - قايغۇلىرى-
نى يېنىكلىتەتتى.

قازارا، بىر كۈنى پادىشاھ قىز بىلەن
شەترەنج ئويناپ ئولتۇراتتى.ۋەزىرمۇ ھازىر
ئىدى. تۇيۇقسىز ھاۋادىن بىر قارلىغاچ



پەيدا بولۇپ پادىشاھنىڭ بېشى ئۈستىگە كېلىپ، مۇئەللەق ئېسىلىپ پەرياد قىلىپ غايىب بولدى. قىزنىڭ نەزەرى قارلىغاچقا چۈشۈپ پادىشاھدىن:

— ھەي شەھرىيار، بۇ نېمە قارلىغاچ ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوردى. پادىشاھ:

— بىر جانىۋار كېلىپ ھەر تەرەپكە پەرۋاز قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم پەرياد قىلىپ غايىب بولغانلىقىنىلا كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى. قىز پادىشاھقا:

— خاتالىشىپسەن، بۇ قارلىغاچ ئاۋۋالقى خوتۇنىڭدۇر. سېنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇ داكانغا كېلىپ سېنى كۆرۈپ، ئىشىڭنى تامام قىلىش ئۈچۈن قەست قىلدى. بىراق مەندىن ئەندىشە قىلىپ ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمىدى، لېكىن دىققەت قىلغىن. ئۇ سېنى غاپىل كۆرۈپ مېنىڭ يوقلۇقۇمدا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ھەر قانداق ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن خالاس بولالمايسەن. پەقەت مەن سېنى بۇ ۋەھىمىدىن خالاس قىلىمەن، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ پادىشاھنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، ۋەھىمىدىن بىتاقەت بولۇپ ۋەزىرگە مەسلىھەت سالدى. ۋەزىر قىز تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ:

— ھەي شەھرىيار، بۇ مەسىلىدە بانۇيى جاھاندىن ياردەم تەلەپ قىلىڭ، ئىنشائاللا، بۇ مۈشكۈللۈك مەلىكە قولىدا ئاسان بولۇر — دېدى. پادىشاھ قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ياردەم تىلىدى. قىز:

— ھەي ۋەزىر، ماڭا ئەمدى بۇ بالانى يوق قىلىشقا تىرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەدبىر لازىم. چۈنكى بۇ دۈشمەن ماڭا قەست قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مېنى ھالاك قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ئەمدى مەن دەرھاللا يەنە بىر قارلىغاچ سۈرىتىدە بولۇپ كېلىمەن، ئۆزۈمنى ئاق-قارا چىپەكلىك قارلىغاچ سۈرىتىدە ياسايمەن، بىر پەرۋاز قىلىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىمەن، ئۇنى قانات ئاستىمغا ئېلىپ، ئۆز ئارا تالىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشىمىز. پادىشاھ بىر تاياقنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرسۇن. قانداق ۋاقىتتا ئالدىدا ھازىر بولسا، بىر تاياق بىلەن ئىشىنى تامام قىلسۇن. لېكىن ماڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ سېلىشقا دىققەت قىلسۇن ياكى ئۇنى دەپ مېنى ئۇرمىسۇن،

ئارىمىزدىكى پەرق شۇكى، ئۇ قارا، مېنىڭ رەڭگىم ئاق - قارا جىيەكلىك، — دەپ مەسلىھەت بېرىپ، يېقىن كېلىپ تۇرغاندى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر قارلىغاچنىڭ ئاۋازى پەيدا بولدى. قىزمۇ بىر ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى ئاق - قارا جىيەكلىك قارلىغاچ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى قارا قارلىغاچقا يەتكۈزۈپ، قانات ئاستىغا مەھكەم يېپىشتۇرۇپ كۆپ تالاشلار قىلىپ، ئاخىرى ئىككىسى كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشتى. پادىشاھ بىر تاياقنى قولىغا ئېلىپ ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ۋەزىردىن:

— قايسىنى ئۇرىمەن، — دەپ سورىدى. ۋەزىر:

— ھەي پادىشاھ، سىز ساددا بولماڭ، «سېرىق ئىتمۇ چىلبۆرىگە ئوخشاش» دېگەننى ئىشىتمىگەنمۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئۇلتۇرسەڭ، لەھەڭنىڭ ئېغىزىدىن قۇتۇلۇپ، ئەجدىھاغا گىرىپتار بولىسەن. بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى ھېچ ئىككىلەنمەي ئىككىسىنى جەھەننەمگە يوللاپ بۇ بۇزۇقلارنىڭ ھىيلە - مىكىرىدىن ئۆزۈل - كېسىل خالاس بولۇش، — دېدى.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىگە ئەمەل قىلىپ بىر زەربە بىلەن بۇ ئىككى مەلئۇننى جەھەننەمگە ئەۋەتتى. ئۇ بالايىئاپەتتىن خالاس بولدى. ۋەزىر بىلەن: «بۇنىڭدىن كېيىن خوتۇن جەمەتى بىلەن ھەرگىز ئۇلپەتتە بولمىغايمىز» دەپ ئەھدى قىلىشىپ، ئاخىرى خىلۋەتتە پاناھلىنىپ، تەڭرى تائالانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇپ، ئاخىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ۋەزىر ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ ھەر خىل نەسىھەتلەرنى قىلىپ شاھزادىگە:

— ھەي شاھزادە، ھېچ ۋاقىتتا بۇ جەمەتتىن ھېچقانداق كىشى ۋاپا كۆرگەن ئەمەستۇر. ئۇلارغا بىھۇدە كۆڭۈل بېرىپ ئۆزۈڭنى رەنج ئەلەمگە گىرىپتار قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەستۇر، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى.

## ئارىستوتېل ۋە سۇقرات سۈپەتلىك بىر ۋەزىرنىڭ شاھزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇ بىۋاپا گۇرۇھلار ئۈستىدە ھېكايىلەر سۆزلەپ نەسىھەت قىلغىنى

رىۋايەت قىلغۇچىلار، ۋەقەلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر بۇ داستاننى ھۈنەر - سەنئەت بىلەن بايان ۋاراقلىرىغا نەقىش قىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بەنارەس دېگەن شەھەردە بىر بەرەھمەن ياش بار ئىدى (شەيخ، موللىلارنىڭ ئۇلۇغىنى بەرەھمەن دەپ ئاتايدۇ) بەرەھمەن ياشنىڭ ئاتىسى چوڭ دانىشمەن، ئادەم ئىدى. بارلىق بەرەھمەنلەر ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالاتتى. ئۇ ياشنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق خەلق ئاتىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، مەرىكە ۋە يىغىلىشلاردا ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. بىراق بەرەھمەن ياش ئىلىم كامالەتتە كەمبەغەل ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق، ناز - كەرەشمە ۋە ھىيلە - مىكىردىمۇ پەقەت تەڭدىشى يوق بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ

ھيلىگەرلىك مەككارلىق مەكتىپىدە ئىبلىسقا دەرس بېرەتتى.

بۇ شەھەردە قەددى - قامەتلىك، كېلىشكەن بىر يىگىت بار ئىدى. بىر كۈنى ئىككىسى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قېلىپ بىر-بىرىگە ئاشىق - بىقارار بولدى. بىراق خوتۇن بەرەھمەنزادىنىڭ سىياسىتىدىن قورقۇپ ئاشىقى بىلەن ھەمسۆھبەت بولالمايتتى. گاھى بىر - بىرىنى ئۇزاقتىن كۆرۈپ، كۆڭلى تەسەللى تاپاتتى. ئاخىرى بىر دەللال خوتۇننى تېپىپ مەھبۇبىنىڭ خىزمىتىگە ئىۋەتىپ ئەرز - ئەھۋالىنى يەتكۈزدى. دەللال خوتۇن كېلىپ ئاشىقنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر - بىر بايان قىلدى.

خوتۇن:

— ھەي موما، مەنمۇ بىراق ئوتىدا يېنىپ ئۇي خىيالىم ئۇنىڭ يادىدا، لېكىن ئۆزۈمنى ئۇ جان يارىمنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزۈپ، ئارزۇ گۈلىنى غەلىبە گۈلشىنىدىن كىرىپ، مەقسەتكە يېتىشكە ۋاقىت يار بەرمەيۋاتىدۇ. ھەرقانداق بولسىمۇ بىر نەچچە كۈن بەرداشلىق بەرسۇن. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇي خىيالىدىن خالى ئەمەسمەن. باشقىلاردىن خالى مۇرادىمىزنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئۈمىدۋارمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ، موماىغا قايتىشقا رۇخسەت بەردى. دەللال خوتۇن ئىشىتكەن سۆزلىرىنى كېلىپ ئاشىق يىگىتكە بايان قىلدى.

خوتۇن ھەر ۋاقىت بىر ئۇسۇل بىلەن بەرەھمەنزادىنى بىر تەرەپكە ئىۋەتىپ مەھبۇبى بىلەن سۆھبەتتە ئولتۇرۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسىدە بەراھمەنزادە ساددىلىق ۋە ئىشتىياق بىلەن ئۇ قارا بەختىنى قۇچىقىغا ئېلىپ قىزىل لېۋىدىن شاراب ئىچىشنى تەلەپ قىلدى. خوتۇن ھىيلە ۋە ناز بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چىرايىدا ماللىلىق پەيدا قىلىپ، ئۇ بىچارىنىڭ ئىشق شەربەت كاسىسىغا جان ئالغۇچى زەھەرنى تۆكۈپ، چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قاتتىقلىق بىلەن ئۆزىنى ياققا تارتتى. بەرەھمەنزادە خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، كۆپ ھەيرانلىقتا ماللىلىق ۋە ئازابلىنىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. خوتۇن:

— مەن نېمە، ئۇچۇنمۇ قايغۇرۇپ غەمكىن بولماي! بۈگۈن بىر مەرىكىگە بېرىپ دائىم ئولتۇرىدىغان يېرىمگە ئۆتۈپ ئولتۇرغانىدىم، بىر خوتۇن ماڭا دەھشەتلىك خىتاب قىلىپ «سەن نېمە سەۋەبتىن ئەدەبسىزلىك قىلىپ بىزلەرنى كۆزۈڭگە ئىلماي، كاتتىلاردەك ھەممىنىڭ تۆرىگە چىقىپ ئولتۇرىسەن، سېنىڭ ئېرىڭ بولسا ئىلىم - بىلىمدىن بىبەھرە ۋە بىنېسىپتۇر، بەرەھمەنزادىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدەك بىلىمسىزلەر يوقتۇر. ئەگەر ئىززەت ۋە ھۆرمەت تەلەپ قىلىدىغان بولساڭ، ئېرىڭگە ئېيتقىن، بىرنەچچە ۋاقىت جاپاغا چىداپ مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىم-كامالەت ھاسىل قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزلەردىن چوڭچىلىق تالاشساڭ بۇنىڭغا ئىمكان بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆپ ئىزا - ھاقارەتلەر قىلدى. ئۇ خوتۇننىڭ ئىزا - ھاقارەتلىرى خۇددى جان ئالغۇچى ئوققا ئوخشاش يۈرىكىمگە تەگدى. مەن مۇشۇ سەۋەبىدىن پەرىشانمەن، سەنمۇ ئۆمرۈڭنى زايا قىلىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. سېنىڭدەك ئىزا تارتماس كىشىنى مېنىڭ ئېرىم دەپ يۈرگىچە، ئەرسىز، ئۆي - ئوچاقسىز يۈرگىنىم ياخشىراقتۇر. ھەممە شەھەرنىڭ خوتۇنلىرى مەرىكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە يىغلىشلاردا ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتۈدىغان تەنىلەر نەشتىرى بىلەن جىگىرىمنى پارە - پارە قىلىنىشىدۇ. ئەگەر سەنمۇ بىرنەچچە كۈن مېھنەت چېكىپ، رىيازەت تارتىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىم ئېلىپ، ئۆزۈڭ بىلەن مېنى خەلقنىڭ تەنە مالامىتىدىن خالاس قىلساڭ نېمە بولار؟ — دەپ بىرنەچچە ئېغىز ھېيلەمىكىر سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن بەرەھمەنزادە ئامالسىزلىقتىن خىجالەت بولدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنىغا:

— ھەي خوتۇن، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ باشتىن - ئاياغ ئورۇنلۇق، بىراق بۇ شەھەردىكى بەرەھمەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاتامنىڭ شاگىرتى. ئاتامنىڭ شاگىرتىغا شاگىرت بولۇپ خىزمەت قىلسام، ماڭا نومۇس بولارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئەمدى پەقەت باشقا ۋىلايەتكە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلسام، بىلىم - كامالەت ھاسىل قىلىشىم مۇمكىن، — دېدى. خوتۇن زار - زار يىغلاپ بەرەھمەنزادىگە:

— ئەگەر سېنى باشقا ۋىلايەتكە ئەۋەتسەم، ئاجايىپ مۇشكۇلاتلار بېشىمغا چۈشۈپ دەرد پىراقىڭغا گىرىپتار بولۇرمەن. دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق ۋە مۇشكۇلراق قايغۇ - ئەلەم يوقتۇر. ئەگەر سېنى ئەۋەتمىسەم ئالەم ئەھلىنىڭ تەنە مالامىتىدىن قورقىمەن، — دەپ قانلىق ياشلىرىنى كۆزىدىن ئاققۇزۇپ يىغلىدى. بەرەھمەنزادە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ غەيرەتكە كېلىپ خوتۇنىنىڭ ھېيلىسىدىن غاپىل بولۇپ، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى تەييار قىلىپ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ، كامالەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەربىر شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقتا بىلىملىك دانىشمەن بەرەھمەن بولسا ئالدىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كۆپ رەنج مۇشاقەت تارتىپ نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، بارلىق ئىلىم مۇجەسسەم بولغان تۆت كىتابنى ئوقۇپ ئاياغلاشتۇردى.

بۇ تەرەپتە، بۇزۇق خوتۇن ئېرىنى يولغا سېلىپ، ئاشىقى بىلەن ئىشرەت جامىنى ئايلاندۇرۇپ ئىچىپ، ھەر كۈنلۈكى ئاخشىمى ئىشرەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

بەرەھمەنزادە ئىلىم كامالەتتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆيىگە يول ئېلىپ، ئاخشىمى ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. خوتۇن ئېرىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۆپ پەرىشان بولغان بولسىمۇ، چىرايىدا چاندۇرماي ھۆر سۈپەتلەرچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈزىدىن توپا - چاڭلارنى ئېرتىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ بىر يۈرۈش شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنى خۇش قىلىپ ئولتۇردى.

خوتۇننىڭ ئاشىقى بەرەھمەنزادىنىڭ كەلگىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. دائىمقى ئادىتى بىلەن خۇشاللىق بەزمىسىنى ياساپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى. بۇ ۋاقىتتا بەرەھمەنزادىنىڭ بۈگۈن ئاخشام ئۆيىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. خوتۇننىڭ ئاشىقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەرىشان بولۇپ «ئىشرەت ۋە خۇشاللىق ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ، سېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، ھەر تەرىقىدە بولسا بۇياققا كېلىپ جامالىڭنى كۆرسىتىپ كۆزۈمنى روشەن قىلغىن» دەپ بىر كىشىنى ئەۋەتتى. خوتۇن:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېرىم

مىھنەت ۋە غۇربەتچىلىك تارتىپ سەپەردىن قايتىپ كەلدى. قانداق يوسۇندا ئۆيدىن چىقىشنى بىلمەيۋاتىمەن. ھەرقانچە بولسا بۇ ئاخشام كەچۈرۈم قىلىپ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ، — دەپ جاۋاب ئېيتتى. يىگىت بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن يەنە خوتۇنغا:

— سېنىڭ ۋىسال ئۈمىدىڭدە ئالەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان تەبرىك بەزمىلىرىنى تەييار قىلىپ، سېنىڭ جامالىڭغا مۇشتاق بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. ھەرتەرىقىدە بولسا بۇياققا كەلمىسەڭ مەن ئاشىق-بىقارارنىڭ ئەھۋالى مۇشكۈللۈكتە قالىدۇ. يەنى مۇشتاقلىق كىشىنى بۈيۈك ئارزۇسىدىن ئۈمىدسىز، ئۈمىدۋارلىرىنى نائۈمىد قىلىش مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنىڭ قانۇن-قائىدىسىدىن ئەمەس، — دەپ يەنە بىردىنى ئېيتتى. خوتۇن ئاشىقنىڭ بىقارارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشىپ:

— كۆڭلى غەم-قايغۇلۇق بولمىسۇن، ئەيش-ئىشرەت ۋە دوستلۇق خاتىرىسىنى مالاللىق تىرنىقى بىلەن يىرتمىسۇن. خاتىرجەم بولسۇنكى، ھەرتەرىقىدە بولسا يۈزۈمنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزىمەن، — دەپ جاۋاب ئېيتتى. بىرەر سائەت ئۆتلىنىپ ئولتۇرۇپ، يېڭى-يېڭى ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلاپ، ئېرىگە يۈز ناز-كەرەشمە بىلەن:

— ئەلھەمدۇلىللاھ، ساق-سالامەت يېتىپ كەلدىڭ. سەپەر غۇربىتى، رەنج مىھنىتىدىن چىقىپ خاتىرجەم بولدۇڭ، ئىنتىزارلىق چېھرىم جامالىڭ نۇرىدىن روشەن بولدى. بارلىق ئىلىمدىن مەئلۇماتلىق بولۇپسەن. ھەممە پەزىلەتلەرنىڭ كانىغا ئايلانغاندەك تۇرىسەن. ئەمدى مېنىڭ خاتىرجەملىكىم ئۈچۈن ئىلىم-كامالىتىڭنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلىشىڭنى سورايمەن، — دېدى. بەرەھمەنزادە بەكمۇ سادىدىلىقىدىن خوتۇنغا:

— ھەي ئايرىلماس جانىم، ۋاي مېھرىبان غەمگۇزارىم. ئەمدى خاتىرجەم بولغىن، ئىلىم ساھەسىدە كۇتالىقىم يوق، ماڭا يەنە بىر تەڭداش تېپىلمايدۇ. بارلىق ئىلىم مۇجەسسەم بولغان ئۆلىمالار ئارىسىدا داڭلىق بولۇپ شۆھرەت قازانغان تۆت كىتابنى ئوقۇپ تاماملىدىم. ئۇنىڭ ھاشىيەسىدىكى نۇقتىلارمۇ خاتىرەمدىدۇر. بارلىق ئالىي بىلىملىك دانىشمەن بەرەھمەنلەرنىڭ سەركەردىسى بولدۇم، — دېدى. خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆپ ئەپسۇسلىنىپ:

— ئاپلا، ئىشىڭ يەنىلا خام ئىكەن، بەشىنچى كىتابنى ئوقۇماپسەن، چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرىڭ زايا بولۇپتۇ، — دېدى. بەرەھمەنزادە:

— ھەي خوتۇن، مەن بارلىق بەرەھمەنلەردىن ۋە دانىشمەنلەردىن تۆت كىتابتىن باشقا كىتاب يوق دەپ ئىشىتكەنىدىم، سەن بەشىنچى كىتابنى كىمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىۋاتىسەن، — دېدى. مەككار خوتۇن پىغان چېكىپ، ياقىسىنى چاك قىلىپ بەرەھمەنزادىگە:

— بۇ ماڭا يۈزلەنگەن قانداق بەختسىز تەلەيدۇ! بۇ ۋاقىتقىچە دەشت-باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈردۈڭ، كېچە-كۈندۈز ھىجران ئوتىدا يېنىپ، پىراقىڭدا قەلبىم قايغۇ-ئەلەمگە تولدى، «ئەگەر ھايات كۆرۈشسەك تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ۋىسالىڭنى كۆرەرمەن» دەپ ئۈمىدۋار ئىدىم. ئەمدى سالامەت كەلدىڭ،

www.uyghurkitap.com



غەم - غۇسسىدىن ئامان تاپتىم. بىراق «بەشىنچى كىتابنى ئوقۇغىنىم يوق» دېدىڭ، بۇ غەم - قايغۇ ھەممىدىن زىيادە بولۇپ جان خەتەرى باردۇر. مۇبادا ساڭا بىرەر ھادىسە يولوقسا، ئۆمرىدىم يوقىقا چىقىپ، ئۆمۈربويى دەرد - پىراققا گىرىپتار بولارمەنمىكىن دەيمەن، — دېدى. بەرەھمەنزادە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن ھەيرانلىقتا چۆمۈپ:

— نېمە سەۋەبتىن نائۇمىد بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ نالە - پەرياد قىلىسەن، — دەپ سورىدى. خوتۇن:

— ھەي جېنىمغا ئارامىلىق بېغىشلىغۇچى دىلدارىم، ۋاي غەمگۇزار يارىم. خەۋەردار بولۇپ قالغىن، پادىشاھ بىر مۈشكۈل مەسىلىنى تامامى بەرەھمەنلەردىن سورىغىلى ئۈچ كۈن بولۇپتۇ. بەرەھمەنلەر جەم بولۇپ تۆت كىتابتىن ھەرقانچە ئاختۇرۇپ، پادىشاھنىڭ مەسىلىسىگە لايىق جاۋاب تاپالماپتۇ. لېكىن تۆت كىتابتىن باشقا ئىسمىنى «تەريابىد» دەپ ئاتايدىغان بەشىنچى كىتاب بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ سورىغان سوئالىنىڭ جاۋابى «تەريابىد» كىتابىنىڭ ئىچىدە بار ئىكەن. بەرەھمەنلەر «تەريابىد» ئىلمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، بارلىق بەرەھمەنلەرنى جەم قىلىپ زىندانغا تاشلاپ، ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىپ «ئۈچ كۈنگىچە جاۋاب تاپمىساڭلار، ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن، يەنە باشقا ھەريەردە بەرەھمەن بولسا كەلتۈرۈپ قەتل قىلىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. ئەمدى ئۈچ كۈن تامام بولغان بولۇپ، ئەتە ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. موللىلارنى ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ ھەرقانداق يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولسا تۇتۇپ، باغلاپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. سېنى ھەم ئىزدەپ ئادەم كەلگەنىدى. ئىلىم تەھسىل قىلغىلى چىقىپ كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، دەخىل قىلماي يېنىپ كەتتى. سەن كەلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە «تەريابىد»نى ھەم بارلىق ئىلىملەرنى مېڭىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەرەھمەنلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولغاندۇ دەپ كۆپ خۇشال بولغانىدىم. سەنمۇ «تەريابىد» ئىلمىدىن خەۋەرسىز ئىكەنسەن. ئۇلار سېنىڭ كەلگىنىڭدىن خەۋەردار بولسا، سېنىمۇ ئېلىپ بېرىپ بەرەھمەنلەر بىلەن بىرگە قەتل قىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا لالىدەك پىراق دېغىنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ، قارا بەختلىك بىلەن ئۆي - ئوچاقسىز ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، كوندە مىڭ ئۆۋدەت ئۆلۈمگە رازى بولسامۇ ساڭا مۇيەسسەر بولالمايمەن، — دېدى. بەرەھمەنزادە ساددىلىقىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل - كۆكسى ھىيلە - مىكىرگە توشقان خوتۇنىنىڭ دېمىلىسىگە ئالدىنىپ، قورقۇنچتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ يېرىلىپ ئۆلەر ھالەتكە يېتىپ، ئىختىيارسىز كوڭلى ئايلىنىپ ھوشسىز كىشىلەردەك يىقىلىپ ياتتى. خوتۇن پىغان چېكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىگە گۈلاپ چېچىپ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن دوشىمغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ خوتۇنىنىڭ يۈزىگە قاراپ:

— ھەي يارۇ ۋاپادارىم، مەن قانداق چارە - تەدبىر ئارقىلىق بۇ خەتەردىن نىجات تاپىمەن، — دەپ سورىدى. ئۇ مەككار خوتۇن بىرەر سائەت ئويلانغىشتىن كېيىن:

— كوڭلۇڭنى خاتىرجەم تۇتقىن،

بۇنىڭ ئىلاجى ھازىرلا كۆڭلۈمگە چۈشتى. بۇ شەك-شۈبھىسىزكى پەقەت گۇمانىمدىنلا ئىبارەت، بەلكىم سېنىڭ كەلگىنىڭدىن تېخى ھېچكىم خەۋەردار بولمىدى. دەرھال بۇ شەھەردىن چىقىپ باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، مەن بەختى قارىنى مېھنەت ھىجرانىغا گىرىپتار قىلىپ يۈرگىمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تەريابىد» ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئىلىم-كامالىتىڭ زىيادە بولۇپ، بەرەھمەنلەر ئارىسىدا كاتتا ئېتىبارلىق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشۇڭ مۇمكىن،— دېدى. بەرەھمەنزادە نادان بولغاچقا، خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن غاپىل ئىدى. گەرچە نەچچە ۋاقىت سەپەر مۇشەققەتلىرىنى تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنە خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، يېرىم كېچىدە جان ۋەھىمىسىدە چىقىپ غۇربەت دەشتلەردە ئاۋارە بولدى.

بۇزۇق خوتۇن ھىيلە بىلەن ئېرىنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى ئاشىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ، شاراب ئىچىپ سەر خۇش بولۇپ ئولتۇردى.

بىچارە بەرەھمەنزادە ئۇ كېچە ئارام ئالماي يول يۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بىر قەلئەنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ بىر دەريانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالدى ھەمدە «تۆت يىلدىن بېرى نۇرغۇن تىرىشچانلىق بىلەن بارلىق بەرەھمەنلەرنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدىم. تۆت كىتابتىن باشقا «تەريابىد» دېگەن كىتابنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئەمدى كىمنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، بۇ ئىلىمنى قايسى ئۇستازدىن ئۆگىنەرمەن» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇردى.

شۇ ۋاقىتتا قۇياش نۇر جامالىنى كۆرسىتىپ ئالەمنى يورۇتتى. شۇ ئەسنادا بەش خوتۇن قوللىرىدا كوزا ۋە ئۇۋرىقلارنى كۆتۈرۈپ سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ ياقىسىغا كېلىپ بىر ياش يىگىتنىڭ ھەيرانلىقتا غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. خوتۇنلار:

— ھەي يىگىت، نېمە سەۋەبتىن پەرىشان ۋە غەمكىن ئولتۇرىسەن، قايسى يەردىن كېلىپ، قايسى تەرەپكە بارىسەن، غەم-قايغۇدا ئولتۇرۇشىڭغا سەۋەب نېمىدۇر،— دەپ سورىدى. بەرەھمەنزادە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاياغ بايان قىلدى. خوتۇنلار بىر-بىرىگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن «بۇ يىگىتنىڭ خوتۇنى ھىيلىگەر ئۇستىلاردىن ئىكەن، بۇ ساددا يىگىتكە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرىتى ئۈچۈن بۇ بىچارىنى ئاۋارە قىلىپتۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھەم بەرەھمەنزادىنىڭ ئەھۋالىغا رەھىم قىلىپ:

— ھەي ئەقلىدىن ئايرىلغان، بىلىم يولىدىن ئاداشقان يىگىت، «تەريابىد» بولسا مەۋج ئۇرۇۋاتقان چېكى يوق دېڭىزدۇر. يەنى ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭغا ئاجىز كېلىدىغان، ھەرقانداق دانىشمەن ئۇنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدىغان بۈيۈك كىتابتۇر. سېنىڭ ئاجىز بىچارىلىقىڭغا رەھىم قىلىپ، مۈشكۈللىرىڭنى بىزلەر ھەل قىلىپ، بۇ ئىلىمنى ساڭا تەلىم قىلىپ، ئازلا پۇرسەتتە سېنى كامىل ئۇستازلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ ئۆۋەتىمىز. بىراق شەرتىمىز شۇكى، ھەرقانداق خىزمەت بۇيرۇساق بۇيرۇقىمىزنى ئىجرا قىلىپ، قارشىلىق قىلمايسەن،— دېدى. بەرەھمەنزادە جان-دىل بىلەن قوبۇل

www.uyghurkitap.com



قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىغا يۈز قويۇپ ئىخلاس ئېتىقادى بىلەن ئۇلارغا شاگىرت بولدى. ھەييار خوتۇنلار «بۇ يىگىتنى كۆندە بىرىمىز ئۆيىگە ئاپىرىپ ‹تەريابىد› كىتابىدىن بىر ساۋاق بېرىپ، بەش كۈندە ‹تەريابىد› ئىلمىنىڭ ھەممىسىنى ئايان قىلىپ بەش ساۋاقتا كامىل ئۇستازلاردىن قىلىپ چىقىشاق» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى.

ئۇ خوتۇنىنىڭ دېمىزلاردا ئويناپ يۈرگۈچى ئەييار لەھەڭلەردەك ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن «تەريابىد» ئىلمىدىن ساۋاقلارنى باشلىغانلىقى

بىرىنچى كۈنى بىر خوتۇن بەرەھمەنزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئولتۇرغاندى. ئېرى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى-دە، خوتۇنىنىڭ بىر يىگىت بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. خوتۇنىنىڭ ئېرى:

— مېنىڭ ئۆيۈمدە ئولتۇرغان يىگىت كىمدۇر؟— دەپ سورىدى. خوتۇن:

— بۇ يىگىت يات كىشى ئەمەس، ھەمشىرەمنىڭ ئوغلىدۇر. مەن ئۇنىڭ ھاماچىسى بولىمەن. سەھرادىن مېنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىپتۇر،— دەپ جاۋاب بەردى. ئېرى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشۈپ، باشقا بىر ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ، ئولتۇرغۇزۇپ، زىياپەت داستىخانلىرىنى ھازىرلاپ ئالدىي بەزمىلەر قىلدى. خوتۇن شام بولغان ۋاقىتتا سۈت پىشۇرۇپ بىر تاۋاقنى تولدۇرۇپ ئېرىدىگە «مەن بېرىپ مېھمان بىلەن كەچلىك تاماقنى بىرگە يەيمەن» دېدى بەرەھمەنزادىنىڭ يېنىغا كىردى. تاۋاقنى ئالدىغا قويۇپ ھەر تەرەپتىن بەھايا سۆزلەرنى ئېيتىپ ئاخىرى يىگىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— ھەي يىگىت، ھازىرقى پۇرسەت غەنىمەتتۇر. ئورنۇڭدىن چاققان تۇرۇپ، مەندىن ھۇزۇر - ھالاۋەت ھاسىل قىلغىن،— دېدى. بەرەھمەنزادە بولسا بۇنداق ئىشلاردىن خالىي ۋە بۇ ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر ئىدى، ھازىرغىچە پاكلىق ئېتەكىنى ئىسيان توپىسى بىلەن بۇلغىمىغانىدى. بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن خىجالەتتە بولۇپ خوتۇنغا:

— ھەي تەڭرى تائالانى تونۇمىغان خوتۇن. بۇ قانداق ئىنسابتۇر. تېخى بايىلا ئېرىڭگە «بۇ يىگىت ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى بولىدۇ» دېگەنىدىڭ، ئەمدى مېنى زىناغا تەكلىپ قىلىۋاتىسەن. سەن تەڭرىدىن قورقىن ۋە مېنى بۇ ئىشتىن كەچۈرۈم قىلىپ، كۆڭۈل خاتىرەمگە ئازار بەرمىگىن. چۈنكى مەن بۇ بۇيرۇقىڭنى بەجا كەلتۈرەلمەيمەن،— دېدى. خوتۇن:

— سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ پەقەت مېنىڭ ئەمىر - پەرمانىمغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر. سەن ئىككىلەنمەي ئىشىمغا تۇتۇش قىلغىن،— دېدى. بەرەھمەنزادە قورقۇنچىدىن بۇ ئىشقا پېتىنالمىدى. خوتۇن بولسا ئۆز كەسپىدە كامىل ئۇستىلاردىن ئىدى. «ئەگەر ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ دەخلى قىلمىسام، يەنىلا سەرگەردان بولۇپ دەشتىلەردە يۈرىدۇ» دەپ ئويلاپ پايدىلىق ئىش قىلىپ قويۇش ئۈچۈن قولىقىنى تولغاپ قويۇشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپ كۆزىنى دەرھال ئېچىپ، پەرياد قىلىپ:

— ھەي تەڭرى تائالادىن بىخەۋەر

ۋە تەگرىنى بىلمىگۈچى كىشى، بۇ قانداق بەدبەختلىك، مەن سېنى پەرزەندىم دەپ مەرھەمەت ۋە ئېھسان بىلەن غەمخورلۇق قىلىۋاتىمەن. سەن ماڭا تەھدىت ۋە بېسىملار قىلىپ مېنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرمەندە قىلامسەن؟! ھەي قوشنىلار دەردىمگە يېتىپ بۇ نائىنسابنىڭ قولىدىن خالاس قىلىڭلار، مەن بولسام بىر دەرمانسىز بىچارىمەن، — دەپ ئاللا - توۋا چىقاردى. بۇ ۋاقىتتا قوشنىلار پەرياد پىغانىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بەرەھمەنزادە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قورقۇنچتىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەككار خوتۇن ئايىغى بىلەن تاۋاقنى دەسسەپ سۇندۇرۇپ بەرەھمەنزادىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، بېشىنى تىزىغا ئېلىپ زار - زار يىغلاپ ئولتۇردى. قوشنىلار كېلىپ، خوتۇندىن:

— قانداق ۋەقە يۈز بەردى، — دەپ سورىدى. خوتۇن:

— ھەي قوشنىلار، بۇ يىگىت مېنىڭ جىيەنىم بولىدۇ. ئۇ مېنى كۆرۈش ئۈچۈن سەھرادىن كەلگەنىكەن، مەن بىر تاۋاقنى پۇشۇرۇلغان سۈتكە تولدۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم. يىگىت تاۋاقنى قولۇمدىن ئېلىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. تاۋاق قولىدىن چۈشۈپ سۇندى. ئەمدى ئۆزى بۇ ئەھۋالدا يېتىۋاتىدۇ. ئەھۋالى قانداق بولار، — دەپ دادلىنىپ يىغلىدى. قوشنىلار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەربىرى بىرەر قۇر مەسلىھەتلەرنى بېرىپ كۆڭۈللىرىنى بىلدۈرۈشۈپ يېنىشتى. بەرەھمەنزادە كۆزىنى ئېچىپ ئۆز - ئۆزىگە «ئاجايىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇم» دەپ خوتۇننىڭ ھىيلىسىگە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئۇ ھىيلىگەر مەككار خوتۇن:

— ھەي نادان يىگىت، ئەمدى ئىككىلەنمەي سۆزۈمنى قوبۇل قىلىپ مەقسىتىمنى ھاسىل قىلغىن. ئەگەر بۇ نۆۋەت بالاغا گىرىپتار قىلسام ھېچ ۋەجە بىلەن ئامانلىق تاپالمايسەن، — دېدى. بەرەھمەنزادە نائىلاج خوتۇننىڭ مەقسىتىنى ھاسىل قىلدى. ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خوتۇن:

— ھەي ساددا يىگىت بۇ «تەريابىد» كىتابىدىن بىر ساۋاق ئىدى، ساڭا ئۆگەتتىم، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، — دەپ ئۆيىدە بىر كۈن ساقلاپ، ئەتىسى كۈن چىققاندىن كېيىن رۇخسەت بېرىپ:

— دەريانىڭ ياقىسىغا بارغىن، مەنمۇ بارىمەن، — دېدى. بەرەھمەنزادە ئۆيدىن چىقىپ، دەريانىڭ ياقىسىغا بېرىپ خوتۇنلارنىڭ جەم بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر خوتۇنمۇ قولىدا بىر ئىۋرىقىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. دوستلىرى:

— كېچە مېھمان بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. خوتۇن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى بايان قىلدى. ھەممىسى ئۇنىڭ ماھىرلىقىغا قول قويۇشتى. يەنە بىر خوتۇن تەييار بولۇپ:

— بۇ يىگىتنى بۇ كېچە مەن ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ، «تەريابىد» ئىلمىدىن ساۋاق بېرەي، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ بەرەھمەنزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**يەنە بىر ئىبلىسقا ئوخشاش شەيتان ھىيلە - مىكىرى بىلەن بەرھەمەنزادىنىڭ سەۋر- ئاقىتىدىنى ئالان - تاراج قىلىپ، ھىيلە - مىكىر دەرسخانىسىغا باشلاپ «تەرىيابىد» كىتابىدىن ئىككىنچى ساۋاق بەرگەنلىكى**

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

يەنە بىر خوتۇن بەرھەمەنزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئاش - تاماق تەييار قىلىپ يەپ ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئېرى ئىشىكتىن كىرىپ خوتۇنىنىڭ بىر يات يىگىت بىلەن بىللە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرغان بۇ يىگىت كىمدۇر؟ — دەپ سورىدى خوتۇنىنىڭ ئېرى.

خوتۇن:

— بۈگۈن پالانى مەرىكىدە باققالنىڭ خوتۇنى ئېرىنى كۆپ تەرىپلەپ «مېنىڭ ئېرىم كاتتا ئۇستا ھۈنەرۋەندۇر، خۇسۇسەن بىر ھۈنىرى باركى ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ» دېدى. خوتۇنلار «ئۇ قانداق ھۈنەردۇر» دەپ سورىغانىدى، خوتۇن «ئىككى كۆزىنى باغلاپ قويۇپ سىيىرنى شۇنداق ساغىدۇكى، بىر تېمىمۇ يەرگە تاممايدۇ» دېدى. خوتۇنلار تەئەججۈپ قىلىشتى. ئۇنىدىن كېيىن مەن «بۇنچە ئاپىرىنلار ئوقۇغۇچىلىك بۇ قانچىلىك ئىشتى. مېنىڭ ئېرىمىنىڭ قولىدىنمۇ بۇ ئىشلار كېلىدۇ» دېدىم. بۇ سۆزنى باققالنىڭ خوتۇنى قوبۇل قىلماي ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆپ مۇنازىرە ۋە جېدەل بولدى. ئاخىرى ئىككىمىز شەرت قىلىپ، ھەممىمىز بىر يىكىرگە كېلىپ بۇ ئىنسابلىق يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ «سېنىڭ يېنىڭغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بىزلەرگە خەۋەر بەرسۇن» دەپ ئىۋەتتى. ئەمدى سېنىڭ مۇشۇ ۋاقتىدىلا بۇ يىگىتىنىڭ كۆز ئالدىدا سىيىرنى سىڭغىپ، ھۈنىرىڭنى كۆرسىتىپ قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىنسابلىق يىگىت سېنىڭ ھۈنىرىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ خوتۇنلارغا خەۋەر بەرسۇن، شۇندىلا مەن قۇرداشلار ئارىسىدا شەرمەندە بولماسمەن، — دەپ كۆپ مۇبالىغىلەر قىلدى. ئېرى:

— ھەي خوتۇن ئىشتىن خاتىرجەم بولغىن، بۇ جەھەتتە باققالدىن يۈز دەرىجە كامىلدۇرمەن، سېنى خوتۇنلار ئارىسىدا ھەرگىز خىجالەتكە قويمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. مەككار خوتۇن گۈندەك ئېچىلىپ سىيىرنى ئەكىلىپ ئەقىلسىز ئېرىنىڭ ئىككى كۆزىنى باغلاپ، سۈت جامىنى قولىغا بېرىپ سىيىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈپ تۇردى. ئېرى سىيىرنى ساغماققا تۇتۇندى. خوتۇن يىگىتنى چاقىرىپ:

— ئېرىمىنىڭ سىيىرنى ساغقىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ بېرىپ ئېيتقايسەن، — دەپ ئىچ كېيىمىنى كۆتۈرۈپ بىر يېنىغا يانپاشلىنىپ يېتىپ يىگىتكە ئىشارەت قىلدى. بەرھەمەنزادە تېزلىك بىلەن كېلىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت ھاسىل قىلدى. خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، قولىنى سۆيۈپ، ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن:

— ھەي يىگىت، مېنىڭ ئېرىمىنىڭ

ھۇنەرىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەمدى قايتىپ راستىلىقىدىن خەۋەر بەرگىن، — دېدى. خوتۇننىڭ ئېرى ئايالىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ بەرەھمەنزادىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى پەخىرلىك ھېس قىلدى. بەرەھمەنزادىمۇ ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتتى.

بەرەھمەنزادە كېچىسى بىر يەردە قونۇپ، ئەتىسى بەش خوتۇن بىلەن دەريانىڭ ياقىسىغا يىغىلىپ، كېچە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇپ:

— ھەي بەرەھمەنزادە، بۇ ۋەقە «تەريابىد» كىتابىدىن بىر ساۋاقدۇر. ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغايسەن، - دەپ قايتىشتى.

**يەنە بىر ھىيلىگەر، تىنچ ئامانلىق زامانىنىڭ ئوغرىسى بەرەھمەزادىنى ھىيلە - مىكىر مەكتىپىگە ئېلىپ كىرىپ ئۇچىنچى بابتىن تەلىم بەرگەنلىكى**

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ئۇچىنچى كۈنى ھىيلىگەرلىك مەكتىپىدە ئېبلىسقا ئۇستاز بولىدىغان بىر خوتۇن، بەرەھمانزادىنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ بىر ماكانغا بېرىپ، ئۇنى ئۇ جايدا قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن، تاقەتسىزلىك بىلەن:

— ھازىر ئىچىمگە بىر كېسەل ئولاشتى. روھىم قۇشى بەدىنىم قەپىسىدىن پەرۋاز قىلايلا دەپ قالدى، — دەپ نالە قىلدى. ئېرى:

— نېمە ئىش بولدى، — دەپ سورىدى. خوتۇن:

— تاماق خىل كەلمىدى ياكى يامانلارنىڭ كۆزى تەگدى. تەقدىر دېڭىزىنىڭ ئازابلىرى ھەددىدىن زىيادىدۇر، — دەپ بۇرنىنى ھەر ۋاقىت كۆپتۈرۈپ رەڭگىرويىنى ھالسىز كۆرسىتىپ چىدىيالماستىن ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپ «ئاھ، ۋاھ» ئۇردى. ئېرىنىڭ خوتۇنىغا مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن قورقۇپ ئىلاجىسىنى قىلىش ئۈچۈن سەراسىمىگە چۈشكەندى. ئەر خوتۇنغا:

— ھەي خوتۇن، بىرەر سائەت بەرداشلىق بېرىپ تۇرغىن، مەن بېرىپ تېۋىپتىن دورا ئېلىپ كېلەي، ئىچىڭدىكى ئاغرىق پەسىيىشى مۇمكىن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى. خوتۇن:

— سەن مېنىڭ كۆزۈمدىن يىراققا بارما. سېنىڭ ئولتۇرغىنىڭ مەن ئۈچۈن قۇۋۋەتتۇر. ئەگەر سەن بولمىساڭ مېنىڭ ھالىم بەتتەر بولىدۇ. لېكىن پالانى ۋاقىتنىڭ بىرىدە مەن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا قوشنىمىزنىڭ خوتۇنى كېلىپ داۋالىغانىدى. ئەمدى سەنمۇ ئولتۇرۇپسەن ئۇ خوتۇن، مەستۇرە پاك، نامەھرەم كىشىنى كۆرگەن ئەمەس، — دېدى. ئېرى:

— ئۇنداق بولسا مەن چىقىپ باشقا ئۆيدە ئولتۇراي، — دېدى. خوتۇن:

— مەن سېنى نەزەرىمدىن يىراققا ئەۋەتمەيمەن، — دېدى. نادان ياش پەردىنىڭ تاشقىرىسىدا تەگىرى تائالانىڭ دەرگاھىغا مۇناجات قىلىپ ئولتۇردى. ئايال ئۆز كېنىزىكىنى بۇيرۇپ، بەرەھمەنزادىنى ئايال سۈرىتىدە ياساپ كەلتۈردى. بەرەھمەنزادە پەردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، خوتۇننىڭ رىزالىقى بىلەن ئىشقا مەشغۇل

بولدى. مۇشۇ ۋاقىتتا خوتۇن پەردىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئېرىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ نالە قىلاتتى. ئېرى يۈزىنى سىيلاپ دۇئا قىلاتتى. بەرەھمەنزادە چىقىپ ماكانىغا بېرىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا خوتۇن خۇشاللىق بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىدا قوشنىسىنىڭ خوتۇنىنى تەرىپلەيتتى.

ئېرى بولسا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى.

كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ھەممىسى سەھەر بىلەن دەريانىڭ ياقىسىغا جەم بولۇشتى. ئۇلار قىلغان ئىشلىرىنى بايان قىلدى. ھەممىسى تەھسىن ئاپىرىنلار ئوقۇپ:

— ھەي يىگىت، بۇمۇ «تەيابىد» دىن بىر ساۋاقتۇر. خەۋەردار بولغىن، — دېدى.

## يەنە بىر شەيتانغا ئوخشاش مەككار ۋە دىۋە خۇلۇق خوتۇننىڭ «تەريابىد» نىڭ تۆتىنچى بابىدىن ساۋاق بەرگەنلىكى

رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

تۆتىنچى كۈنى بىر مەلئۇنە مەككار خوتۇن بەرەھمەنزادىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر باغدا قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە:

— بۈگۈن بىر مەردىكىدە پالان ئادەمنىڭ بېغىدا ئاجايىپ تازا ۋە لەززەتلىك بىر خورما دەرىخى بار ئىكەن. ھەرقانداق كىشى ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاستىغا نەزەر سالسا ئاجايىپ ۋە غارايىپلارنى كۆرىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم. ئەگەر بۈگۈن ئۇ باغنى تاماشا قىلىپ، ئۇ خورما دەرىخىنىڭ خورمىسىدىن تېرىپ يەپ، ئاجايىپ ۋە غارايىپلارنى كۆرگەن بولساق تولىمۇ خۇشال بولار ئىدۇق، — دەپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئېرىنى بېرىشقا رازى قىلدى. ئەر نائىلاج خوتۇنى بىلەن باغ سەيلىسىگە بېرىپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ تاماشا قىلدى. خوتۇن ئېرىگە:

— سەن چىقىپ، ئېگىز شاخلاردىكى خورمىلارنى تېرىپ تاشلىغىن، قانداق غارايىپ ئىشلارنى كۆرەرسەنكىن، قاراپ باققىن، — دېدى. ئېرى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خورمىدىن بىرنەچچىنى تېرىپ تاشلىدى. خوتۇن ئېرىنىڭ دەرەخنىڭ ئۈستىدە خورما تېرىش بىلەن ئاۋارە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال بەرەھمەنزادىنى تەلەپ قىلدى. بەرەھمەنزادىمۇ بۇ جەھەتلەردە كامىل ئۇستازلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەرھال ئىككى ئەرغۇۋان چىۋىقىنى كۆتۈرۈپ، گۈزەل خورما دەرىخىنى پەستە خەندان بىلەن جۈپ قىلدى. ئېرى دەرەخنىڭ ئۈستىدە بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي بۇزۇق، بۇ نېمە قىلغان قىلىق، — دەپ توۋلىدى. خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي، بەرەھمەنزادىنى قۇچىقىدىن قويۇپ بەرمىدى. ئېرى دەرغەزەپ بولۇپ دەشنامىلار قىلىپ دەرەخ ئۈستىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. بەرەھمەنزادە ئىشنى تامام قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى بىر ياققا يوشۇردى. خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ:

— ھەي سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ قانداق سۆزلەرنى ئېيتىۋاتىسەن، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئىرى دەر ھەقىقەت بىرەر يات كىشىنىڭ
يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «بۇ ئارىدا
بىرەر سىر بولۇشى ئەھتىمال، خوتۇن
كىشى ھەرقانچە پاسىق ۋە بۇزۇق بولسى-
مۇ ئىرىنىڭ نەزەرىدە شەرمى ھاياسىزلىقىنى
تۇتۇنۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئوي-
لىدى. مەككار خوتۇن ئىرىنىڭ كۆڭلىدە
نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ شوخ-
لۇق قىلىپ، دىلىنى مەھلىيا قىلغۇچى
سۆزلەرنى ئىيتىپ، ئىتىكىنى بىلىگە
قىستۇرۇپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ،
ئىرىگە قاراپ:

— ھەي بىھايا، بۇ نىمىدىگەن
قەبىھلىك! سەن بىر ئوغلاننى ياتقۇزۇپ
قانداق تەرىقىدىكى ناماقۇل ئىشلارنى قىلى-
ۋاتىسەن؟! سىنى شەيتان ئازدۇرغانغا
ئوخشىمامدۇ؟!— دەپ تووۋلاپ كۆپ
دەشنامىلار قىلىپ دەرەختىن چۈشۈپ
ئىرىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئىرى:

— ھەي خوتۇن، تووۋلىماي جىم
تۇرغىن، بۇ دەرەخنىڭ خاسىيىتى
ئىكەن،— دەپ خوتۇنغا ئۆزرىلەر ئىيتىپ
خۇشال قىلدى. خوتۇن:

— ناھايىتى ياخشى باغ ئىكەن،
ھەم خورما تىرىپ يەپ، ھەم ئاجايىپ
ئىشلارنى كۆردۇق،— دەپ ئۆيىگە قايتىپ
كەلدى. ئەتىسى يەنە بەرەھمەنزادە خو-
تۇنلار بىلەن دەريانىڭ ياقىسىدا جەم
بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

**بەشىنچى كۈنى بارچە ئەييارلاردىن چىچەن ۋە ئۇستا بولغان، ھىيلە - مىكىرنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ، ھىيلىگەرلىك مەكتىپىدە چاۋا قۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بىر خوتۇن بەرەھمەنزادىگە «تەرىيابىد» كىتابىدىن تەلىم بەرگىنى**

رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق ھىكايە
قىلىدۇ:

بەشىنچى كۈنى ئىبلىس ئۇنىڭ ماكا-
نىدىن لاھەۋل (ئاللانىڭ قۇدرىتى ئەڭ زور)
ئوقۇپ ئۆتىدىغان بىر مەككار خوتۇن
بەرەھمەنزادىنى ھەمراھ قىلىپ، يولدا
ھەر خىل ئەپسۇنلارنى ئۆگىتىپ، بىرنەچچە
سۆزلەردىن تەلىم بىرىپ، بەرەھمەنزادىنى
تاشقىرىدا قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە كىرىپ
ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كىيىن ئۆزىنى
دىۋانىدەك ياساپ مەجنۇنلاردەك بىھۇدە
سۆزلەرنى ئىيتىپ، ھەر ۋاقىتتا بىھوش
بولۇپ يەنە ھوشىغا كىلىپ ئۆيىنىڭ تۆت
بۇرجىكىگە قاراپ ھەر خىل سۆزلەرنى
قىلاتتى. ئىرى بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ يا-
قىسىنى يىرتىپ، خوتۇننى قۇچىقىغا
ئىلىپ ئەھۋال سورىدى. ھىچقانداق جا-
ۋاب بەرمىدى. ئىرى پەرىشان بولۇپ
تۇرغاندى. شۇ ئەسنادا، بەرەھمەنزادە
خوتۇننىڭ سۆزى بىلەن بىر كىتابىنى
قوينىغا سىلىپ ئۆزىنى ھىكىم تىۋىپلارنىڭ
سۈرىتىدە ياساپ:

— مەن ئادەمزاتنىڭ بەدىنىدە
پەيدا بولغان ھەر قانداق كىسەلنى داۋا-
لىيالايدىغان كامىل ئۇستا تىۋىپمەن،—
دەپ تووۋلاپ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتتى.
خوتۇننىڭ ئىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چى-
قىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قوللىرىنى
كۆزىگە سۈرتۈپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن
ئۆيىگە ئىلىپ كىرىپ كىسەلنى كۆرسەتتى.
دانا ھىكىم خوتۇننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

— بۇ كىسەللىك ئەزاسىدا ھىچبىر

www.uyghurkitap.com



دەرد يوقىتۇر. بىراق ئۇنى بىر پەرى ئەسىر قىلىپتۇ. بۇ بىچارىنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن ئامان تېپىش - تاپالماسلىقى ئېنىق ئەمەس، — دەپتۇ. خوتۇننىڭ ئېرى بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن ھېكىمنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ زار - زار يىغلاپ:

— ھەي دانا تېۋىپ، سىنىڭ قەدەم شاراپىتىڭدىن بۇ بىچارىنىڭ مۇشكۇلى ئاسان بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن. تەڭرى تائالانىڭ ھەق - ھۆرمىتى ئۈچۈن رەھىم قىلىپ بىزلەرنى مەيۇس ۋە نائۈمىد قىلمىغايسەن، — دەپ ھەميانىدىن پۇل ئېلىپ ھېكىمنىڭ ئالدىغا قويدى. دانا ھېكىم:

— بىرنەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئىشلاردىن ئۆزۈمنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈمنى بۇ ئىشلار بىلەن بۇلغىماي دېگەنىدىم، بۇ زەئىپنىڭ ئاجىزلىقى ۋە سېنىڭ بىچارە غېرىبلىقىڭغا رەھىم قىلىپ بولسىمۇ داۋاسىنى قىلىپ كۆرەي، — دەپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، خۇش بۇي دورىلارنى ئوتقا سالدى، ئۇ دانا ھېكىم ئىززەت تۆشكەدە ئولتۇرۇپ، ئۇد ۋە ئەنبەرنى دىمىغىغا تۇتۇپ، دۇئا - ئەپسۇن ئوقۇپ دەم سالدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن مەككار خوتۇن كۆزىنى ئېچىپ ھېكىمنىڭ يۈزىگە قاراپ:

— ھەي ئەقىلسىز نادان، ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىپ، ئەپسۇن ئوقۇمىغىن، مەن سېنىڭ ئەپسۇنۇڭ تەسىر قىلىدىغان ئۇنداق ئۇلۇپەتلەردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ ئىسمىمنى قەرتاس دەپ ئاتايدۇ. يۈز مىڭ جىن ۋە پەرى مېنىڭ تەخت پەرمانىمدىدۇر. سېنىڭدەك نەچچە تېۋىپلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قېنىنى جىنلىرىمغا ئىچۈرگەنمەن. ئەمدى ئۆز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىپ ئايىغىمدا قوۋۋەت بار ۋاقىتتا قېچىپ بېرىپ ئۆزۈڭنى بىرەر بۇرجەككە ئالغىن، بولمىسا جىنلىرىمغا بۇيرۇپ، سېنى پارە - پارە قىلىمەن، — دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئېرى ۋە قېرىنداشلىرى تىترەشكە باشلىدى. ھېكىم دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي بەتبەخت، مەنمۇ سېنىڭ لەشكەرلىرىڭدىن قورقىدىغان ئۇنداق كىشىلەردىن ئەمەسمەن. ئەگەر ئۆزۈمگە زەرەر يەتمىسۇن دېسەڭ ئۇ بولمىغۇر خىياللارنى بېشىڭدىن چىقىرىپ، بۇ بىچارىگە ئاراملىق بېرىپ قايتۇرغىن، بولمىسا سېنى شىشىگە سېلىپ يۈز مىڭ ئوقۇبەت بىلەن ئوتقا سالىمەن، — دېدى. بۇ تەرىقىدىكى سۆزلەر ھېكىم بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولغاندىن كېيىن ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن، بۇ بالايىئاپەتنى ياندۇرغىچە كۆپ مېھنەت تارتسام كېرەك، — دېدى. خوتۇننىڭ ئېرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ زار - زار يىغلاپ:

— ھەر تەرىقىدە بولسا بىزلەرنىڭ ئەھۋالىمىزغا رەھىم قىل، — دەپ يالۋۇردى. ھېكىم بۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— مەن ئۆيگە بېرىپ بىرنەچچە لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ، كېچە كېلىپ داۋاسىنى قىلىمەن، — دەپ ئۆيىدىن چىقتى، بىر ماكانغا بېرىپ كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدىن بىرنەچچىنى قىزىل ۋە سېرىق قىلىپ، بىر نەچچىنى ئاق قويۇپ بىر قازانغا سېلىپ، كېچە بولغاندا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. ھېكىمنىڭ كەلگىنىدىن ھەممىسى خۇرسەن بولدى. ھېكىم

قازاننىڭ ئۈستىنى مەھكەم قىلىپ يېپىپ،
ئوت يېقىشنى بۇيرۇدى. ھەممە ئەر - خو-
تۇن ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلار كېسەل-
نىڭ ئەتراپىدا ھەلقە ئۇرۇپ ئولتۇردى.
قازان قاينىغان ۋاقىتتا خوتۇن «ھەي ھې-
كىم، تەڭرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنىڭ
جېنىمغا رەھىم قىلغىن، يېنىپ تامام بول-
دۇم. مۇندىن كېيىن بۇ خوتۇننىڭ يېنىغا
كەلمەيمەن» دېدى. كىشىلەر بۇ سۆزنى
ئىشىتىپ خۇش ۋاقىت بولۇشتى. ھېكىم:

— ئەگەر ئەھدى قىلىپ ئۆز مەزھە-
پىڭ بويىچە قەسەم قىلساڭ سېنى ئازاد
قىلىمەن، — دېدى. خوتۇن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ھېكىمنىڭ قۇلىقىغا بىرەر قۇر سۆز-
لەرنى قىلىپ يەنە ئۆز ئورنىغا بېرىپ
ياتتى. ھېكىم قازاننى چۈشۈرۈپ يەرنىڭ
ئاستىغا كۆمۈشنى بۇيرۇدى. ھېكىم:

— قائىدە دەستۇرىڭنى ئېيتقىن، —
دېدى.

خوتۇن:

— ماڭا يىپەك توقۇلمىلاردىن كىيىم
كىيدۈرۈپ بارلىق خۇش بۇي دورىلارنى ئۆيدە
ئىشلىتىپ داۋالىغىن بىر مەيدە ئولتۇرغۇزۇپ،
مەيىنىڭ ئۈستىنى ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن يېپىپ
خۇش ئاۋاز ناخشىچىلار ۋە سازەندىلەرنى
كەلتۈرۈپ قىلسۇن، مەن ئولتۇرغان مەيىنى تۆت
كىشى كۆتۈرۈپ ھويلىنىڭ ئەتراپىنى
يەتتە قېتىم ئايلاندۇرسۇن. ھېكىم مەيدە
ئولتۇرۇپ مەن بىلەن ئەھدە قىلىشسۇن، —
دېدى. ھېكىم:

— ھەي بەتبەخت، سەن پادىشاھلارغا
مۇيەسسەر بولىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىۋاتى-
سەن. بۇ بىچارىلەرگە قىيىندۇر. ئاسانراق
ئىشنى بۇيرۇغىن، — دېدى. ئېرى:

— ھەي دانا ھېكىم، كۆپ تالاش-
تارتىش قىلمىغىن، ھەرقانداق مەقسىتى
بولسا ھاسىل قىلىمىز، — دەپ دەرھال
بۇيرۇغان نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ خو-
تۇن بىلەن ھېكىمنى مەيگە ئېلىپ، مە-
نىڭ بىر ئايىغىنى ئېرى يەنە بىر ئايىغىنى
قېرىنداشلىرى كۆتۈرۈپ ھويلىنىڭ ئەترا-
پىدا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ناخشىچى
ۋە سازەندىلەر ئۆز ناخشا سازلىرىنى چې-
لىشقا تۇتۇندى. ھېكىم مەيىنىڭ ئىچىدە
خوتۇننىڭ مەقسىتىنى ھاسىل قىلدى.
كامىل ھەييار ھېكىم مەيىنىڭ ئېتىكىنى
كۆتۈرگەندىن كېيىن، مەيىنى يەرگە قويدى.
مەككار خوتۇن كۆزىنى ئېچىپ ھەر تە-
رەپكە قاراپ:

— خالايىق بۇ قانداق ۋەقە؟ بۇ
مۇزىكا سۆھبەتلىرى نېمە سەۋەبتىن بول-
دى؟ بۇ نامەھرەم كىشى بۇ يەردە نېمە
ئىش قىلىدۇ، — دەپ يۈزىنى يوشۇردى.
ئېرى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن تەبە-
سسۇم قىلىپ:

— ھەي خوتۇن، بۇ يىغىلىش سې-
نىڭ ئۈچۈندۇر، تەڭرى تائاللا بۇ ھېكىم-
نىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئەگەر بۇ
ھېكىم كەلمىگەن بولسا سەن بۇ دۇنيادىن
كېتىپ قالاتتىڭ، — دەپ بولغان ۋەقەنى
بايان قىلدى. خوتۇن:

— سۇبھانالla، بۇ ئىشلاردىن ئازراق-
مۇ خەۋىرىم يوق، — دېدى. ئاخىرى ھې-
كىمگە كۆپ نەرسىلەرنى بېرىپ ئىززەت-
ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ئەتىسى يەنە بەش خوتۇن بەرەھمەن-
زادە بىلەن دەريانىڭ ياقىسىدا جەم بولۇپ
كېچە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.
ھەممىسى تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇپ، ئۇس-
تىلىقلىرىنى ماختاشتى. ئاندىن كېيىن بەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوتۇن بىرگە بولۇپ بەرەھمەنزادىگە:

— ھەي ساددا، ئىش كۆرمىگەن ياش، ئەمدى «تەريابىد» كىتاب ئىلمىدىن خەۋەردار بولدۇڭ. «تەريابىد» ئىلمىنىڭ بارلىقى بۇ بەش ساۋاقنىڭ سىرتىدا ئەمەس. خوتۇنۇڭنىڭ قايسى بۇلۇڭدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن سېنى دەشت - غۇربەتلەردە ئاۋارە قىلغانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟— دەپ بەرەھمەنزادىگە خوتۇنىنىڭ ھەقىقىتىنى مەلۇم قىلدى. يىگىت ئۇستازلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە يولغا چىقتى.

ئازلا پۇرسەتتە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ پاراڭلاشماقچى بولدى. بەرەھمەنزادە خوتۇنى تەرەپكە ئازراقمۇ ئىلتىپات قىلماي قويدى. خوتۇن پاراسەت بىلەن قانداق ۋەقە بولغانلىقىنى، بۈگۈن ئامالسىز ئاشىقىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلىپ يېتىپ، ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللى بېرىپ ئولتۇردى. كېچە بولغان ۋاقىتتا ئاشىقى «بۇ كېچە بەزم داستىخانلىرىنى راسلاپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، ئەلۋەتتە تېز كېلىپ رەھىم - شەپقەتلىك كۆرسەتمىسە تاقىتىم - تاق بولدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. خوتۇن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېنىگە ئوت تۇتىشىپ:

— مەنمۇ ۋىسالىڭ ئارزۇسىدىمەن. لېكىن پەلەكنىڭ ئىشلىرى ھەمىشە بىر تەرىقىدە ئەمەستۇر. بۇ ئاخشام ئېرىم سەپەردىن كەلدى. ھەر تەرىقىدە بولسا بىر كېچىنى ئۆتكۈزسۇن، مېنىڭ ئۆزرىمنى قوبۇل قىلسۇن،— دەپ كەلگەن كىشىدىن جاۋاب ئەۋەتتى. ئاشىقى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەگەر بۇ كېچە ۋىسال دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلساڭ، كۆكرىكىمنى ھىجران خەنجىرى بىلەن تېشىپ سېنىدىن ۋىدالىشىمەن،— دەپ يەنە كىشى ئەۋەتتى. خوتۇن ئاشىقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ نائىلاج قوبۇل قىلدى. قارىسا ئېرى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئاخىرى ئاشىقى تەرەپتىن كەلگەن خوتۇننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇپ:

— سەن بۇ كېچە مېنىڭ ئورنۇمغا كىرىپ ياتقىن، مەن بېرىپ دوستۇمنى خۇشال قىلىپ كېلەي، ئەگەر ئېرىم ئويغىنىپ ساڭا گەپ قىلسا ھەرگىز جاۋاب بەرمىگىن،— دەپ ئۆزى چىقىپ كەتتى.

خوتۇنىنىڭ ئاشىقى تەرەپتىن كەلگەن خوتۇن چىراغنى ئۆچۈرۈپ بەرەھمەنزادىنىڭ ئالدىدا خاموش بولۇپ ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بەرەھمەنزادە خوتۇنغا كۆڭۈل مەيلى تارتىپ ھوزۇر-ھالاۋەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە تارتقۇچى سۆزلەرنى باشلىغانىدى، ئەمما خوتۇن ھەقىقىي «سىر ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن» دەپ قورقۇنچىتىن قىلچە ئاۋازىنى چىقارمىدى. بەرەھمەنزادە:

— سەن ھەمىشە ناز - كەرەشمە ۋە ئىشۋىگەرلىك بىلەن سۆھبەت قىلاتتىڭ، بۈگۈن ئاخشام نېمە سەۋەبتىن ھېچ سۆزلىمەيسەن،— دەپ سورىدى. خوتۇن قورقۇنچتىن يەنە جاۋاب بەرمىدى. بەرەھمەنزادە دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا پىچاق ئېلىپ خوتۇننىڭ بۇرنىنى كېسىپ تاشلاپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. خوتۇن ئىشىنىڭ باشقىچە بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئامالسىز قازاغا تەن بېرىپ بېشىنى چۆمكەپ ياتتى. سەھەر ۋاقتى بولۇپ، ئۇ مەككار پاھىشە خوتۇن ئاشىقى ئالدىدىن كېلىپ ئىشارەت بىلەن

خوتۇننى ئۇيـغىتىپ، بۇ ئاخـشام قانـداق
ئىشلار بولغانلىقىنى سورىدى. خوتۇن:
ــ سېنىڭ يولۇڭدا بۇرنۇمنى نابۇت
قىلدىم،ــ دەپ بۇرنىنى كۆرسەتـتى. مەكـ
كار خـوتۇن دەلـلال خوتۇنـغا ئۆزرىـلەر
ئېيتىپ:
ــ ھەرقانداق ئىش بولسىمـۇ مېنىڭ
يۈز خاتىرەمنى قىلـىپ سىـر پەردىسىـنى
يېرتمىغىن، مەنمۇ بىر ۋاقىـتـتا سـاڭـا
خىزمەت قىلىمەن،ــ دەپ دەللال خوتۇننى
خۇشال قىلىپ، ئۆزى ئۆيىـنىڭ بىر تەرىـ
پىدە ئولتۇرۇپ يىغلىغان ئاۋازدا:
ــ ھەي تەڭرى تائاللا، بارلىق يوشۇ-
رۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساڭـا ئاشـكارىـ
دۇر. ئۆزۈڭ بىلىسـەن، مېنىڭ پاكـلىـق
دىيانىتىم ئىسيان توپىسىغا بۇلغانمىغاندۇر.
يەنى مەن ھەرگىز خاتالىق يولىغا ماڭـغان
ئەمەسمەن. ئەمـدى لۇتپى مەرھەمەت بىـ
لەن بۇ بالايىـئاپەتـلەردىـن مېـنى خاـ
لاس قىلىپ بۇرنۇمغا شىپايى كارامەتلىرىڭنى
ئاتا قىلغىن،ــ دەپ بېشىـنى سەجدىگە قوـ
يۇپ مۇناجات قىلىۋاتاتتى. بەرەھمەنزادە
ئۇيغىنىپ خوتۇننىڭ مـۇنـاجات قىـلـىـپ
ئولتۇرغانلىقىـنى كـۆرۈپ قۇلاق سېـلىـپ
ئولتۇردى. بىرەر سائەتتـىن كېيىـن مەكـ
كار خوتۇن بېشىـنى كۆتـۈرۈپ يۇقىـرى
ئاۋاز بىلەن:
ــ تەڭـرى تائاللاغا شۈكـرى قىلـىـ
مەنكى، بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولدى. بۇرنۇم
سالامەت بولۇپ خەلق ئارىسـىدا شەرمەنـ
دىلىكتىن خالاس بولدۇم،ــ دەپ توۋلىدى.
بەرەھمەنـزادە بۇ مۇنـاجاتـنى ئاڭـلاپ،
ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يېقىـپ، خوتۇـ
نىنىڭ بۇرنى راستىنلا سـاق ـ سـالامەت
تۇرغانلىقىنى كـۆردى. بەرەھـمەنـزادە بۇ
ئىشلارنى ئېنىـق كـۆرۈپ ھەيران ـ ھەس
بولۇپ قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلـدى
ھەم تۆۋە ئىستىغپار قىلـىـپ خـوتۇنـنىڭ
ئايىغىغا باش قويـۇپ ئۆزرىـلەر ئېيتـىـپ،
ھەر خىل گۇمانلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ،
ھەر دائىم خوتۇننىڭ ھۆرمىتىنى قىلدى.

× × ×

ۋەزىر ھېكايىسىـنى تامـام قىـلىـپ
شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ خوشلاشتى.
ئاخشىمى يەتتە ۋەزىر جەم بولـۇپ «ئەته
ھەممىمىز بىرلىكتە پادىشاھنىڭ خىـزمىتـىگە
بېرىپ جاۋابىنى بېرەيلـى» دەپ مەسلىـ
ھەت قىلىشتى.

## يەتتە ۋەزىر جەم بولۇپ شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ ئۆلۈمگە ئوخشاش نەسىھەت قىلغانلىقى، بۇ نەسىھەتنىڭ شاھزادىگە پايدا بەرمىگىنى

قۇياش جاھاننى يورۇتقۇچى نۇرىـنى
جاھان مۈلكىگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ
تاڭ يورۇدى. يەتـتە ۋەزىـر بىر پىكىـردە
جاھاندار سۇلتانـىنىڭ خىزمىتـىگە بېرىـپ،
سۆز ئەتىـرلىرىـنى پاسـاھەت مەيـدانـىدا
جىلۋىلەندۈرۈپ، نەسـىھەت ئىشـكلىرىـنى
داغدامالاشتۇرۇپ شاھزادىگە:
ــ ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك شاھزادە،
خوتۇنلارنىڭ ماھىيىتـىنىڭ قارىلىقى ۋە ئىچـ
كى دۇنياسىنىڭ زەھەرلىكىدىن ئۇلارنىڭ نۇر
چېچىپ تۇرۇشىنى ئاسانلا چۈشىنىۋېلىشـقا
بولىـدۇ. سەن ھەيـۋەت ۋە شان ـ شەۋـ

كىتى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە پۇر كەتكەن ئەقىل-پاراسەتلىك، دانىشمەن شۇنداقلا جاھانگىرلىك ۋەھىمىگىدىن جاھان پادىشاھلىرى لەرزىگە كەلگەن كىشى تۇرۇقلۇق، سەن خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتىگە گىرىپتار ۋە مۇپتىلا بولۇپسەن. بۇ تولىمۇ تەگسىزلىكتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ زاتىدا ئۇزرە ۋە ھىيلە-مىكىردىن باشقا ھېچقانداق ئەمىر-مەرۇپنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ ۋادىدىن قايتىپ، بۇ خىياللارنى بېشىڭدىن چىقارمىساڭ، دۇنيادا تولىمۇ ئاجىز كوتا ھىممەتلىكلىكتە داغلىق ۋە مەشھۇر بولىسەن،— دېدى. شاھزادە ئىشق مۇھەببەت مېيىنىڭ جانغا ھۇزۇر بەرگۈچى ۋە مەست قىلغۇچى كۈچىدىن پارامۇش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ۋەزىرلەرنىڭ نەسىھەتى پەقەت تەسىر قىلمىدى. بەلكى مۇھەببەت ئىشتىياقى بۇرۇنقىدىنمۇ زىيادە بولدى. ۋەزىرلەر شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى غەيرىي ھالدا كۆرۈپ نائىلاج نەسىھەتتىن نائۈمىد بولۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ:

— ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھ، يارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارىچە شاھزادىگە كۆپ نەسىھەت ۋە ئەرزلەر قىلدۇق. ھېچقانچە پايدا بەرمىدى ۋە سۆزىمىز ئازراق بولسىمۇ تەسىر قىلمىدى. جانابىي ئالىي ھەزرەتى شاھەنشاھ پادىشاھنىڭ پاك كۆڭلىگە ئىشق-مۇھەببەت ئوتى تۇتىشىپ ئارزۇ-ئارمان ئۈستەكلىرىدىن پەلەكتە تۇغ ئەلەملەر كۆتۈرۈلۈپ تۆت كوچا ئېغىزىنى شەيدالىقتىن ئاۋازغا كەلتۈردى. بۇ دىياردا ئەقلىنىڭ ساقچىلىرى سىياسەت راۋانلىقىدىن مەغلۇپ بولغاندۇر. چۈنكى ئىشقنىڭ دولقۇنى بالايىئاپەتتۇر. ئەقىل بولسا قۇرۇق ئوت-چۆپ، ئىشق توپىنى بولسا تېز ئەپقاچقۇچى ئالەم ئوغرىسىدۇر. ئەقىلنىڭ يورۇقلۇق شامىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان جاراھەتى بولسا ئىشق نەيزىسىنىڭ سانجىلىشىدىن ئاتما تۆشۈك بولغاندۇر. ئەقىلنىڭ جاراھەتى مەلھەم سۈرتۈلگەن پاختا بىلەن ساقايمايدۇ. گۈلشەن بولسا كۆڭۈل چىمەنىدە ئىشقنىڭ سۇ ھاۋاسى بىلەن ياشىرىدۇ. گۈل شەيداسى ئەقىل خەزىنىسىدىن ئۈن تىنىسىز ئايرىلمايدۇ،— دېدى. پادىشاھ ۋەزىرلەردىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن كۆڭلى غەم-قايغۇ ئوتىدا يېنىپ ئاخىرى بارلىق ئەمىر، ۋەزىر، دۆلەت كاتىپلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى جەم قىلىپ شاھزادىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىش توغرىلىق كېڭەش ئېلىپ باردى. بارلىق دانىشمەنلەر بىر پىكىرگە كېلىپ پادىشاھقا:

— ھەي ئالەم پادىشاھى، ۋاي كەرەملىك سۇلتان، ئەمدى شاھزادىنىڭ داۋاسى يەنە نەسىھەت بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ئىرادە ئوقى قازانىڭ قوغدىشىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئەمدى ياخشى مەسلىھەت بۇكى، شاھزادىنىڭ تەمەننا غۇنچىسى مۇراد چىمەنىدە گۈلىستانلار ياساپ، ئارزۇ گۈلشىنىنى ئۈمىد غۇنچىلىرى بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشساق يەنى قىز ئاتىسىنىڭ رىزالىقى بىلەن ئۇ جەننەت باغچىسىدىكى ئەتىر گۈللەر سەرخىلى بەدرەۋەر بانۇنى بۇ جاھان دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سەرۋى دەرىخى — جاھاندار سۇلتان بىلەن توي قىلىپ قويساق،— دەپ مەسلىھەت بەردى. پادىشاھ ئويلىنىپ، بۇ قىيىن ئىشنىڭ باش-ئاخى

(داۋامى 133-بەتتە)

# لىسانۇت-تەير

## ئەلىشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

مۇھەررىردىن: «لىسانۇت-تەير» («قۇشلار تىلى») ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان يىرىك داستانلاردىن بىرى. نەۋائى بۇ ئەسەرنى شەيخ پەرىدىدىن ئەتتار مىلادى (1145—1229) نىڭ «مەنتىقۇت-تەير» («قۇشلار نۇتقى») ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. خەلقىمىز بۇ ئەسەرنى سۆيۈپ ئوقۇغان، خەتتاتلىرىمىز بەس-بەستە كۆچۈرۈپ كىتابلاشتۇرۇپ تارقاتقان. ئەدىبلىرىمىز ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى-يېڭى نۇسخىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «لىسانۇت-تەير» چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنى، تەسىرلىك ھېكايەتلىرى ۋە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن خەلقىمىزنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلدى. بۇ ئەسەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە بولسۇن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر تېما بولۇپ تۇرماقتا. «لىسانۇت-تەير» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ ئەسەرنى ئۆرنەك قىلغان بىر خىل ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەن، بۇ خىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم شائىرلار، يازغۇچىلار مەيدانغا كەلگەن. شۇنداقلا، بۇ ئېقىمنى شەرھلەپ، تەتقىق قىلىدىغان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمۇ يېتىشىپ چىققانىدى. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 12-سانىدا XIX-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئەدىب ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «مەقالات» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەردە «لىسانۇت-تەير» نى شەرھلەش ۋە تەتقىق قىلىش مۇھىم بىر مەزمۇن قىلىنغان. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىبنى يۇسۇف شېئىرلىرى» ناملىق ئەسەرمۇ «مەنتىقۇت-تەير» بىلەن «لىسانۇت-تەير» نىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەدەبىي مىراس. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 3-، 4-سان-

لەردە موللا سىددىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىقىلغان «لىسانۇت - تەير» ئېلان قىلىندى.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، «لىسانۇت - تەير» نىڭ ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن يېزىلغان نۇسخىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمىز.

بۇ ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك نۇسخىسىنى ئىشلەشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 0098 نومۇرلۇق قول يازما ئىچىدىكى نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. بۇ قول يازما مۇھەممەد يۇسۇپ ئىبنى ئەبدۇلقادىر شاھباي ئىسىملىك كاتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1276 - (مىلادى 1860 — 1859) يىلى كۆچۈرۈلگەن. قول يازما جەمئىي 316 بەت، فورماتى 15 × 24 سانتىمېتىر، چىرايلىق كۆن مۇقاۋا ئىچىگە ئېلىنغان. قول يازمىنىڭ 2 - بېتىدىن 38 - بېتىگىچە ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ بىر پارچە ئەسىرى كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنى شەرھلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان. بۇ سەبۇرىنىڭ «مەقالات» تىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئەسىرىدۇر. قول يازمىنىڭ 141 - بېتىدىن 316 - بېتىگىچە بولغان قىسمىغا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» ناملىق ئەسىرى كۆچۈرۈلگەن. «لىسانۇت - تەير» بولسا بۇ قول يازمىنىڭ ھاشىيىسىگە كۆچۈرۈلگەن.

«لىسانۇت - تەير» گە مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر ئىزاھاتلار ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىللىق 3 -، 4 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «لىسانۇت - تەير» نىڭ موللا سىددىق يەركەندى نۇسخىسىدا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ نۇسخىغا تەكرار ئىزاھات بېرىلمىدى. يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن ئەينى دەۋر شارائىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

جان قۇشى چۇن مەنتىقى راز ئەيلەگەي، ئالغان ئۇل تىرناغ بىر ياندىن ھىلال.
تەڭرى ھەمدى بىرلە ئاغاز ئەيلەگەي. سەيردىن گەردۇنغە سالدى ئىزتىرار،
ئۇلكى مەخلۇقات خەللاقىدۇر ئۇل، يەرگە ئانىڭ جەۋفىدە بەردى قەرار.
ئافەرىنىش فانىيۇ باقىيدۇر ئۇل. يەر يۈزىن يامغۇر سۇيى بىرلە يۇدى،
سانىئىكىم چەكتى چۇن سۇنئى قەلەم، گەردۇ چىركى ئۇل يۇماغدىن ئۆكسۇدى.
ئافەرىنىش تەرھىنى قىلدى رەقەم. بەھر ئۈزە جۇڭ ئەيلەدى توفراغدىن،
ئەيلەگەچ دايىر تىققۇز ئەفلاكنى، جۇڭ ئۇچۇن لەڭگەر ياسادى تاغدىن.
قاسىر ئەتتى فەھمىدىن ئىدراكنى. قىلدى دەرياغە بۇخارىن پەردە پۇش،
كۆكنى تۈن، كۈندىن مۇلەممەئ ئەيلەدى، مېھر ئوتىدىن تۇشمەسۇن دەپ سۇغە جۇش.
مېھرۇ ئەنجۇمدىن مۇرەسسەئ ئەيلەدى. ئاشكار ئەيلەپ ئەدالەت ئالەمىن،
ئاينى كۆك تىرناغىدىن قىلدى مىسال، يەپ سۇدا مەۋجۇد قۇرتۇ قۇش غەمىن.

بەردی نەیسان یامغۇرىغە ئۇل شەرەف،
کىم گۆھەر قازغاندی بەزلىدىن سەدەف.
دۇرغە بەردی ئۇل بەھا بىرلە رىۋاج،
کىم سەرىر ئەھلىغە بولدی زىیبى تاج،
چۇن ھەمەلدىن بەردی ئايىنى بەھار،
بولدی تەك مىزاندە لەيلۇ نەھار.
تاك نەسىمىن ئىساشاسا ئەيلەدی،
باغ ئەمۋاتىنى ئەھیا ئەيلەدی.
جىلۋەگەر قىلدی چەمەن زىیبالارىن،
باغ ئارا يايىپ سەچەك رەئنالارىن.
روزی ئەتتی يەلگە روھ ئاسا نەسىم،
کىم سەھەرگەھ تاپتی جانپەرۋەر شەمىم.
ھەم يارۇتتی شامنی مۇشكىن لىباس،
ھەم بۇياتتی سۇبھنی کافۇر ئەساس.
مىھرىنی کۇندۇز دۇرەخشان ئەيلەدی،
ئاينی شەمئی شەبىستان ئەيلەدی.
ھەم غەرايىب كۆپ تاپىپ سەھرا ئارا،
ئاندىن ئارتۇق كۆرگۇزۇپ دەريا ئارا.
دەشت ئارا ھەر نې تەكاۋەر ئەيلەبان،
سۇدا يۈز ئانچە شىناۋەر ئەيلەبان.
چۇن قۇيۇننى دەشت ئارا ئايلاندۇرۇپ،
سۇدا ئىگرىمنی داغی تولغاندۇرۇپ،
ئۇيلاكىم، دۇشمەن ياراتىپ ئوتغە سۇ،
يەلنی ھەم تۇفراقغە ئەيلەپ ئەدۇ.
ئىشقدىن كۆرگىلكى مۇنداق تۆرت زىد،
بولۇپ ئىنسان خىلقەتىدە مۇتتەھىد.
ئافەرىنىشدىن قىلىپ ئىنسان غەرەز،
ئانی خەلق ئىچىدە ئەيلەپ بىمەۋەز.
كۆڭلىن ئانىڭ مەخزەنی ئىرفان قىلىپ،
ئۇل تىلىسم ئىچرە ئانی پىنھان قىلىپ.
رازی مەخفی گەنج ئولۇپ بۇ تۇرفە جىسم،
سۇنئىدىن ئۇل گەنج مەخفىغە تىلىسم.
ھەم تىلىسم ئۇل مەخزەن ئىچرە ھەم ئەمىن،
ئافەرىن سۇنئۇڭغە، ئەي جان ئافەرىن.
ئەيلەگەندە گەنجىنىڭ رازىنی ئەرز،

نې سەما ئەيلەپ قەبۇل ئانی، نې ئەرز.
غەيری ئىنسانكىم قىلىپ ئانی قەبۇل،
ھەم زەلۇم ئەيلەپ خىتابىن، ھەم جەھۇل.
چۇن خەلايىقدىن ئانی مۇمتاز ئېتىپ،
«كۇنتۇ كەنزەن» سىررىغە ھەمراز ئېتىپ.
باشىغە قويۇپ ھىدايەت تاجىنی،
قۇببەسی ئەيلەپ فەلەك مىئراجىنی.
ئالەم ئىچرە ئانداغ ئەيلەپ مۇقتەدا.
ھەم بولۇپ خەيلی مەلەككە پېشۋا.
چۇن مەلەك خەيلىغە ئۇل مەسجۇد ئولۇپ،
كىمكی سەركەشلىك قىلىپ مەردۇد ئولۇپ.
يەئنی ئۇل جىننۇ مەلەكنىڭ سەرۋەری،
تەختی فەرمانىدا ئالەم كىشۋەری.
نەچچە مىڭ يىل زۇھدۇ تائەت ئەيلەبان.
ئەمرىگە ئانىڭ ئىتائەت ئەيلەبان.
بىر ۋەجەب يەر قالماغان ئافاق ئارا،
بەلكی بۇ كىرياسی نىلی تاق ئارا.
كىم ھەق ئالدىدا ئىتائەت قىلماغان،
كەسبی ئايىنی سەئادەت قىلماغان.
بۇ سەئادەتلەرغە تاپغان دەسترەس،
ئۇرماغان يادىدىن ئايرۇ بىر نەفەس.
چۇن تەقەررۇبدا تاپىپ داروُس - سۇرۇر،
كۆڭلىگە ئۇل قۇربدىن سالىپ غۇرۇر.
بۇ ئەجەب مەزھەرنی كۆزگە ئىلماغان،
سەجدەسىن خەيلی مەلەكدەك قىلماغان.
بوينىنی سۇنغان ئەيان ئەتكەندە تەئن،
سالىبان بوينىغە ئانىڭ تەۋقی لەئن
بوينىغە ئىتدەك قەلادە سالىبان،
كۆڭلىگە ئىتدەك ئىرادە سالىبان.
خەيلی ئادەمغە ئەدۇۋۋی جان بولۇپ،
دۇشمەنۇ غارەتگەری ئىمان بولۇپ.
تا قىيامەت بۇ شەقاۋەتقە قالىپ،
دەۋزەخی مەكرۇ ئەداۋەتقە قالىپ،
ئۇل شەرەفلەر بىرلە ئانداغ پىنش خەيل،

دىن لىباسى كۇندەك ئولدى مۇرتەفىئ،
زۇلمەتى كۇفر ئولدى ئاندىن مۇنتەفىئ.
مەتلەئ ئولدى ئاندغە بەيتۇل - ھەرام،
كىم فەلەكدىن تاپتى ئالىيىراق مەقام.
مەككەدە بولغاچ ئول ئەختەر نۇرى فاش،
بارچە بۇتلار قويدىلار تۇفراقغە باش.
كۇفر ئەھلىدىن نەمۇدار ئولدىلار،
بارچەسى يەئنى نىگۇنسار ئولدىلار.
دىن لىباسى بولدى گەردۇندىن بىيىك،
شەرئى تىيغى نەسسى قاتىئدىن ئىتىك
تەبئى چۇن بولدى رىسالەت راسىخى،
مىللەتى بولدى مىلەلنىڭ ناسىخى.
رەئيى چۇن كۆركۆزدى شەمئى مۇئجىزات،
پەرتەۋىدىن رەۋشەن ئولدى كائىنات.

لات ناقىسلىق بىلە بولدى تەباھ،
زاھىر ئولدى كۇفر ئىچىلىگە لائىلاھ.
ئاندىن ئولدى ئەلگە ئىللەللاھ ئەيان،
قىلدى ئەفسەھ نۇتق ئىلە ئانى بەيان.
ئەيلەگەن ئىرسالى ئىللەللاھ ئۆزى،
ياندە ئانىڭ رەسۇلەللاھ ئۆزى.
زاتى ئالەم دۇرجىدە دۇررى سەمىن،
بەلكى ھەق دەپ رەھمەتەن لىل - ئالەمىن.
ئۆزى پاك ئەزۋاج ئىلە ئەيلەدى پاك،
زاتى پاك، ئەسھاب ئىلە ئەھفادى پاك.
ئاڭا ھەردەم يۈز دۇرۇدۇ يۈز سەلام،
ئالەم ئەھلىدىن ئىلا يەۋمۇل - قىيام.
پاك ئەۋلادىيۇ ئەسھابىغە ھەم،
سوكرە ئەزۋاجىيۇ ئەھبابىغە ھەم.

## فی مىئراجی سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئول كىچەكىم ئول شەھى ئالىي مەقام،
كىم ئانى ھەق ئىستەدى گەردۇن خىرام.
ئۇممەھانى ھۇجرەسىدە ئېردى خۇش،
دەھرى دون ئەشغالىدىن ئاسۇدە ۋەش.
كىم يېتىشتى ئالىغە رۇھۇل - ئەمىن،
يەتكۇرۇپ پەيغامى رەببىل - ئالەمىن.
ئىلكىدە ئېردى بۇراقى بەرقخىز،
بەرق ئانىڭ بىرلە قىلائالماس سىتىز.
دېدىكىم: «ئەي تەگرىگە جانىڭ قەرىب،
جىسم ئىلەجان بول ئېرۇرسەن چۇن ھەبىب.
راكىب ئولغىل، كەلتۇرۇپمەن بىر بۇراق،
گەردى راھىڭ ئەيلە بۇ فىرۇزە تاق.
چىقتى شەھ رەخش ئۆزرە چۇن مەھكۇم ئىدى،
ھۇكم قايدىن ئېركەنى مەئلۇم ئىدى.
چۇن ھۇمايۇن مەركەبى قىلدى ھەۋا،
مەقدەمىدىن چەرخ ئىبلى تاپتى نەۋا.
چۇن قەمەرغە مەركەبىدىن يەتتى قەدر،
ئول قۇياش تەشرىفىدىن ئاي بولدى بەدر.

چۇن ئىكىنچى ئەۋج ئۆزە ئۇردى ئەلەم،
دۇرفىشان بولدى ئەتارۇدغە رەقەم.
زاتىدىن تاپغاچ شەرەف ئۈچۈنچى سەھن،
زۇدرە ھىنناگەرلىك ئەيلەپ چەكتى
لەھن.
سۇردى چۇن تۆرتۇنچى ئەيۋانغە ئەساس،
شاھى ئەنجۇم ئەيلەدى نۇر ئىقتىباس.
سالدى چۇن بەشىنچى ئەيۋان سارى ئات،
نەھسى ئەسغەر، سەئدى ئەكبەر بولدى مات.
سەئدى ئەكبەر سارى چۇن قىلدى گۇزەر،
تاپتى ئول نۇرى سەئادەتدىن نەزەر.
قىلدى ئالتى، يەتتى تارەمغە ئۇبۇر،
ھىندۇيى مەزلۇم دېدى ئەللاھى نۇر.
ئىككى ۋادى چۇن يەنا قىلدى ئۇرۇج،
زاھىر ئولدى قۇببەئى زاتۇل - بۇرۇج،
تۇربىدىن تاپتى قۇزى قوچقارلىغ،
سەۋرغە يەتتى ئەسەدكىردارلىغ.
خىزمەتىغە باغلادى جەۋزا كەمەر،

بولدى سەرتان راست يولمۇققە سەمەر.
ئەرسلان ئىچىدەك ئاياغىغە تۇشۇپ،
خۇشە تۇخمى دۇر بولۇرغە ياۋۇشۇپ،
كەففە جان مىزانلىغىن ئەيلەپ ئەيان.
زەھرىنى تەرياك ئېتىپ ئاندىن چەيان.
يانى ئەيلەپ قاشى تەئزىمى ھىلال،
مەقدەمىدىن جەدى ئولۇپ زەررىن غىزال.
دەلۋ ئاچىپ تەكيەسىدىن جان سۇيى،
ھۇت تاپىپ نۇتقىدىن ھەيۋان سۇيى.
چۇن بۇلارغە بۇ شەرەفلەر يەتكۇرۇپ،
بارچەسىدىن يوقارى مەركەب سۇرۇپ.
ئەرش كۇرسىغە ئۇرۇپ فەررۇخ رەقەم،
بولدى ئاندىن مۇھتەرەم لەۋھىل - قەلەم.
لامەكان مەيدانىدا جەۋلان قىلىپ،
ئاندىن ئاھەنگى ئەجەب مەيدان قىلىپ.
ھەم ئەناسىر مېھنەتىدىن شاد ئولۇپ،
ھەم ھەيات ئىتلاقىدىن ئازاد ئولۇپ.
پەيك ئىلە مەركەب قالىپ ئول سەيرىدىن،
ئىككى پەر تۇشكەن مەسەللىك تەيرىدىن.
ئىگىندىن سالىپ ئەنانىيەت تونىن،
ئايرىپ ئوتتىن سىرەھۇ شەك ئۇچقۇنىن.
ئۆزنى ئۆزلۈك قەيدىدىن ئەيلەپ خەلاس،
تاپىپ ئاندىن ئۆزگەلىككە ئىختىساس.
يەلۇ تۇفراغ، ئوتۇ سۇدىن ئايرىپ،
ھەم سەنۇ مەن، ئولۇ بۇدىن ئايرىپ.
بارىگاھى قۇرب ئارا تاپىپ مەقام،
مەيل ئېتىپ ئاندىن يەقىنراق ھەم خىرام.
ئەيلەبان چۇن رەفئ بەتمىش مىڭ ھىجاب،
قالماي ئۆزگە مانىئى ئانىڭ ھىجاب.
چۇن مەۋاقىئ بارۇ يوق مەسلۇب ئولۇپ،
ئول ھەبىب ئاندا يېتىپ مەھبۇب ئولۇپ.
لىمە ئوللاھ ئاستانىن ياستانىپ،
تابە قەۋسەين ئىستىنادىن قازغانىپ.
لىمەئوللاھنى ھەم ئۆزدىن سالىبان،
بۇ سالىنغاچ ئول قالۇقنى قالىبان.

يارۇتۇپ ئەينىنى مازاغەل - بەسەر،
رەفئ ئولۇپ ئەندىشەدىن قىلدى گۇزەر.
تاپىبان ئول رۇتبەكىم تاپماي كىشى،
كىم ئەمەس بۇ ئىش كىشىلىكنىڭ ئىشى.
ئۆزلۈكى بىرلە ئۆزىدىن يوق خەبەر،
بەلكى ئۆزدە ئۆزلۈكىدىن يوق ئەسەر.
غەير ئاسارىغە ئىمكان قالمايىن،
بارىپ ئۆز ھەم غەيرى جانان قالمايىن.
ھەم كۆرۈپ جانان جەمالىن كۆز بىلە،
ۋەسلىدىن ھەم بەھرە تاپىپ سۆز بىلە.
ئەيلەبان ئىدراك توقسان مىڭ كەلام،
لېك ئىنشاسىدا يۈزمىڭ ئېھتىرام.
ئاسى ئۇممەتلەر گۇناھىن ئىستەبان،
بارچە ئەھۋالى تەباھىن ئىستەبان.
ھەرنە ئىستەپ ھەييى مۇتلەقدىن تاپىپ،
ھەق قىلىپ، ھەقدىن تىلەپ، ھەقدىن تاپىپ.
ھاسىل ئەيلەپ ئانچە ئىمكانى مۇراد،
قايتىپ ئول مىئراجدىن مەسرۇرۇ شاد.
ۋەسلىدىن مەسرۇر ئولۇپ ئول بارگاھ،
بۇيرۇغىدىن مۇنتەزەم بۇ كارگاھ.
بارغاندا بار ئىدى دۇررى شىگەرف،
لېك يانغاندا كېلىپ دەريايى زەرف.
تەرفەتۇل - ئەين ئىچرە ئاڭلاپ بىلگەنى،
تۇرفەكىم بىر ئاندا بارىپ كەلگەنى.
ئۆزگە ئالەمدىن تاپىپ تۇتقاچ مەقام،
بەردى بۇ ئالەم ئىشىگە ئىنتىزام،
ھەر نەچەكىم ئاسيۇ گۇمراھبىز،
باك يوق چۇن مۇنچەدىن ئاگاھبىز.
كىم ئانىڭدەك ھادىيۇ زاتى رەفىئ،
جۇرمىمىزغە بولغۇسى تاڭلا شەفىئ.
يارەب، ئول كۆنكىم، شەفىئ ئولغاي رەسۇل،
كىمنىكىم ئول ئىستەسە قىلغاي قەبۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈز تۈمەنمىڭ ئەھلى ئىسيانىدىن گۇناھ،
تاپقۇسى رەھمەت يېتىپ فەزلى ئىلاھ.
بولغۇسى ئول خەيل ئۈممانى داغى،
قىلماغايسەن نائۇمىد ئانى داغى.

## مەنقەبەت ھەزرەتى ئەمىرەل - مۇئمىنىن ئەبابەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ

ئولكى سۇلتانى رەسۇلنىڭ يارىدۇر،
سانى ئەسنەين ئەزھۇما فىل غارىدۇر.
سادىقۇ سىددىقۇ ھەمرازى ئانىڭ،
ھەر يامان ياخشىدا دەمسازى ئانىڭ.
ئول ئىدى ئالەم ئېلىگە رەھنەمۇن،
كەلدى چۈن ۋەس سابىقۇن، ئەس سابىقۇن.
مۇقتەدائى زۇمرەئى تەھقىق ئول،
سابىق ئىسلام ئەھلىغە سىددىق ئول.
غار ئارا يارىغە ئەيلەپ جان نىسار،
يارى ئانىڭ ئاتىن ئەيلەپ يارى غار.
گەنجكىم غار ئىچرە پىنھانلىق قىلىپ،
ئەژدەھادەك ئول نىگەھبانلىق قىلىپ.
غار زۇلماتىدا تارتىپ چۈنكى رەنج،
تاپىپ ئاندا خىزر سۈيى بىرلە گەنج.
گەنج خۇد گەنجى ئىلاھى يانىدا،
كىم كېلىپ پىنھان جەھان ۋەيرانىدا.
بەس نېدۇر گەر تاپمادى ئابى ھەيات،
تاجەھان بولغاي تىرىك قالماغلىق ئات.
چۈن يىلاندىن زەخم ئاياغىغە يېتىپ،
ئابى ھەيۋان سۈيى ئانى دەفئ ئېتىپ.
ئورنىغە ئانى رەسۇل ئەيلەپ ئىمام،
ئاي بولۇپ خۇرشىدغە قايىم مەقام.
مۇستەفادىن سوڭرە ئەھلى ئىرتىداد،
چۈن خىلافەتدە ئول ئېردى ئىستىناد.
دىن تەرىقىدە ئەدالەت تۈزدىلەر،
كىم ھۇجۇم ئەيلەپ جەدەل كۆرگۈزدىلەر.
چۈن بولۇپ خۇرشىدغە ۋافىي غۇرۇب،
دىن ئۆيى ئول ئاي فۇرۇغىدىن يارۇپ.
يا رىب، ئول ئاي شەمسى تا يەۋمۇل ھېساب،
ئالماسۇن ئىسلام يۈزىدىن نۇرۇ تاب.

## فى فەزلىھى ئەلا سەبىلىل ھىكايەت رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ

بەرگەلى ئىسلام رۇكنىغە خەلەل،
كىم زەكات ئېردىيۇ ئول ئەيلەپ جەدەل.
ئول غەزەب بىرلە بۇ نەۋئ ئەتتى خىتاب،
كىم نەبى قانۇنىدىن بىر رىشتە تاب —
ئۆكسۈمەك تەغيىر ئىلە ئىمكانى يوق.
ئۆكسۈتۈر ئەلگە قىلىچدۇر داغى ئوق.
شەرئ ئىشىگە ئولكى مۇندىاق قىلسە جەھد،
كىم ئانىڭ ئاسارى قالغاي تابۇ ئەھد.
كىم قىلا ئالغاي بۇ ئىشنى ئاشكار،
جۇز ئەبۇ بەكر ئېردىكىم ئول يارى غار.

## مەنقەبەت ھەزرەتى ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ئۆمەرۇل - فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئولكى پەيغەمبەرغە ھەمدەم ئىردى ئول،
شۇبھەسىز فارۇقى ئەئزەم ئىردى ئول.
ھەقنى باتىلدىن بىرەۋكىم قىلدى فەرق،
ئەدلى بىرلە رەۋشەن ئولدى غەربۇ شەرق.
ئاندىن ئۆزگە يوق ئىدى ئافاق ئارا،
بەلكى ئۇشبۇ قەسرى ئالىي تاق ئارا.
شەرئ ئارا شاھى رەسۇلنىڭ پەيرەۋى،
ئەدلىلە دىن پۇشتىنى قىلغاي قەۋى.
خانى بەزلىدىن جەھان ئەھلى تويۇپ،
ئول ئۆزىن تويغارغالى كىرپىچ قويۇپ.
رۇبئى مەسكۇن ئەدلى مىئمارىغە پەست،
تۇشگەلى بىر خىشت يەڭلىغ زىردەست.
نەفسىن ئۆلتۈرگەن ئىچىبان زەھرى ناب،
ئوغلىن ئۆلتۈرگەن قىلۇردە ئىھتساب.
دىنىدىن مىھرابۇ مىنبەر رەۋنەقى،
ئەدلى بىرلە دىنۇ كىشۋەر رەۋنەقى.
تىغى سويى شەرئىنى بوستان قىلىپ،
مۇلكۇ كۇفرۇ دەيرىنى ۋەيران قىلىپ.
قەيسەرى كىسرالار باشىدىن ئالدى تاج،
ۋەھمى قەيسەرلەرغە ھەمل ئەتتى خىراج.
فەتھ ئولۇپ دەۋرانىدا مۇلكى ئەجەم،
ئول بىلاد ئۆزرە ئەرەب تارتىپ ئەلەم،
ئالدى شەھلەر مۇلكىنى چاكەرلەرى،
كۇفر ئۆيىنى بۇزدى دىلپەرۋەرلەرى.

## فى فەزلەھى رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ ئەلا سەبىلىل ھىكايەت

خەيلى چۈن فەتھى مەدايىن قىلدىلار،
ئەخزى ئەمۋالۇ خەزايىن قىلدىلار،
نەچچە يۈز يىللىق سەلاتىن گەنجىنى،
جەمئ ئەيلەر چاغدا كۆرگەن رەنجىنى،
يۈكلەپ ئىبلىتتىلەر ئانىڭ ئالدىغە نەقل،
كىم تەماشاسىدا ھەيران ئىردى ئەقل.
كۆز ئۇچىدا باقماي ئول ئەمۋالغە،
بارچەنى جەمئ ئەتتى بەيتۇل - مالغە.
كىم غەزا ئەھلىغە ئول بولغاي مەدەد،
ھەر بىرىگە ئانچەكىم يەتكەي رەسەد.
كىمنىڭ ئىلكىدىن كېلۇر بۇ نەۋئى ئىش،
جۈز ئۆمەركىم، بۇيلە قانۇن ئەيلەمىش.

## مەنقەبەت ھەزرەتى ئوسمان زۇننۇرەين رەزىيەللاھۇ تەئالا ئەنھۇ

ئول ھەيا كانىكى نۇرۇل ئەين ئىدى،
ئۇيلەكىم ئەينەين زۇننۇرەين ئىدى.
سىدق كانىۋ مۇرۇۋۋەت مەئدەنى،
ھىلم دەرياسى فۇتۇۋۋەت مەخزەنى.
ھەم مەدىنە ئەھلىغە شەيخۇ ئىمام،
ھەم كېلىپ شەيخىنىغە قايىم مەقام.
تەڭرى ئەيلەپ جامىئۇل - قۇرئان ئانى،
خەلق دەپ ئوسمان بىن ئەففان ئانى.
چۈن كەلامۇللاھنى رۇھۇل ئەمىن،
ئەيلەپ ئىرسالى شەفىئۇل - مۇزنەبىن.
ئول زەماندىن تا ئانىڭ دەۋرانىغە،
يەر تۇتۇپ ئىردى جەفا زىندانىغە،
نەچچە ئايەت جەمئ ئەيلەپ بىر ئەرەب،
جەمئ تەرتىبىغە ئول بولدى سەبەب.
سۇرەلەر ئورنىنى تەئيىن ئەيلەدى،
بۇلئەجەب دىۋاننى تەزيىن ئەيلەدى.
بۇ شەرەف بەسدۇركى تا ھالا ئاڭا،
ئەشرەفى ئۇممەت ئىرۇر تالىئ ئاڭا.
كىمگە بەرگەي دەستىكىم رەببى غەفۇر،
كۇلبەسىغە كىرگەي ئانداغ ئىككى نۇر،

www.uyghurkitap.com



## مەنقەبەت ھەزرەتی ئەمىرەل - مۆئمىنىن فى فەزائىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلا سەبىلىل ھىكايەت

نەقل ئېرۇر بۇ نەۋئىكىم، بىر كۈن نەبى،
ئول خەلايىققە سەئادەت كەۋكەبى.
خىلۋەت ئىچرە ئىستەيۇ ئەلدىن فەراغ،
ئولتۇرۇپ ئېردى ئۇزاتىپ بىر ئاياغ.
كىردىلەر بەئزى كىبار ئەسھابىدىن،
ھەم ئەزىزۇ ھەم شەرەف ئەھبابىدىن.
بولمادى تەغيىر ھەزرەت ھالىغە،

ئول فەراغ ئىچرە ھۇمايۇن فالىغە.
لېك ئۇسمان كىرگەچ ئول مىللەتقە شەمئ،
ئولتۇرۇپ سۇنغان ئاياغىن قىلدى جەمئ.
كىم ئىدى ئەسرۇ ھەيالىغ كىمسە ئول،
تاپقۇسى تەغيىر ئانىڭ سارىغە يول.
ئۇلكى مۇنداغ ھۆرمەتىن قىلغاي رەسۇل،
ئېئتىبارى يوق نېكىم دەر ھەر فۇزۇل.

## مەنقەبەت ھەزرەتی ئەمىرول - مۆئمىنىن مۇرتەزا ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ

ئىلم دەرياسى ۋىلايەت گەۋھەرى،
ئالەم ئەھلىدە سىيادەت مەزھەرى.
ئەنبىيا سەرخەيلىغە فەرزەند ئول،
خەيلى ئادەم ئىچرە بىمانەند ئول.
مەككە تاقىدىن تۆشۈرمەككە خۇبەل،
ئىگنى ھەزرەتنىڭ ئاياغىغە مەھەل.
قەتلىدىن پەيغەمبەر ئەتكەندە فىرار،
جانىن ئويناپ ئورنىغە تۇتقان قەرار.
ئىلم ئەۋسافىغە زاتى مۇتتەسەف،
كىم سۆزى گەھ بۇ ئەرەبكى بۇ كەشەف.
ئەھلى دىن ئىچرە ئەمىرىل - مۆئمىنىن.
تەقۋى ئەھلىغە ئىمامەل - مۇتتەقىن.
ئىلم شەھرى ئەنبىياغە، ئەتقىيا،

ۋەسفىدە ئايتىپ ئەلىيۇن بابەھا.
دۇلدۇلىنىڭ پويەسى ئانداغكى بەرق،
زۇلفىقارىدىن ئەدۇ قان ئىچرە غەرق.
ئىستىۋادىدا نەبۇۋۋەت شەمئىنىڭ،
سۆز بۇكىم: سەن - سەن مېنىڭ مەن - مەن سېنىڭ.
لەھمەكى لەھمى ھەم ئانىڭ شەئنىدە،
دەممەكى دەممى ھەم ئىستىۋسانىدە.
بىشەئى تەقدىر شىرى شەرزەسى.
شىرنىڭ ئاندىن ھەراسۇ لەرزەسى.
كۇفر ئەھلىنىڭ جەۋابىن يەتكۈرۈپ،
بەلكى گۇلباڭ كىسۋەتىنى ئول ئۇرۇپ،
ھەم نەبى فەرزەندى پەيۋەندى ئانىڭ.
ھەم مۇنىڭ فەرزەندى، فەرزەندى ئانىڭ.

## فى فەزائىلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ سەبىلىل ھىكايەت

ھەر غەزاۋۇ نەقل مۇنداغدۇركى شاھ،
يەپدۇر ئوق زەخمىكى ئاتمىش كىنەخاھ.

يەر تۇتۇپ پەيكان سۆڭەكدە ئۈيلەچۇست،
كى چىقاردىن بولمايىن چىقماقغە روست.

چۇن لەبغە ئەرز ئىتىپدۇلار ئانى،
بۇيلە دەپدۇر ئۇل ھىدايەت مەخزەنى.
كىم ئۇل ئەتكەن چاغدا ئىھرامى نەماز،
ئانى تارتاغە بولۇغىز چارە ساز.
ئاندا كىم ئۇل زەخمىنىڭ پەيكانى بار،
زور ئەيلەك ئانچەكىم ئىمكانى بار.
ئانچە ئىستغراقدىدۇر بەھرەۋەر،
كىم ئۇل ئىشدىن بولغۇسىدۇر بىخەبەر.
ئۇيلاكىم ھۆكم ئەتتى ئۇل شەمئى ھۇدا،
قىلدىلار ئۇل ئىشنى، فەتھ ئەتتى خۇدا.
شەھ نەمازىنىڭ سەلامىن چۇن دېدى،
زەخمدە نې دەردۇ نى پەيكان ئىدى.
قىلدى چۇن ئۇل ھال ئىستىفسارىنى،
دېدىلار شاھى رەسۇل گۇفتارىنى.
ھەيدەرى كەررار شۇكر ئەيلەپ ئەيان،
ئۇشبۇ سىررىنى بۇ نەۋئ ئەتتى بەيان.
كىم ئەجەل پەيكانىدىن بولماق خەلاس،
مۇمكىن ئەرمەستۇر نەبىسىز ئىختىساس.
بىزگە ھەرغەمدىن نەجات ئاندىندۇرۇر،
بەلكى ئايىنى ھەيات ئاندىندۇرۇر.

## مەنقەبەت ھەزرەتى مەھرەمى رازى كىردىگار جەناب فەرىدىددىن ئەتتار قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇ

ھەرنې گەردۇن بەھر ئىلە كانىدا بار،
ئانچە يۈز ئەتتار دۇككانىدا بار.
بەھردە ئەنجۇمدىن ئولمىش زىيبۇ فەر،
ھەر كېچە دۇر يەكلىغ ئولمىش جىلۋەگەر.
كانىنىڭ ياقۇتى شام ئولغان شەفەق.
سۇبھى ئەنۋەر سالدى ئانداغكىم فەلەق.
ئۇل گۇھەر يوقكىم، ھەۋادىس تاشدۇر،
سىنغۇچى ئاندىن زەبۇنلار باشدۇر.
بۇ بىرى ياقۇت يوقكىم، قان دېگىل،
ئالەم ئەھلى قەتلىدىن ئەفغان دېگىل.
ئۇل دېگەن شەرھىن قىلاي ئەمدى رەقەم،
گەرچە ئەۋسافىدا ئاجىزدۇر قەلەم.
ئادەمى تەبئىنى جەھل ئەيلەپ زەلىل.
ھەر يامان ئەخلاقدىن قىلسە ئەلىل.
بولغالى زايىل بىر ئانداغ ئىللەتى،
بۇ دۇكان ئىچرە مۇھەييا شەربەتى.
لېك بۇ ۋادىدا يۈز مۇلكى غەرىب،
مۇلكلەردىن ھەر بىرىگە يۈز ئەجىب.
چۇن غەزەل گۇلزارىدىن مەجمەئ تۈزۈپ،
بۇلبۇل ئايىن مىڭ تەرەننۇم كۆرگۈزۈپ.
سەندەلۇ مۇشكۇ ئەبىرۇ زەئفەران،
تەبئ جەھلىدىن سەرا ـ سەر زەئفران.
فەيز باغىدىن گۇلا بۇ مۇشكى بىد،
ھەر بىرىدىن تەبئغە يۈز فەيز ئۇمىد.
نۇكتە ھەلۋادىن بەسى قەندۇ نەبات،
كىم تاپىپ ئۇلگەن كۆڭۈل ئاندىن ھەيات.
ۋەئزى ئىرفاندىن بەسى شەھدۇ شەكەر،
كىم بولۇپ بىچارەلەرغە چارەگەر.
نەزمۇ نەسرىدىنكى تەدرىر ئەيلەبان،
ۋەھدەت ئەسرارىنى تەفسىر ئەيلەبان.
خەلق ئۇچۇن مەخلۇت ئېتىپ گۇل بىرلە قەند،
تەبئى گۇلقەند يەكلىغ ئولمىش سۇدمەند.
چۇن «مۇسىبەتنامە» سىن ئەيلەپ بەيان،
يۈز مۇسىبەت نەفسغە ئەيلەپ ئەيان.
ئالەم ئەھلىغە سۆزىدىن سۇز ئولۇپ،
كىم كۆڭۈل ئۇل سۆزلەدىن مەسرۇر ئولۇپ.
چۇن رەقەم ئەيلەپ «ئىلاھىنامە» نى،
ۋەھىيغە ئەيلەپ مۇھەررىر خامەنى.
شەرھى ئەسرارى ئىلاھى ئەيلەبان،
خەلق ئارا شەرھىن كەماھى ئەيلەبان.
چۇنكى «ئۇشتۇرنامە» ئەيلەپ ئاشكار،

www.uyghurkitap.com



نۇكتەسى بۇختىلەردىن تارتىپ قاتار.
نەچچە مىڭ بۇختى نىچۇككىم چەرخى دۇن،
دۇررى گەۋھەر ھەملىدىن بارى زەبۇن.
چۇنكى غەۋۋاس «لۇجەئى ھىلاج» ئېتىپ،
ھەر دۇرىن شەھلەر باشىغە تاج ئېتىپ.
مۇلك نەقدى ھەربىرىنىڭ ھىممەتى،
بەلكى ئەيلەپ شاھ تاجى زىينەتى.
چۇن قەسىدە دەشتىغە سالىپ كۇمەيت،
ۋادىيى قەتئ ئەيلەبان ھەر تۇرفە بەيت.
لېك بۇ ۋادىدا يۈز مۇلكى غەرىب،
مۇلكلەردىن ھەر بىرىگە مىڭ ئەجىب.
چۇن غەزەل گۈلزارىدىن مەجمەئ تۈزۈپ،
بۇلبۇل ئايىن مىڭ تەرەننۇم كۆرگۈزۈپ.
لېك ئول ھەربىر تەرەننۇمدىن نىشان،
سىررى ۋەھدەت شەرھىغە رەۋشەن بەيان.
چۇن رۇبائىيدىن بىرىپ دىۋانغە زىن،
رۇبئى مەسكۇن ئىچرە سالىپ شورۇ شىن.
ئالەمى مەئنى ئارا تەقسىمدىن،
ھەربىرى مۇخبىر نەچە ئىقلىمدىن.
نەسر ئارا چۇن تەزكىرە مەۋجۇد ئېتىپ،
ئەۋلىيا ئەرۋاھىنى خۇشنۇد ئېتىپ.
ھەر بىرىنىڭ رۇھىدىن يۈز تىيرە زات،
جان تاپىپ ئىچكەن كەبى ئابىھەيات.

بىر تەرەف بارىغە ئايىنى شەرەف،
«مەنتىقۇت ـ تەير» دىغە ئايىن بىر تەرەف.
ئانداكىم دۇرج ئەتتى قۇشلاردىن مەقال،
ئۆزگە تىلدۇر، ئۆزگە سۆزدۇر، ئۆزگە ھال.
فەھمىغە مەخفىي زەباندانى كېرەك،
يوق زەباندانى، سۇلەيمانى كېرەك.
يۈز تۈمەن تۈش نۇتقى مۇشكىل كەلدى بىل،
تۇرفە بۇكىم ھەربىرىگە ئۆزگە تىل.
ھەر بىرىگە لەھن قانۇنى ئەجەب،
ئەقل ـ ئىدراكىدا مەجنۇنى ئەجەب.
لېك ھەق تەۋفىق بەرسە، مەن گەدا،
شەيخنىڭ رۇھىغە ئەيلەپ ئىقتىدا.
ئۇيلا قۇشلار نۇتقىغە ئىزھار ئېتەي،
بۇلبۇلۇ تۇتى كەبى گۇفتار ئېتەي.
كىم خەلايىق چۇن تەرەننۇم ئەيلەگەي،
قۇش تىلى بىرلە تەكەللۇم ئەيلەگەي.
لېك سۇرمەك نۇكتەئى تۇتى مىسال،
بۇدۇر ئىنساف ئولسە، ئەي فەرخۇندە فال.
كىم بۇ تۇتى تۇئمەسى بولغاي شەكەر،
ئول شەكەر فىكر ئەيلەسەڭ بولغاي مەگەر،
تەڭرىنىڭ لۇتفى ئىنايەت خانىدىن،
يەئنى ئول ئەتتارنىڭ دۇككانىدىن.

## قۇشلار ئىجتىمائى ۋە شاھىزادىغىدىن تەقەددۇمى تەئەخخىرى نائەنجاملىغى

جەمئ ئولۇپ بىر كۈن گۈلىستان قۇشلارى،
بىشەئى بەھرۇ بەيابان قۇشلارى.
بارچە بىر مەنزىلدە مەجمەئ تۈزدىلەر،
ھەر بىر ئۆز خەيلۇ سەفىن كۆرگۈزدىلەر.
كىم مۇھەببەت بىرلە تۈزگەيلەر نەۋا،
چۇن تۈگەنسە بەزم، تۇتقايلار ھەۋا.
يوقارى ئولتۇردى تۇتىدىن كەلاغ،
بۇلبۇلۇ قۇمرىدىن ئول يەگلىغكى زاغ.

غاز شۇنقاردىن بىيىك تۇتتى مەقام،
يۇرتەچى تاۋۇس ئۆزە قىلدى خىرام.
چۇن ھۇنەرۋەر ئۆزرە چىقتى بەھۇنەر،
تازدىن قالدى قويىراق تاجۋەر.
ئولتۇرۇردا چۇنكى ئايىن يوق ئىدى،
ھەر بىرىنىڭ ئورنى تەئيىن يوق ئىدى.
خەيلى ئەشرەف ئەتتىلەر زاھىر نىزائ،
قىلمادى ئول سۆزگە ئەرزال ئىستىمائ.

تۇشتى قۇشلار ئىچرە غەۋغا ھەر تەرەف،
ماجەرا بىرلە ھەۋەبا ھەر تەرەف.
بىر - بىرىدىن ئۆتمەدى ئول ماجەرا،
ھەر دەم ئاشتى ماجەرا ئول خەيل ئارا.
بولدىلار مۇھتاج ئاخىر ئول گۇرۇھ،
كىم ئەگەر بولسە شەھى ساھىب شۇكۇھ.
ھاكىمى ئىنسافلىغ دانا دىلى،
ھۇش ئايىن شەھرىيارى ئادىلى.
يەتمەگەي ئەدنادىن ئەئلاغە شىكەست،
بولماغاي ئەشرەف ئەخەس ئاللىدا پەست.
ھەر گۇرۇھ ئىردى ئۆزىگە چۇن ئەزىز،
ئىستەدى بارچە شەھى ساھىب تەمىز.
يوقلۇغىدىن زارۇ مەھزۇن بولدىلار،
ھەبىر ئۆز ھالىغە مەغبۇن بولدىلار.
يەئس ئاھىگنى تۇزۇپ تارتىپ نەۋىد،
بولدىلار شەھدىن سىراسەر نائۇمىد.
نىم بىسمىل قۇشدەك ئەيلەپ ئىزتىراب،
بۇ تەئەبدىن ھەر بىرى كۆڭلىدە تاب.

## قۇشلار شاھ تىلەپ تاپماغانىدىن مۇتەھەييىر بولغاندا ھۇدھۇد سىمۇرغدىن خەبەر ئايغانى

ھۇد ھۇد ئول نۇرى خىرەددىن بەھرەمەند،
راھبەرلىغ ئەفسەرىدىن سەر بەلەند.
زاتىدا ئىززەت شەرەف مىئراجدىن،
باشدا نۇرى ھىدايەت تاجدىن.
جىبرەئىل ئاسا ئەيان يۈز راز ئاڭا،
قۇرب ئەرشى ئەۋجىدە پەرۋاز ئاڭا.
كىردى ئول مەجمەئ ئارا دىۋانەۋار.
شەمئى مەقسەد ۋەسفىدە پەرۋانەۋار.
دېدى: «كەي غافىل گۇرۇھى بىخەبەر،
ھالىڭىز غەفلەت ئارا زىرۇ زەبەر.
سىزگە شاھى بار بىشۇبھۇ مىسال،
ۋەسفىنى ئايتۇردا يۈزمىڭ نۇتق لال.
بارچە ئالەم قۇشلارىدىغە شاھ ئول،
ھالىڭىزدىن مو بەمو ئاگاھ ئول.
ئول يەقىن سىزگە ۋۇ سىز ئاندىن يىراق،
ۋەسل ئاڭا ئايىن ۋەلې سىزگە فىراق.
ھەر بىرىدە يۈز تۈمەن رەڭگى ئەجەب،
لىك ھەر رەڭگىدە يۈز نەقشى غەرىب.
نەقشۇ رەڭگىدىن خىرەد ئاگاھ يوق،
غافىل ئېركەنگە خىرەد ئىكراھ يوق.
كىم خىرەد ئىكراھىدىن ئەفزۇندۇر ئول،
مۇندىن ئۆزگە دەرگە تاپماس ئەقل يول.
ھەم نىشىمەن قافى ئىستىغنا ئاڭا.
ھەم لەقەب ئول قاف ئۈزە ئەنقا ئاڭا.
شۆھرەتى سىمۇرغ ئىلە ئافاق ئارا،
زاتى مەملۇ چەرخى ئالىي تاق ئارا.
سىز تۇشۇپ ئول شاھدىن بىھەد بەئىد،
ئول يەقىنراق سىزگە مەندىن ھەبلۇل ۋەرىد،
ھەر كىشى بولسە تىرىك ئاندىن يىراق،
ئول تىرىكلىكدىن ئۆلۈم كۆپ ياخشىراق.

## مەجمۇئ قۇشلار جەمئ بولۇپ، ھۇد ھۇددىن سۇئالى ۋە ھۇدھۇدنىڭ سىمۇرغ شاھلىقى ۋە ئالىجاھلىغىدىن نىشان بەرگەنى ۋەئۇلار شادۇ خۇررەم بولغانى

سەر بەسەر قۇشلار ئەلالا قىلدىلار،
ھۇد ھۇد ئەترافىدا غەۋغا قىلدىلار:
«كەي دەمىڭ جانبەخش، نۇتقۇڭ دىلپەسەند،
ھەم سۆزۈڭ جانۇ كۆڭۈلگە سۇد مەند.

www.uyghurkitap.com



ھەم سۇلەيمان بەزمىدە تاپقان قەبۇل،
ھەم رەسۇل ئەتكەن سېنى ئانداغ رەسۇل.
خىزمەتىدە قۇرب ھاسىل ئەيلەگەن،
يولدە قەتئى مەنازىل ئەيلەگەن.
ئەمرى بىرلە نەچچە ۋادى قەتئ ئېتىپ،
كىم بەسى ئالىي مەنازىلغە يېتىپ.
قايىدا ئەزم ئەتسە سۇلەيمان، سەن دەلىل،
مۇستەفاغە ئول سىفەتكىم جىبرىئىل.
ھەزرەتى بولسە ئەيلەگەن دەمسازلىق،
ئەيشىدە قىلغان بەسى ھەمرازلىق.
ئىستەسە بىلقىس ھالىدىن خەبەر،
سەن بولۇپ شەھرى سەباغە راھبەر.
يارىدىن سەن يەتكۈرۈپ پەيغام ئاڭا،
ئىزتىراب ئىچرە بېرىپ ئارام ئاڭا.
ئۆيلە پەيغەمبەرغە مەھرەملىق قىلىپ،
ھەر غەمى يۈزلەنسە ھەمدەملىق قىلىپ.
بەزمى گەر شەھر ئولسە، گەر يازىيەبان،
باز قىلىپ باشىغە پەردىن سايەبان.
يۈز تۈمەنمىڭ قۇش بولۇپ ھەمسايەسى،
سەن ۋە لېك ئول سايەدە ھەمخانەسى.
بەزمى ئىچرە كامران ئەيلەپ سېنى،
مەھرەمى رازى نىھان ئەيلەپ سېنى.
بەردى ھەق-تاپتىڭ چۇ ئاندىن رىفئەتى،
ھەر پەرۇ ئۈزۈۋۈڭغە بىر خاسىيەتى.
بىزگە چۈن مانىئ بولۇپ گۇمراھلىغ،
بەرسەڭ ئول شەھ سىررىدىن ئاگاھلىغ.
ھەم سىفاتىدىن رىۋايەت ئەيلەسەڭ،
زاتى سارى ھەم ھىدايەت ئەيلەسەڭ.
قويىلاساڭ بىزنى بۇ غەفلەت دامىدا،
تىيرەلىك بىرلە زەلالەت چاھىدا.
ۋاقىف ئەتسەڭ بىزنى شەھ ئەسرارىدىن،
بەھرەمەند ئەتسەڭ بۇ سىر ئىزھارىدىن.
جەھل ئارا ئەفتادەلىكدىن قولداساڭ،
شاھىمىزنى ئىستەمەككە يولداساڭ.
كامىمىزدىن يەتسە بەرخۇردارلىغ،
سەندىن ئولغاي بارچە مىننەتدارلىغ».

## قۇشلار سۇئالىغە ھۇدھۇد جەۋاب ئايتىپ، سىمۇرغنى تەئرىف تەۋسىف ئەتكەنى

ھۇدھۇد ئەنفاسىن شەكەررىز ئەيلەدى،
ئول شەكەرنى نۇكتە ئامىز ئەيلەدى.
كۆردى چۈن قۇشلاردا ئانداغ ئىزتىراب،
بەردى ئول مەجمەئغە بۇ يەڭلىغ جەۋاب:
كىم: — «ئانىڭ ئەھۋالىدىن بىلگەننى دەي،
كۆڭلۈمە ئەسرارىدىن كەلگەننى دەي.
لېك بۇ ئەفسانە بىرلە بۇتمەس ئىش،
سۆز بىلە ئەل ۋەسل گەنجىن تاپمامىش.
ئىش ئۇلۇغدۇر، شاھ ئۇلۇغ، دەرگاھ ئۇلۇغ،
يول قاتىغ، ۋادى ئۇزۇن، دىلخاھ ئۇلۇغ.
بۇكى دەرسىز شەھ سۆزىدىن بىر كەلام،
گەر ئانى مىڭ يىل دېسەم بولماس تەمام.
كىمكى ئىدراك ئەتمەمىشتۇر زاتىنى،
لېك شەرت ئولدۇر تۇتارغە ئاتىنى.
كىم يۈبان ھەيۋان سۈيى بىرلە ئاغىز،
يۈز تۈمەن يۈز قەتلە كىم ئەندازەسىز.
تىل بىلەن ئاغزىنى ئەيلەپ بۇيلە پاك،
تۇتغاي ئەل ئاتىن، ۋە لېكىن ھەۋلناك.
ئانداغ ئەئلادۇر جەناب ئول شاھغە،
ئاندىن ئەۋسەئ فۇسھەت ئول دەرگاھغە.
كىم مەن ئەيلەي ئالغامەن تەقرىر ئانى،
يا لىسان كىلكى بىلە تەھرىر ئانى.

لېك قۇشلارغە بۇدۇر گەر ئارزۇ،
كىم شەھ ئەۋسافىدىن ئولغاي گۇفتىگۇ.
مەن داغى مىڭدىن بىردىن ئەيلەي بەيان،
سىزگە بىردىن مىڭگەچە ئەيلەي بەيان.
بىزگە شاھمۇركى شەھلەر شاھىدۇر،
كىم بارى ئەھۋالمىز ئاگاھىدۇر.
بىرلىك ئايىنىدا زاتىدۇر ئانىڭ،
لېك مىڭدىن كۆپ سىفاتىدۇر ئانىڭ.
ئول سىفەت ئافاق ئارا شايىئ بولۇپ،
بارچە ئانىڭ زاتىغا راجىم بولۇپ.
كىمسەگە ئۇرماق نەفەس تاگاھ ئەمەس،
بولمايىن ئاندىن ئىرادە بىر نەفەس.
سىزدىن ئەر بولسۇن ئەزم، ئەر خۇد ھەقىر،
تەۋر ۋەزئ ئىچرە سەغىر، ئەر خۇد كەبىر
ھەر بىرىدە نەچچە مىڭ پەر باردۇر.
ھەر پەردە نەچچە ھەر يان تاردۇر.
بارچەسىغە بار ئانىڭ ئىلمى مۇھىت،
گەرمۇرەككەب بولسۇن ئول شەي، گەر بەسىت.
سىزگە ئانىڭ نەشئەسىدىندۇر ھەيات،
كىم ئۇچارسىز ھەر تەرەف ئاچىپ قانات.
ئانى ئەئزاڭىزدا قان يەڭلىغ بىلىڭ،
جىسىم ئەجزاسىدا جان يەڭلىغ بىلىڭ.
تەن ئىچىدە سىزگە ئول جاندىن يەقىن،
ھەرنى يوق ئاندىن يەقىن، ئاندىن يەقىن.
لېك سىز مىڭ يىلچىلىق ئاندىن يىراق،
قايسى مىڭ يىللىقكى، ئىمكاندىن يىراق.
ئاندىن ئايرۇ كىمسەگە جاندىن نى سۇد،
جانكى ئانسىز بولغاي ئول ئاندىن نى سۇد.
ۋەسلىگە بىر دەمكى توشكەي ئىتتىفاق،
ئىككى ئالەم شەھلىغىدىن ياخشىراق.
شەھ قاتىدا كىم ئۆلۈمدىندۇر خەتەر،
سەككىز ئۇچماق يەتتە دەۋزەخدىن بەتەر.
لېك مۇنداق ۋەسلى شەھ ئاسان ئەمەس،
ئىستەمەي كۆپ سەئيىلە ئىمكان ئەمەس.
يولدە يەتسە تەلەبدىن مىڭ تەئەب،
ھەم ئاڭا يەتمەس كىشى قىلماي تەلەب.
لېك ئول ۋادىي نىھايەتدىن ئۇزۇن،
قەتئىدە ئافەت نىھايەتدىن فۇزۇن.
ئۆمرلەر ئۇرماق كېرەك تىنماي قانات،
نەچە كەركەس ئۆمرىچە بولسە ھەيات.
يولدا دەريالار دۇرۇر خۇنابدىن،
دېمەيىن خۇناب، زەھرى نابدىن.
تاغلاردۇر تارتىبان گەردۇنغە تىغ،
تىغى گەرچە قان تۆكەرگە بىدەرىغ.
ئوت تۇتاشقان دەشتلەر ھەر سارى فاش،
تارتىبان يالىنلارى گەردۇنغە باش.
بىشەلەر مۇھلىك بەلالاردىن تولا،
شاخى ئەندۇھۇ تەئەب، بەرگى بەلا.
ھەم ھەۋاسىدا بولۇتلار چەرخ ئۇرۇپ،
باشقا يامغۇر ئورنىغە تاش ياغدۇرۇپ.
ھەم سەھابىدىن چاقىنلار چاقىلىپ،
تابىدىن ئالەمگە ئوتلار ياقىلىپ.
ئاندا بىر تۈن قونغالى كاشانە يوق،
جىسىم قۇت ئالماققە سۇۋۇ دانە يوق.
مىڭ تۈمەن قۇش ئەيلەبان ئول يان سەفەر،
ئۇرسە مىڭ يىل ئول ھەۋادە بالۇ پەر.
سەير ئىلە قەتئ ئەتمەكى مەئلۇم ئەمەس،
مەقسەدىغە يەتمەكى مەفھۇم ئەمەس.
لېك ئۆلكىم بۇ تەلەبدە بەرسە جان،
ياخشىراقكىم يۈز ھەياتى جاۋىدان.
چۈن جەھان بوستانىدا ھەر نەۋئ قۇش،

www.uyghurkitap.com



نەچچەكىم تاپسا ئۈچۈش ياخۇد قونۇش.
نەۋھەئى باغى فەنا تۈزمەك كېرەك،
ئول تەرەف پەرۋاز كۆرگۈزمەك كېرەك.
چۈن ئۇلار ۋادىئى ھىجران يولىدا،
بەرسە ئەۋلا جانىنى جانان يولىدا.
ئەي خۇش ئول ئۆلمەككە يۈزمىڭ جانچە بار،
قايسى جانكىم، ئۆمرى جاۋىد ئانچە بار.
دەۋلەتۇ ئىقبال ئەگەر ياۋەر بولۇپ،
تالىئۇ بەختۇ شەرەف رەھبەر بولۇپ.
بولسا قەتئى ئول بىھەدۇ ئەندازە دەشت،
كىم فەزاسىدىن دېيىلدى سەرگۈزەشت.
روزى بولغاي تا ئەبەد بىئىنتىقال،
قەتئى قىلغانلارغە گۈلزارى ۋىسال.
ۋەھدەتى جاۋىد تاپقاي شاھغە،
ۋاسىل ئەتكەي ئۆزىنى زىللىللاھغە.
پايەسى رىفئەتدە بولغاي ئەرش ساي،
سايەسىدىن بۇمنى قىلغاي ھۇماي».

## قۇشلار ھۇدھۇددىن سىمۇرغ زۇھۇرى بىدايەتىن سورغانى ۋە ئول ئۇلارغە بۇ مەئنىدىن فەسانە ۋە مەخفى سىردىن نىشانە دېگەنى

بارى قۇشلار دېدىلەر: «كەي راھبەر،
بىزگە بەر ئىش ئىبتىداسىدىن خەبەر.
كىم بۇ سۇلتانكىم، سىپاھىدۇر تويۇر،
خەلق ئىچىدە ئولنە نەۋئ ئەتتى زۇھۇر.
كىم كۆرۈپدۇر ئانىيۇ ھالاتىنى،
فېئلىۇ ئەسمائۇ سىفاتۇ زاتىنى.
تەۋفۇ سەيرىنىڭ دېگىل كەيفىيەتىن،
ئەمرۇ نەھيىنىڭ دەغى خاسىيەتىن.
كىم ئېرۇر سۆز مۇشكىلۇ بىگانە تەبئ،
بولغۇدەك دىۋانە يۈز فەرزانە تەبئ».

## چىن شەھرىنىڭ سىفەتى ۋە سىمۇرغنىڭ بىر پەرى ئاندا تۈشكەن مەزمۇنى

دېدى ھۇدھۇدكىم: «بۇ ئىش بولمىش يەقىن،
كىم ئېرۇر مەشرىقدە شەھرى، ئاتى — چىن.
شەھر يوقكىم، ۋۇسئەت ئىچرە بىر جەھان،
ئول جەھان خەلقى سەۋادىندە نىھان.
خىتتەسى خۇشراق ئىرەم گۈلزارىدىن،
سۆيى دىلكەشراق جەھان ئەنۋارىدىن.
بىر كىچە ئول شاھى دەۋلەت ئاشيان،
دەھر ئارا پەرۋازىنى ئەيلەپ ئەيان.
ئىتتىفاقا سەيرى تۈشمىش چىن سارى،
ئول سەۋادى مۈلك خۇلد ئايىن سارى.
ئول تۈن ئول كىشۋەر سەراسەر يارۇمىش،
ۋاقىف ئەلنى بىشۇئۇر ئەتمىش ئول ئىش.
سىلكىنىپ چىن ئىچرە تۈشمىش بىر پەرى،
تاپمىش ئاندىن زىبۇ فەر چىن كىشۋەرى.
رەڭۇ نەقش ئول پەردە غايەتدىن فۇزۇن،
كىم ئانىڭ شەرھىدە سۆز بولغاي زەبۇن.
تاڭلاسى چۈن كەلمىش ئەل ئۆز ھالىغە،
باقىپ، ئول پەرنىڭ ھەممە ئەشكالىغە.
ھەر كىشى باغلاپ تەخەييۇلدىن قەلەم،
قىلمىش ئول پەر نەقشىدىن تەرھى رەقەم.
بارچەنىڭ نەقشۇ خەيال ئەندىشەسى،

بۇ ئىمش ئاندىن بولمىش ئۇل ئەل پىشەسى.
هەر كىشىنى قىلمىش ئۇل نەقشى خىيال،
نەقشۇ تەسۋىر ئەمرىدە سادىب كەمال.
ئاتى مانىي، خامەسى مۇئجىزنەما،
سەنئەتى نەززارەسى هەيرەتفەزا.
بۇيلە نىسبەتلەردىن ئەھلى مەئنەۋىي،
چىندە دەرلەر كار گاھى مانەۋىي.
ئۇل پەر ئەمدى گويياكىم چىندا دۇر،
هۇردەك ئۇل مۇلكى خۇلد ئايىندادۇر.
بۇ ئىمش ئۇل پەر زۇهۇرىنىڭ ئىشى،
مۇندىن ئارتۇق فەهم قىلماپدۇر كىشى.
كۆرمەكىدىن كىمسە دەم ئۇرمايدۇرۇر،
سۆزنى چۇن غايەتقە يەتكۇزمەيدۇرۇر.
زاتىدىن دېمەيدۇرۇر خۇد كىمسە سۆز،
كىم ئېرۇر كۆر، ئانىدا هەر بىنەندە كۆز.
ئۇل پەر ئۆززە هەر تەرەف تارى ئانىڭ،
بىل سىفاتىنىڭ نەمۇدارى ئانىڭ.
بىندەد نەقش ئۇلدى ئۇل پەر هالىدىن،
ناقىل ئۇل پەر ساھىبى ئەفئالىدىن.
رەڭگلەر ئۇل پەردە بىھەددۇ قىياس،
هۇكم ئەسماسىغە قىلدى رەهشۇناس.
كىمسە تەۋفۇ سىيرى ئەهۋالىن دېمەس،
هەرگىز ئاندىن هېچ يەر خالى ئەمەس.
ئەمرۇ نەهيى بارچەمىزغە فەرزى ئەيىن،
تەرك ئەمرۇ نەهيىدە يۈز شورۇ شەين.
كەلدى مەئمۇرىغە ئۇممەدى ۋىسال،
ئاسىيۇ جافىسىغە بىيمۇ نەكال.
هېچقايسى قەۋم ئارا يوق بۇيلە شاھ،
ئانىمىز ئۇلغانلارغە يۈزمىڭ دەردۇ ئاھ».

## هۇد هۇدنىڭ سىمۇرغدىن فەسانە سۆرگەنى ۋە شەۋق ئۇتى قۇشلار نىهادىدىن زەبانە ئۇرغانى

تۇشتى قۇشلارغە بۇ هالەتدىن خۇرۇش،
شەۋق سالدى بىر بىرى كۆڭلىگە جۇش.
دېدىلەر هۇدهۇدغەكىم: «ئەي پىشەۋا،
بۇيلە شەهنىڭ فۇرقەتى ئېرمەس رەۋا.
دەر ئارا بولغاي بۇ يەڭلىغ شاھىمىز،
بارچە تۇرلۇك هالدىن ئاگاهىمىز.
بىز جەهالەتقە گىرىفتار ئۇلغامىز،
فۇرقەتى ئاشۇبىدىن زار ئۇلغامىز.
ئەهلى هۇش ئالدىدا بۇ ۋازىھدۇرۇر،
بۇيلە غەفلەتقە ئۆلۇم راجىھدۇرۇر.
سەن ئارامىزدا چۇ كەلدىڭ رەهشۇناس،
بارچەمىزدىن بۇدۇر ئەمدى ئىلتىماس.
بارىمىزغە مۇقتەدالىق قىلغاسەن،
بۇ سەفەردە پىشۋالىق قىلغاسەن.
كىرگەمىز ئۇل شەھ يولىغە جان بىلە،
جان ئاۋۇچلاپ دىيدەئى گىريان بىلە.
ۋەسلى كامىن ئەيلەگەيمىز مۇلتەمەس،
ئىستەمەكدىن تىنماغايمىز بىر نەفەس.
ئانچە ئۇرغايمىز بۇ يولدا بالۇ پەر،
ئەيلەگەيمىز قەتئ ئانچە بەدرۇ بەر.
كىم ۋىسالى كامىغە تا يەتكەمىز،
يا تەمەننا سىدا جان تەرك ئەتكەمىز».

## هۇد هۇد قۇشلارغە كۆڭۈل بېرىپ، بۇ يولغە تەرغىب ئەتكەنى

هۇدهۇد ئۇل سۆزلەردىن ئۇلدى شادۇخۇش،
دېدىكىم: «ئەي بىر سۇرۇك ئەفتادە قۇش.

بىزگە چەرخ ئولسە مۇسائىد، بەخت-يار،
قىلساڭىز مۇنداغ سەفەرنى ئىختىيار.
مەن داغى بۇ يولدا جانىم بارىچە،
جىسىم ئارا تابۇ تەۋانىم بارىچە،
بارچەڭىزغە ئەيلەيىن ھەمراھلىغ.
بارچە مەنزىلدىن بېرەي ئاگاھلىغ،
يولدا ھەر غەم يەتسە ھەمدەملىغ قىلاي،
ياشۇرۇن دەرد ئولسە مەھرەملىغ قىلاي.
ئوتراڭىزغە كەلسە ھەر ياخشى-يامان،
دەفئىدە مەئزۇر بولماي بىر زەمان.
ئالدىڭىزغە مۇشكىلى كەلگەن مەھەل،
سەئيى بىرلە ئەيلەي ئول مۇشكىلنى ھەل.
ئوچساڭىزلار ھەمئىنانلىق ئەيلەيىن،
ھەم قوناردا پاسبانلىق ئەيلەيىن».
قەۋمىدىن فەھم ئەيلەگەچ بۇ مۇددەئا،
ئەيلەبان بارىغە تەھسىنۇ دۇئا.
باشلاپ ئول مەجمەئدە ئەسرارى شىگەرف،
فاش قىلدى بۇيلە سەرمەستانە ھەرف.
«كەي بارى ئەسرارى ئىرفان مايىلى،
زاتىڭىز بۇ گەنجى پىنھان قايىلى.
بەررۇ فىترەتدە بەھىشتى ئەدن ئارا،
شاخسارى خۇلد ئارا داستانسارا.
بارچەڭىز شەھ سىررىغە مەھرەم كېلىپ،
رازىغە بىر-بىر بىلە ھەمدەم كېلىپ.

ھەم ئانىڭ تەسبىھىدىن ئەلھانىڭىز،
ھەم ئانىڭ تەھلىلىدىن داستانىڭىز.
قۇتبىڭىز زىكرى غىزاڭىز يادى ھەم،
زىكر ئىلە فىكرىدىن ئۇرماي ئايرۇ دەم.
تا فۇزۇلى ئۇركۇتۇپ ئول جەمئىنى،
كۆزۈڭىزدىن ياشۇرۇپ ئول شەمئىنى».
يەتكەچ ئول مەجمەئغە مۇنداغ قوزغالان،
ھەر بىرى ئەۋۋارەئى بىخانۇمان.
تاپمايىن ئول گۇلشەنى ئەسلىغە يول،
بەلكى كۇللىمەھۋئولۇپ خاتىرىدىن ئول.
دەھر باغى سارى مەيل ئەتكەن ئەيان،
ئەيلەگەن بۇ خاكدانىنى ئاشىيان.
بۇ غەرىبىستان ئارا بولغان مۇقىم،
كۆڭلىڭىزدىن كەتكەي ئول نازۇ نەئىم.
بەرسە ھەق تەۋفىق جىددۇ جەھد ئېتەي،
تا يانا سىزنى ئاڭا ھەمئەھد ئېتەي.
بۇ سەفەرلەر رەنجىدە يۈز تەئمىيە
كۆڭلۈڭۈزگە يەتسە ئاندىن تەسفىيە.
بۇ مەنازىل قەتئىدىن يەتكەچ فۇتۇھ،
بولسە سانى جىسمىڭىز ئانداغكى رۇھ.
جىلۋە كۆرگۈزگەچ ھەم ئول ئەۋۋەلقى ھال،
زاھىر ئولغاي سىزگە ئەييامى ۋىسال.
شەھ سىفاتىغە بولۇپ ئىرفانىڭىز،
زىندەئى جاۋىد تاپغاي جانىڭىز.
بولغاسىز سىررى رىيازەت ۋاقىفى،
شاھ بىرلە نەفسىڭىزنىڭ ئارىفى».

## ھۇدھۇدنىڭ تۇتىنى مىزخاتەب قىلىپ، مەقسەد ئەسلىغە تەرغىب ئەتكەنى

«سايىراغىل، ئەي تۇتىئى شىرىن كەلام،
نۇتق تەشرىفى بىلە ئالىي مەقام.
خىلئەتى ئەخزەر بىلە جويايى شەھ،
يول ئازىقلارغە بولغىل خىزرى رەھ.

ئەۋۋەل ئۆز مەنزىلگەھىڭنى ياد قىل،
كۆڭلۈڭ ئول ئۈممىد بىرلە شاد قىل.
كىم ۋەتەن زاتىڭغە ھىندۇستان ئىدى،
شەھ ھەرىمىدە سەرا بوستان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ھەم مەقامىڭ شەككەرىستانى ۋىسال،
ئول شەكەردىن نوش ئېتىپ، ئەيلەپ مەقال.
شاھ ئىلكى مەسكەنۇ مەنزىلگە ھىلىڭ،

ھەم تەكەللۇم ھالەتىدىن ئاگەھىلىڭ.
كەل، بۇ غۇربەتدىن رەھىل ئاغازقىل،
ئول چەمەن سارى يەنە پەرۋاز قىل.

## ھۇدھۇدنىڭ تاۋۇسنى مۇخاتەب قىلىپ، بۇ يول ئەزمىغە مايىل ئەتكەنى

كۆركۆز، ئەي تاۋۇس، گۇلزارى ئەلەست،
جىلۋە ئېكىم قىلغاسەن دەۋرانىنى مەست.
ھەم باشىڭ تاجى رىياسەت مەسكەنى،
ھەم تەنىڭ نەقدى لەتافەت مەخزەنى.
قامەتىڭغە كىسۋەتى ھۇسنۇ جەمال،
ئۇيلەكىم ۋەسفىدە ئانىڭ نۇتق لال.
ھەم ياراشىپ خىلئەتىڭغە خۇبلۇق،

ھەم مۇۋاپىق زاتىڭە مەھبۇبلۇق.
لىك يادىڭدىن چىقىپ ئۆز مەسكەنىڭ،
شەھ قاشىدا جىلۋە ئەيلەپ گۇلشەنىڭ.
بىر يولى ئول رەۋزەنى قىلمە ئۇنۇت،
بۇ خەراب ئاباد مەھبەس تەركى تۇت.
شاھ بەزمى شەۋقىدىن تارتىپ نەۋا،
ئول سەرا بوستان سارى قىلغىل ھەۋا.

## بۇلبۇل نەۋاسى ئاھەڭىدە ھۇدھۇدنىڭ تەنبىھى ئاھەڭى

چەك نەۋا، ئەي بۇلبۇلى گۇلزارى شەۋق،
سەۋتى ئەلھانىڭ كېلىپ ئەسرارى شەۋق.
ئىشق لەھنىن مىڭ نەۋا بىرلە تۈزۈپ،
بىنەۋالىغلار سۇرۇدىن كۆركۆزۈپ.
شەھ گۇلىستانىدا گۇل ھۇسنىغە مەست،
تارتىپ ئول گۇل ئىشقىدا جامى ئەلەست.
ئاتەشىن گۇل جىلۋە قىلغاچ گۇل چاغى،

ھەر پەرىڭغە ئوت ياقىپ گۇل يافراغى.
تا تۇشۇپ ئول تازە گۇلشەندىن يىراق.
كۆل قىلىپ جىسمىڭنى بىر بەرقى فىراق.
قىل ھەۋا ئول گۇلشەنى مىنا سارى،
مەيل كۆركۆز ئول گۇلى ھۇمرا سارى.
شاھ بوستانىدا يۈز گۇل چارە ساز،
سەندە ھىجران شۇئلەسىدىن يۈز گۇداز.

## قۇمرىنىڭ لەھنى سەۋتىدە ھۇدھۇدنىڭ نەغمەسازلىقى

نەغمە تۈز، ئەي قۇمرىئى بوستانى ھال،
نەغمەڭ ئىچرە مۇندەرىج ئەلھانى ھال.
تەير خەيلىن بىر نەفەس لال ئەيلەگىل،
سەۋتۇ لەھنىڭ بىرلە بىھال ئەيلەگىل.
سالغانىڭدىن بويىنۇڭە تەسبەھۇ يۇسر،
تىلغە ئانىڭ ۋەسفىدە يۈزلەندى ئۇسر.
بۇكى ھەر بوستان ئارا سەرگەشتەسەن،

قان بىلە تۇفراقغە ھەممائوشتەسەن.
كىم قىلۇرسەن نالە مەھزۇنلار كەبى،
ئىشق سەۋداسىدا مەجنۇنلار كەبى.
ياد ئېتىپسەن گويىيا باغى ۋىسال،
كىم بولۇپسەن بۇ سىفەت ئاشۇفتە ھال.
مۇژدەكىم ئول غەمدە قالماي بىنەۋا،
ھەم ئوشۇل گۇلشەن سارى قىلغۇڭ ھەۋا.

www.uyghurkitap.com

## كىبكى رەۋىشىدە ھۇد دۇدىنىڭ خىرامانلىقى

قىل خىرام، ئەي كىبكى كوھسارى فىراق،
مەيل كۆرگۈزگەن كۆزۈمگە ئىشتىياقىق.
ھەجر كوھىستانىدا فەرھادۋار،
پۇيە ئۇرماقدىن دەمى تۇتمە قەرار.
بۇكى مىنقارىڭ بولۇپدۇر لالەفام،
قان يۇتارغە بەس دەلىلدۇر تەمام.
قۇرب قافىن گويىيا ياد ئەيلەدىڭ،
بەند ئارا مۇنداغكى فەرياد ئەيلەدىڭ.
قەھقەھە ئۇرمەسكى تارتارسەن بەلەند،
كىم ئۇرۇر ئۆز ماتەمىڭغە زەھر خەند.
چۈنكى قىلدىڭ قۇرب قافى سارى ئەزم،
تۈزگىل ئەمدى ۋەسل ئۇمىدى بىرلە بەزم.
ۋەسل ئۇمىدى چۇن يەقىندۇر شاد بول،
ھەجر تاغى تاشىدىن ئازاد بول.

## تەزەرۋ خىرامى سۇرئەتىدە ھۇدھۇدنىڭ سەيردىن دەم ئۇرغانى

ئىشۋەئى ناز ئەيلە، ئەي رەئنا تەزرەرۋ،
كىم قولۇڭ گۈلشەن ئارا ئازادە سەرۋ.
گۈلستان زىيبى جەمالىڭدىن سىنىڭ،
گۈل خىجىل رۇخسارى ئالىڭدىن سىنىڭ.
جىلۋە گاھىڭ گاھى تاغۇ گاھى باغ، -
مۇفتەخىر زىيبالىغىڭدىن باغۇ راغ.
ھەم چەمەن ئەھلىغە سەن مەھبۇبسەن،
ھەم دەمەن خەيلىغە سەن مەرغۇبسەن.
گەرچە بىغايەتدۇرۇر رەئنالىغىڭ،
بىنىھايەت ھۇسن ئىلە زىيبالىغىڭ.
ئەسرۇ ئۆز ھۇسنۇڭغە مەغرۇر ئولماغىل،
ئۆز جەمالىڭ بىرلە مەسرۇر ئولماغىل.
ياد قىل ئول ھۇسنى بىنۇقسانىنى ھەم،
ئوتدەكى ئول گۈلشەن سارى چەككىل ئەلەم.

## دۇرراجىنىڭ رەۋىشى نىسبەتىدە دۇددۇدنىڭ تەدەم ئۇرغانى

كەلگىل، ئەي دۇرراجىكىم، بەس خۇبسەن،
جان قۇشىدەك بارچەغە مەتلۇبسەن.
بىشە ئىچرە زىيب گامىڭدىن سىنىڭ،
سەبزەغە رەۋنەق خىرامىڭدىن سىنىڭ.
مەستلىقدىن سەۋتۇڭ ئەسرۇ دىلفىرىب،
مۇستەمىئلەر كۆڭلىدىن ئالىپ شىكىب.
ھەيئەتىڭ مەتبۇئۇ شەكلىڭ دىلپەزىر،
سۇرەتىڭ مەۋزۇنۇ نۇتقۇڭ بىنەزىر.
بۇيلە ۋەزنۇ ھەيئەتى مەفتۇن بىلە،
بۇيلە نۇتقۇ نەغمەئى مەۋزۇن بىلە.
لايىق ئولدۇر سەنكى بىقەيد ئولغاسەن،
سەئى ئېتىپ بىر شاھغە سەيد ئولغاسەن.
جان فىدا قىلغايسەن ئول سۇرگەچ سەمەند،
بولغاسەن ئۇمرى ئەبەدكە بەھرەمەند.

## كەبۇرتەر ھەۋاسى پەرۋازىدە ھۇدھۇدنىڭ پەرۋاز تىلىگان ھەۋاسى

ئەي كەبۇتەر، چەرخ ئۈزە پەرۋاز قىل،
ئول ھەۋادا تاب ئۇرارنى ساز قىل.
نەچچە، بولماق تىيرە ئۆز كاشانەدە،
خانە گور ئولدۇڭ كەبۇتەر خانەدە.

شاھ قەسرىنىڭ ھەۋاسىن قىل خەيال،
ئول ھەۋادا تاب ئورارلى پەرۇ بال.
تا قالىپدۇرسەن كۆڭۈل پەرۋازىدىن،
شاھ قەسرى تامىنىڭ ئەندازىدىن.
خاترىڭدىن گويىيا چىقمىش تەمام،
قەسرى سۇلتانى ئۇزە ئالىي مەقام.
ئول تەرەف ئۇر تابۇ قول ئول تام ئۇزە،
سەرفەراز ئول گەردىشى ئەييام ئۇزە.
ئەي قويۇپ بوينۇڭغە شايەد تۇتقاي ئول،
تاپغاسەن ئەسلى كەبۇتەر جاغە يول.

## شەھبازنىڭ ھۇسنۇ ئىستىغناسى ۋەسفىدە ھۇدھۇدنىڭ رەھنەمالىغى

ھەببەزا، ئەي شاھبازا شاھۋەش،
ھەيئەتىڭ ھەم خۇش جەماللىڭ داغى خۇش.
سەرفەراز ئەيلەپ سىنى قۇشلارغە ھەق،
خۇبلۇقدا بارچەدىن ئىلتىپ سەبەق.
شاھ ئىلكى مەسكەنىڭ بولغان مۇدام،
تۇئمەڭ ئول تارتىپ يىدۇرگەن تۇئمە كام.
ئول سىلاپ ئىلكىڭنى پەررۇ بالىڭە،
يەتكۇرۇپ مىنقار ئىلە جاڭگالىڭە.
مۇددەتىكىم چەرخ ئىتىپ زاھىر نىفاق،
شاھ ئىلكىدىن سىنى قىلدى يىراق.
مۇبتەلا بولدۇڭ چۇ ھىجران دامىغە،
تەبئىڭ ئۆرگەندى فىراق ئەييامىغە.
بول يەنە شەھغە گىرىفتارى نەژەند،
ئىلكىنى ئۆپمەك بىلە بول سەر بەلەند.

## شۇنقەرنىڭ شاھۋەشلىغى تەۋسىفىدە ھۇدھۇدنىڭ مەدھ ئارالىغى

مەرھەبا، ئەي شۇنقەرى چەرخ ئاشيان،
شەھ قولىدا مەنزىلىڭ ئەيلەپ ئەيان.
قۇشلار ئىچرە شاھلاردەك تاجۋەر،
شەھ كۆرۈپ باشىڭغە لايىق تاجى زەر.
تاجۋەر قۇشلارغە سەن سەرخەيل ئولۇپ،
شەھغە ئاندىن سۇھبەتىڭغە مەيل ئولۇپ.
شاھ بەزمىدە ساڭا ئالىي مەقام،
بىنىھايەت ئىھتىرامۇ ئىھتىمام.
چۇن كىبلىپ ئون ئۆزگەلەرچە ھۇرمەتىڭ،
شەھ بىرىپ ئون ئۆزگەلەرچە قىيمەتىڭ.
ئىلكىنى بوينۇڭغە مايىل ئەيلەبان،
دۇررى گەۋھەرىدىن ھەمايىل ئەيلەبان.
كۆپ يىراق تۇشتۇڭ بۇ ھىجراننى ئۇنۇت،
شەھ قولىغە تۇش، ۋەتەن تەركىنى تۇت.

## قۇشلارنىڭ يول ئەزمىغە جەزم كۆرگۈزگەنلەرى ۋە رىيازەت شىددەتىدىن بەئزىنىڭ ئەزىمەتىغە قۇسۇر ۋە بەئزىنىڭ ئىستىقامەتىغە فۇتۇر يۈزلەنگەنى

چۇنكى ھۇدھۇد ئەيلەدى ئاغازى ئىشق،
بۇ سىفەت قۇشلارغە سۇردى رازى ئىشق.
قۇش تىلى بىرلە تەرەننۇم ئەيلەدى،
ۋەسلۇ ھىجراننى تەكەللۇم ئەيلەدى.
بولدى ئول قۇشلارغە ھىجراندىن مەلال،
ۋەسلدىن ھەر بىرگە تۇشتى مىڭ خەيال.
ھەر بىرى يادىغە كەلدى ھاللار،
ھەجر دەردىدىن قاتىغ ئەھۋاللار.
ۋەسل دەۋرانىن ئۇنۇتماغىلدىقلارى،
ھەجر ئايىنىنى تۇتماغىلدىقلارى.

بىلدىلەر. ئۇل بۇلئەجەب ئەسرارىدىن،
ئۇل رەمۇزى ئىشق ئارا گۇفتارىدىن.
نى سەئادەتدىن يىراق تۈشكەنلەرىن،
نى ھىدايەتدىن قىراق تۈشكەنلەرىن.
بولدى ھۇدھۇد سۆزىدىن ئاگاھلىغ،
كىم ئۇلارنى جەھل ئارا گۇمراھلىغ.
ئىش تەرىقىدىن يىراق تۈشمىش بەسى،
بەستەئى دامى فىراق ئەتمىش بەسى.
ئۆرتەنىپ ئۆز شۇئلەسى ھىرمانىدىن،
دۇد چىقتى ھەر بىرىنىڭ جانىدىن.
يەقىن ئېردى ئۆچكەلى شەمئى ھەيات،
ھەر بىرىگە بەسكى يۈزلەندى ئۇيات.
بولدىلار ئۆز فېئلىنىڭ شەرمەندەسى،
ئۆز سۇلۇكۇ فېئلىنىڭ ئەفكەندەسى.
گەرچە كۆپ خۇنابى ھەسرەت يۇتتىلار،
ئۆزرى مافات ئۆزلەرىگە تۇتتىلار.
كىم نې يەڭلىغ بولسە تا بولغاي ھەيات،
تۈن - كۈن ئۇل يول ئىچرە ئۇرغايلار قانات.
باشلارىغە كەلسە يۈز تۈرلۈك بەلا،
ھەر بەلادە بولسە يۈز مىڭ ئىبتىلا،
يانماغايلار ئۇل تەلەب ۋادىسىدىن،
قانماغايلار ئۇل شەرەف بادىسىدىن.
چۈن بارىغە بولدى مۇنداغ ئىتتىفاق،
چەكتىلەر دەۋرانىغە ئاھەڭگى فىراق.
بولدىلار ھۇدھۇدغە پەيرەۋ سەر - بەسەر،
راھرەۋ ئۇل خەيل، ھۇدھۇد — راھبەر.
تۈشتىلەر يولغە نىشاتۇ ناز ئىلە،
يول ئۇمىدىغە ئىتىك پەرۋاز ئىلە.
چۈن نەچە كۈن بۇيلە تەيران قىلدىلار،
سەئيى ئىلە قەتئى بەيابان قىلدىلار.
مىھنەتۇ رەنجۇ ئەلەم يۈزلەندى كۆپ،
شىددەتۇ ئاشۇ بۇ غەم يۈزلەندى كۆپ.

بۇيلە چۈن قەتئى مۇسافەت قويدى يۈز،
ناتەۋانلارغە كۆپ ئافەت قويدى يۈز.
نازپەرۋەرد ئېردىلەر بوستان ئارا،
سايەلىغ ئەشجار تۇبەستان ئارا
بولدىلار يول رەنجىدىن فەرسۇدە ھال،
ھەر بىرىگە قويدى يۈز بەھەد مەلال.
ساغىنىپ ئاسۇدەلىغ بىرلە ۋەتەن،
باغۇ بوستان بىرلە گۇلزارۇ چەمەن.
نەفس كامىيۇ فەراغەت مەسكەنى،
ئەيش ئايمىنىيۇ ئىشرەت گۇلشەنى.
ئۇل ئەزىمەتدە تاپىپ بەئزى فۇتۇر،
فەھم ئەيلەپ ئۇل تەۋەججۇھدا قۇسۇر.
ناتەۋانلىغ بىرلە ئەجز ئەيلەپ ئەيان،
ھەر بىرى بىر ئۆزر قىلدىلار بەيان.
ئۆز قاشىدا ئۆزرىنى مەقبۇل ئېتىپ،
ئۇل تەۋەججۇھدا ئۆزىن مەئزۇل ئېتىپ،
قىلدىلار ھۇدھۇدغە بارى ئىلتىماس،
كىم: «تەۋەققۇف قىل دەمى، ئەي رەھشۇناس.
بىزدە بەئزى ناتەۋان بولمىش بەسى،
يول بارۇردا خەستە جان بولمىش بەسى.
بەئزى ئالدىغە كېلىپدۇر مۇشكىلات،
كىم سېنىڭ رەئيىڭدىن ئىستەرلەر نىجات.
بەئزى ئالدىدا سۇئۇبەتلەر دۇرۇر،
ئۇل سۇئۇبەتدىن ئۇقۇبەتلەر دۇرۇر.
كىم ئېرۇر ئانى بەيان قىلماق زەرۇر،
يوقسە يول ئەزمىغە يۈزلەنگەي فۇتۇر»
راھبەر چۈن كۆردى ئاجىزلىغلارىن،
قوندى بىر ۋادىدا جەمئ ئەيلەپ بارىن.
ئۇل چۇ بارى نۇكتەسىغە تىكتى كۆز،
دېدى: «ئايتىڭ قايسى بىرگە بولسە سۆز».
چۈنكى ھۇدھۇد ئۇل ھەۋادىن بولدى پەست،
سورغالى قۇشلار سۆزىن قىلدى نىشەست.

## تۇتىنىڭ ئايتقان ئۆزرى

توتى ئەۋۋەل ئۆزرىن ئاغاز ئەيلەدى،
بۇيلە ئەجز ئايىنىن ئىزھار ئەيلەدى:
كىم«قۇشدۇرمەن مەكانىم گەرمسەير،
ھىند ئەقساسىدا قىلغان سەيرۇ تەير.
ئەل ئارا شۇھرەت فەساھەتدىن تۇتۇپ،
نۇكتە بىرلە غەمىلىق ئەلنى ئاۋۇتۇپ.
كامرانلار مەنزىلىم ئەيلەپ قەفەس،
ۋەر مەلالەت يەتسە ئەيلەپ ھەمنەفەس.
نازەنىنلەر ئىلكىدىن ئالىپ خۇرىش،
قەندۇ شەككەر بىرلە تاپىپ پەرۋەرىش.
روبە رويۇم گاھ بىر كۆزگۈ بولۇپ.
گاھ كۆزگۈ چىھرەلىغ مەھرو بولۇپ.
كۆرمەيىن ئۆمرۈمدە جۇز كامۇ نىشات،
ئەلگە نۇتقۇمدىن يېتىپ يۈز ئىنبىسات.
تا بىلىپ ئۆزنى قاتىغلىق كۆرمەگەن،
رەنج زەھرىدىن ئاچىغلىق كۆرمەگەن.
دەرگەھىكىم بىشەدۇر ئاندا ئۇقاب،
بىشەدىن ئاجىزراق ئەلگە نې ھىساب.
ئاڭلابان ئۆزنىكى ئول يان كەتكەمەن،
ئۆزگە قۇشلاردەك نەچۇك قەتئ ئەتكەمەن.
ئەيلەيالغايمەن ساڭا ھەمراھلىغ،
-ھالەتىمدىن بۇيلە تاپ ئاگاھلىغ»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى تۇتىغە

دېدى ھۇدھۇد:«كەي ئۆزۈن ھەرفىڭ غەلەت،
بارچە گۇفتارىڭ خەتا بىرلە سەخەت.
ھەرزە نۇتقۇڭنى فەساھەت ساغىنىپ،
گەچچە لەفزىڭنى بەلاغەت ساغىنىپ.
ئايتىپ ئۆز ۋەسفىڭدە گۇنا-گۇن خىلاف،
بارچە ھەشۇۋ بارچە لەغۋۇ بارچە لاف.
خۇد پەرەستسەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقى،
خۇد پىسەندسەن سەن مەزەممەت لايىقى.
فەخر ئېتەرسەن نۇتق بىرلە كۆزگۈگە،
كىم ئېرۇر نۇتقۇڭ مۇناسىب كۈلكۈگە.
كۆزگۈ ئول بولغايكى تارتىپ يۈز بەلا،
بەرگەمەن لەۋھى زەمىردىڭغە جىلا.
بۇكى بىر ھىندۇ قاشىدا شاھدۇر،
دەر بۇ سۆزنى ھەشۇ،كىم ئاگاھدۇر.
شاھ ئولدۇركىم — يولدىن قايتاسەن،
ھەر زەمان يولسىز ھەدىسە ئايتاسەن.
بارچە فاسىددۇر خەيالاتىڭ سېنىڭ،
ئۆزرە ئايتۇرغە مەقالاتىڭ سېنىڭ.
بولدى مانېئ غەفلەتۇ گۇمراھلىغ،
خابۇ غەفلەتدىن ئىشىڭ بىراھلىغ.
ئويغانىپ بىلسەڭكى ھالىڭدۇر قاتىغ،
قىلماغاي ئول دەم پۇشەيمانلىغ ئاسىغ.
قىلغانىڭدىن يۈز خىجالەت چەككەسەن،
بەلكى يۈز مىڭ ئاھۇ ھەسرەت چەككەسەن.
بولغان ئېرمىش بارچە نەقدىڭ ناسەرە،
نەفس ئىلە شەيتانغە زاتىڭ مەسخەرە

## ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

غافىلى قويدى قەدەم بازارغە،
خەيلى تابېئ نەفسى بەد كىردارغە.
رىزق ئۈچۈن ئىگنىدە دەلقى خىزرۋەش،
لېك ياشىل بەرگ بىرلە كۆڭلى خۇش.
ئۆرمىش ئېردى باشلاغان ئەسرارى تاب،
كۆردى دۇككانلاردا نېئمەت بەھىساب.

ئەلگە يوللار كۆرگۈزۈپ نەفسى دەنى،
سالىبان شەيدا گەدالىققە ئۈنى.
گاھ تەلتەمفەى مەقال ئەيلەر ئىدى،
گاھ ئىزھارى كەمال ئەيلەر ئىدى.
گاھ كەراماتىن قىلىپ ئەل ئىچرە نەقل،
گاھ ئېيتىپ زاھىر تەرىقى شەرئۇ ئەقل.
ئەيلەبان ھەر نەۋئ يۈز ئەفسۇنۇ دەم،
ئالغۇچە يا لۇقمەئى يا بىر دەرەم.
بۇيلە يۈز بازى يەپۇ بازى بېرىپ،
نەفس مەتلۇبىن يۈرۈر ئېردى تىرىپ.
بەگدىن ھەرلەھزە يۈز فاسىد خەيال،
سالىبان كۆڭلىگە يۈز فىكرى مەھال.
يەتتى ناگەھ باشىغە ساھىب دىلى،
كۆپ مەنازىل قەتئ قىلغان كامىلى.
كۆرگەچ ئول كامىلنى ئۇستادى دەغەل،
ئول يامان ھالىدىن ئولدى مۇبتەدەل.

دېدى:«پىر ئالدىدا كەسب ئەتكەننى تۇت،
تا كۆرەيكىم ھاسىل ئەيلەپسەن نى قۇت.»
چۇن خەرىتە باشىنى ئاچتى لەئىم،
كىم يىغىلمىش ئاندا زەققۇمى جەھىم.
كۆردى جەمئ ئولغان نەجاسەتلەر بەسى،
تۇشتى ئوت جىسمىغە ئانداغكىم خەسى.
يەر يۈزىدىن بىر ئاۋۇچ تۇفراغۇ تاش،
ئالىبان بەردى ئاڭا كىم قىل مەئاش.
باقكى ئول تۇفراغ ئەمەس ئالتۇن ئېرۇر،
تاشلار لەئلۇ دۇرى مەكنۇن ئېرۇر.
ناقىس ئول ھالەتنى كۆرگەچ ناگىھان،
كامىل ئولمىش ئېردى ئالدىدىن نىھان.
ئۆزنى ئول خىجلەتدىن ئۆلتۈرمەك نى سۇد،
ئاھۇ دۇدى كۆككە يەتكۈرمەك نە سۇد.
ساڭا ھالەتكىم قىلۇرسەن كۆپ خۇرۇش،
بىلكى بار ئول نەۋئىكىم ئول سەبزە پۇش.

## تاۋۇسنىڭ ئېيتقان ئۆزرى

سوگرە تاۋۇس ئايتتى ئۆزرىن ئاشكار،
دېدى: «كەي، سەن بارچەمىزغە كامكار.
مەن قۇشمەن قەسرۇ گۇلشەن زىينەتى،
نەقشۇ رەڭگىم ئەھلى ئالەم ھەيرەتى.
سۇرەتىم گۇلشەنغە ئارايىشدۇرۇر،
ھەيئەتىم كۆرگەنگە ئاسايىشدۇرۇر.
باغ ئارا مەندىن خەزاندا بوستان،
بىشەدە مەندىن قىش ئىچرە گۇلستان.
جىلۋە ئەيلەر چاغدا ھۇللەم زىيۋەرى،
سەر بەسەر ئايىنەئى ئىكەندەرى.
تەگرى بەرمىش ھۇسنۇ زىيبالىغ ماڭا،
ھەددىن ئارتۇق زىيب رەئنالىغ ماڭا.
كىم ئۇلۇس ھۇسنۇم تەماشا ئەيلەگەي،
ئافەرىنىش سۇنئىن ئىفشا ئەيلەگەي.
ھەر كىشىنى قىلدى ھەق بىر ئىش ئۈچۈن،
نۇش ئۈچۈن بىرنىيۇ بىرنى نىش ئۈچۈن.
ئىشكى قىلمىش ئىزىدى دانا نەسىب،
ھەم ئول ئىشدا ھەرنە كەلسە بانەسىب
تەگرى ئەردىن بىرى مەھبۇب ئېرۇر،
لېك شەيتانى لەئىن مەنكۇب ئېرۇر.
ھەر بىرىگە ئۆز تەرىقىدىن فىراق،
ئەلفەرارى لازىمى مالا يۇتاق.

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى تاۋۇسغە

ھۇدھۇد ئول سۆز نەفىغە ئاچىپ نەفەس،
دېدى:«كەي جەھل ئەھلى يەگلىغ بولھەۋەس.
ئۆلچە زاھىر ئەيلەدىڭ ئەقۋالدىن،
كەلمەگەي مەجنۇن ئىلە ئەتفالدىن.

ئادەم ئۇلغان زىيب زاھىردىن دېمەس،
كىمكى ئاندىن فەخر ئېتەر ئادەم ئەمەس.
ناز ئىلە ھۇسن ئۇلدى شاھىدلار ئىشى،
دەردۇ مىھنەت بىرلە خوشتۇر ئەر كىشى،
بارچە سۇرەت ئەھلىغە ئەشرەفدۇر ئۇل.
كىم سۇۋەردىن ئېلتكەي مەئنىغە يول.
سەنكى بۇ سۇرەتغە بولدۇڭ مۇبتەلا،
ئۇل تەمەسخۇرغە ئۇلۇس ئىچرە سەلا
زىيبى زاھىر جۇز تەمەسخۇر كەلمەدى،
كىمسەگە ئاندىن تەفاخۇر كەلمەدى».

## ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

ھىندۇيى زاھىر قىلىپ نەقشۇ نىگار،
ئەيلەدى كۆپ بۇلئەجەبلىغ ئاشكار.
تاج قويدى باشىغە ئۇل مەسخەرە،
دەۋرىدە ئانىڭ سەراسەر كۇنگىرە.
تاج ئىلە كىسۋەتكە تەرتىب ئەيلەبان.
تاجى كەي ئۈستىگە تەزھىب ئەيلەبان.
ياندا بىر تەبل ھىندى چالغۇسى،
ھىندى رەققاس ئەيلەپ ئاسىب قالغۇسى.
تىترەتىپ باشىن ھەمان، ئىلكىن ھەمان،
ھىندۇ ئاسا لەئب بىرلە ھەر زەمان.
زىيب ئارا ئارايىشى بوستان كەبى،
جىلۋەدە تاۋۇسى ھىندۇستان كەبى،
ئەيلەدى مەيدان ئارا ھەڭگامە تىز،
دەۋرىدە ئەۋباش سالىپ رۇستەخىز.
بۇ مەھەلدە مۇھتەسىبلەر يەتتىلەر،
ئۇل غۇلۇ ھەريان ھەزىمەت ئەتتىلەر.
تۇتتىلار ھىندۇيى نافەرجامنى،
ئىشۇلىقدە نادىرى ئەييامنى.
تەبلى بىرلە تاجىنى سىندۇردىلار،
دۇررە ئەئزاسىن يالاڭلاپ ئۇردىلار.
بولدى ئىبرەت بارچەغە ئۇل ئىھتساب،
تاج تەقلىدىغە مىھنەت يول ياساپ.

## بۇلبۇلنىڭ ئايتغان ئۆزرى

دېدى بۇلبۇل:«كەي بۇ مەجمەئغە دەلىل،
مەن بولۇپمەن گۇل ھەۋاسىدا زەلىل.
ئاندىن ئايرۇ ئاشىقۇ دىۋانەمەن،
ئەقلۇ ھۇشۇ سەبردىن بىگانەمەن.
ئانسىزىن يوق سەبر ئىلە تاقەت ماڭا،
قايدا، يارا، چەككەلى فۇرقەت ماڭا.
تاكى گۇل بوستاندا بولغاي جىلۋەساز،
مىڭ نەۋا بىرلە قىلۇرمەن شەرھى راز.
ئىشق ئارا ھەرلەھزە ئەفزۇن شىددەتىم،
ھۇسنىغە ھەر لەھزە ئارتىپ ھەيرەتىم.
باغدىن ئۇل كەتكەن ھەم ئۇلدەم گۇڭۇ لال،
تىلغە يەتكۇ يوق تەرەننۇمغە مەجال.
ھەم ئانىڭ يادى بىلە باغ ئىچرەمەن،
ھەجرىدىن يۈز دەرد ئىلە داغ ئىچرەمەن.
ئۇل دۇرۇر كۆڭلۇمدە ھەم جانىمدە ھەم،
كۆزدە ھەم پەيداۋۇ پىنھانىمدا مەن.
شاھغە كامىل تەۋەججۇھدۇر رەۋىش،
بويلە ئاشىققە قاچان بولغاي بۇ ئىش».

## ھۇھۇدنىڭ جەۋابى بۇلبۇلى بىچارەغە

ھۇدھۇد ئۇل ئەفسانەنى چۇن قىلدى گۇش،
دېدى:«كۆپ قىلمە بۇ ئىشقىڭدىن خۇرۇش.
ئىشق ئەمەستۇر بۇ، ھەۋەسدۇر سەر-بەسەر،
گەر ھەھەۋەسدۇر، مۇنچە بەس، ئەي بىخەبەر.

uyghurkitap.com



سەن كەبى ئالەمدە نادان بولماغاي،
نەفسىغە مەئمۇرى فەرمان بولماغاي.
كىم ياساپسەن ئۆزنى ئاشىق زور ئىلە،
كۆرگۈزۈرسەن ئىشق ئارا مىلك شور ئىلە.
بىرچىچەك چاغلىق ۋەفاسى يوق ئانىڭ،
ئۆمر باغىدا بەقاسى يوق ئانىڭ.
يىلدا بەش كۈنكىم چەمەندە ئاچىلۇر،
ئۇن كۈن ئۆتمەي تۇفراغ ئۈزرە ساچىلۇر.
كىمسە بۇ پەيكەرغە ئاشىق بولماغاي،
كىم بۇ ئاشىقلىقغە لايىق بولماغاي.
بەل ئانى مەئشۇقكىم يۈز خەستە هال
ئۆلسەۋۇ يەتسە ئاڭا يوقتۇر زەۋال.
گەر بۇ ئاشىقلىقدا شەيدالىقدۇرۇر،
لېك ئانىڭ پايانى رەسۋالىقدۇرۇر.

## هىكايەت بۇلبۇلى مەغرۇر هالىغە بەر سەبەل تەمسىل

سەير ئۈچۈن شاهى سۈرەر چاغدا فەرەس،
ئاشىق ئولدى بىر گەدايى بۇلهەۋەس.
ئاهۇ ۋاۋەيلاۋۇ ئەفغان باشلادى،
خەلق ئارا غەۋغاۋۇ تۇفان باشلادى.
سەندەك ئاشۇب ئەيلەبان ئەفغان ئىلە،
نالە ئەيلەر ئېردى مىلك داستان ئىلە.
تەلبەرلەردەك تۇرمايىن مەسكەن ئارا،
ئۆزنى كۆلگە بولغابان گۈلخەن ئارا.
شەهغە مەئلۇم ئولغاچ ئول ئىشقۇ جۇنۇن،
ئىستەدى ئاشقنى قىلماق ئازمۇن.
ئاتلانىپ قىلىھال ئانداغكىم دۇرەخش،
ئىمتىهانغە سۈردى گۈلخەن سارى رەخش.
دېدىكىم: «گۇمرەهنى سۆدرەپ كەلتۈرۈڭ،
خىزمەتىمغە يەتكۈرۈپ بويىنىن ئۈزۈڭ».
چۈنكى ئانى تاپىبان كەلتۈردىلەر،
ئىشق ئارا مەتلۇبىغە يەتكۈردىلەر.
قەتل هۆكمىن سۈردى شاهى بەختىيار،
ۋەهمەدىن قاچتى گەدا بىئىختىيار.
ئەيلەر ئېردى هوشسىز هەر سارى مەيل،
تۇتماغىغە پويەگەر هەر سارى خەيل،
تۇتتى ئاندىن ئول تەرەف گۈلخەنغە يول،
بىخۇد ئۆزنى ئوتغە تاشلاپ كۆيدى ئول.
شەهغە بۇ ئۇممىدكىم ئاشىق ئېمىسە،
ئىشق دەئۋاسى ئارا سادىق ئېمىسە.
قەتل هۆكمى چۈنكىم ئول قىلسە قەبۇل،
شاه ئاتىن ئالدىدا ئول قىلغاي نۇزۇل.
ئۈزرلار، دىلخاهلىقلار ئەيلەگەي،
هالىدىن ئاگاهلىقلار ئەيلەگەي.
شاه قىلغاي سىدق ئىلە ئىخلاسىنى،
هەم مۇساهىب، هەم نەدىمى خاسىنى.
ئول گەدا چۈن ئىشق ئارا ئېردى دەغەل،
بولدى رەسۋالىققە ئەهۋالى مەسەل.
گەر ساڭا هەم يەتسە گۈلدىن بىر تىكەن،
گۈلخەن ئولغاي مەسكەنىڭ يوقكىم چەمەن.

## قۇمرىنىڭ ئايتغان ئۈزرى

دېدى قۇمرىكىم: «ئايا فەرخۇندە راي،
غافىلۇ گۇمراهلارغە رەهنەماي.
مەن قۇشدۇرمەن چەمەندىن چىقماغان،
دەشتۇ ۋادىي قەتئىدىن هارىقماغان.
زەئفۇ ئاجىزلىغ شىئار ئولغان ماڭا،
شاخۇ بەرگ ئىچرە قەرار ئولغان ماڭا.
نى ساۋۇغ كۆرگەن جەهاندا نى ئىسىغ،
نى سىلىغ باشىمغە كەلگەن، نى قاتىغ.
باغدىن باغ ئىچرە كۆرگۈزگەن سەفەر،
شاخلاردىن بەرگ ئارا قىلغان مەقەر.

بويله يول رەنجىنى چەككەيمەنمۇ مەن،
بۇ ھەۋەس گەنجىنى ئىتكەيمەنمۇ مەن.
قويدۇم ئىرسە بۇ مۇشەققەت جانىمە،
كۆچ بىلە كىرمەكدۇرۇر ئۆز قانىمە.»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى قۇمرىغە

دىدى ھۇدھۇد: «كەي زەبۇنى ئەجزكىش،
دەرد شەۋقۇ كۆڭلىنى ئىستەرگە رىش.
مىڭ يىل ئولسە باغ ئارا مەنزىل ساڭا،
شاخ ئارا بەرگ ئىچرە نې ھاسىل ساڭا.
غەير ئولكىم ياتىبان يولۇڭدا شۆك،
قارمابان قانىڭنى ئىچكەي بىر مۇشۇك.
يا بىرەۋ گەز بىرلە بواغاي قاتىلىك،
يا گۆرۈھە بىرلە قىلغاي بىسمىلىك.
مۇندىن ئۆزگە ئەيشۇ كامىڭ نې ئىكىن؟
گۆلشەن ئىچرە ئىھتىرامىڭ نې ئىكىن؟
بويلە مۇردار ئولغۇچە غەفلەت ئارا،
ئۆزنى تابۇ شۇئلەئى فۇرقەت ئارا.
ئەر ئىسەڭ، مەقسۇدى ئەسلى ئىستەبان،
يولغە كىرسەڭ يار ۋەسلى ئىستەبان.
بولساڭ ئول يول ئىچرە رەنجۇ دەرد ئىلە،
جىسمى زارۇ جانى غەم پەرۋەرد ئىلە،
ياخشىراق يۈز قەتلە بۇ ئەۋقاتدىن،
ئار قىلغۇڭ يوقمۇ نامەرد ئاتدىن».

## قۇمرى خۇد پىسەند ھالىغە ھىكايات بەر سەبىل تەمسىل

باغبانى بار ئىدى بەس بىھۇنەر،
باغبانلىق سەنئەتىدىن بىخەبەر.
نې شەجەر پەيۋەند قىلماق شىۋەسى،
كىم ھەلاۋەت ھاسىل ئەتكەي مىۋەسى.
نې ياغاچ پەركاۋى بىرلە پەرۋەرىش،
ئەيلەي ئالىپكىم، شەجەر قىلغاي رەۋىش.
ۋەقت ئىلە نې دانە ساچماقنى بىلىپ،
كىم فەرەھ قىلغاي گۆلى ھاسىل قىلىپ.
باغ ئارا ئەنبار كەشلىغ بىرلە خۇش،
باغبان يوقكىم دىگىل ئەنباركەش.
چۇن كۆرۈپ بۇ نەۋئ رەنجۇ تاب ئاڭا،
پەندلەر دەپ ئەھلى ھۇش ئەھباب ئاڭا،
كىم: «بۇ بىھاسىل ئىشىڭنى تەرك تۇت،
ئۆزنى بىر ھاسىللىق ئىش بىرلە ئاۋۇت.
جاھىل ئول مىھنەتدىن ئولماي مۇجتەنىب،
ئىردى ئول مىھنەت چېكەرگە مۇرتەكىب.
تاكى بىر جويە ئارا كەسمەكتە تاك،
ئەيلەدى ئانى يىلان سانجىپ ھەلاك.

## كەبۇرنىڭ ئايتغان ئۆزرى

سوڭرا شەرھ ئەتتى كەبۇتەر ئەرزى ھال،
«كەي ھىدايەت فەننىدە ساھىب كەمال.
بار چەقۇشلار ئىچرە ھەيبى لا يەمۇت،
ماڭا قىسم ئەتمىش ئۆلۈس ئىلكىدە قۇت.
ئەل ياساپ مەسكەن ماڭا كاشانە ھەم،
كەلتۈرۈپ ئالىمغە سۇۋۇ دانە ھەم.
دەھر ئارا ئەل بەندىنىڭ مەھبۇسىمەن،
بۇ سەبەب بىرلە ئۆلار مەئنۇسىمەن.
ئەگرى بۇ ھالەت نەسىب ئەتمىش ماڭا،
خانى نىئمەتدىن بۇ ئىش يەتمىش ماڭا.
ھەق نەسىب ئەتكەندىن ئەتمەك ئىجتىناب،
ئەقل قانۇنىدا بولغايمۇ ھىساب.
شۇكر ئەيلەپ قىسمەت ئەتكەنگە ئىلاھ،
چەكمەسەم ئەۋلا بۇ رەنجى ئۇمرگاھ.

www.uyghurkitap.com



## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى كەبۇتەرغە

دېدى هۇدهۇد: «كەي بەهانە فەن ساگا،
گۇشەئى مەكرۇھ هىيەل مەسكەن ساگا.
قۇشلار ئىچرە هالەتىڭدىن هەيرەتى،
يوق سېنىڭدەك يانە بىر بىغەيرەتى.
كىم ساگا تەگرى نەسىب ئەيلەپ قەنات،
قىلغۇدەك بىر دەمدە قەتئى كائىنات.
سەن خەلايىققە قىلىپ فەرمانپەزىر،
دانە بىرلە سۇ ئۈچۈن زارۇ ئەسىر.
قاۋغالى خەيلىڭنى تا بار ئېھتىمال،
لەتتەنى باشىغە باغلاپ بىمەلال.
قاۋۇبان سىز خەيلى نافەرجامنى،
لەۋسۇگۇزدىن خالى ئەيلەپ تامنى.
سىز بۇ جەۋرۇ زەجر بىرلە كەتمەيىن.
غەير ئول تام ئۆزرە-ئۇقمەيل ئەتمەيىن.

## كەبۇتەر سادده هالىغە هىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

خەلق ئىچىندە ئېردى بىر بىغەيرەتى،
ئەلگە بىغەيرەتلىغىدىن هەيرەتى.
مۇشتۇ سىلى بىرلە ئايانى بەيان،
ئېلىدىن لۇقمەن ئالىپ ئانى يەبان.
قاۋلابان كەتمەي خەلايىق كويىدىن،
بەلكى چىقماي رون سىغەتلەر ئويىدىن
بۇ جەفالارغە تۇز ئەتمىش ئېردى نەرخ،
قايسى بىر يەتسە، ئۇرۇپ بىر قاتلا چەرخ.
ئول مۇقەررەر مۇزدنى ئالۇر ئىدى،
نەفس كامىن ئاغزىغە، سالۇر ئىدى.
تا بېرىپ بىر پارچە نان بىر چۇستدەست،
قىلدى بىر مۇشت ئۇرغاچ ئانداق يەرگەپەست.
گەرچە سىلىلەر يېمەكدىن توق ئىدى،
مۇشت يەپ گۇياكى هەرگىز يوق ئىدى.

## كىبكى دەرىنىڭ ئائىتقان ئۆزرى

يانە ئەجز ئەيلەپ ئەيان كىبكى دەرى،
دېدى: «كەي مەجمۇئى قۇشلار رەهبەرى.
مەن قۇشىدۇرمەن كوهىستان مەنزىلىم،
ئاندا تەگرى هەمدىغە زاكىر تىلىم.
دەهر ئېلى ئاشۇبىدىن سىلكىپ ئېتەك،
تاغ ئېتەكىدە تاپىپ ئارامۇ تەك.
چۇن بولۇپ ئالىئ رەفىقۇ بەخت يار،
قۇللەئى ئۆزلەتقە ئەيلەپ ئىختىيار.
تاغ كۇنجى چۇن ماگا بولمىش مەقەر،
نې مۇناسىب هالىمە مۇنداق سەفەر.
كان ئۈزە دايىم خىرامىمدۇر مېنىڭ،
گەۋهەرى بۇ ئىشدا كامىمدۇر مېنىڭ.
گەۋهەرى مەئنى ماگا ئول گۇلدۇرۇر،
سەير بىمەئنى ماگا بۇ يولدۇرۇر».

## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى كىبكى دەرىغە

دېدى: هۇدهۇد«كەي خەيالاتىڭ مەهال،
بار دىماغىڭ ئىچرە يۈز باتىل خەيال.
تاغ ئارا تۇتتۇمكى دەيسەن ئىنزىۋا،
ئىنزىۋا ئېرمەس، ئېرۇر نەفسۇ هەۋا.
هەرزەگەردى سەن يۇگۇرماقلىغ ئىشىڭ
پويە تاغۇ قۇللە ئۈزرە ۋەرزىشىڭ.

قەھقەھە ھەر لەھزە ئەيلەپ بىجەھەت،
كىم مەجانىن شۇەسىدۇر بۇ سىفەت
گەۋھەرى مەئىنىكى مەزكۇر ئەيلەدىڭ،
نامۇناسىب ئەمر مەزبۇر ئەيلەدىڭ.
سەن كىمۇ مەئنى كىم ئەي مەجھۇلۇ مەست،
جەھل بىرلە مەستلىقدىن خۇد پەرەست.
گەۋھەرى مەئنى سارىدىن ئۇرمە دەم،
ئۆزنى بۇ يالغانغە قىلمە مۇتتەھەم.
كىم ئىرۇر ئۇل مەھز بەد گەۋھەرلىغىڭ،
ئەينى بىمەئىنىلىغۇ ئەبتەرلىغىڭ.
كىم ئىرۇر يالغانغە بولغۇڭ مۇبتەلا،
كەلگۇسى ئاندىن باشىڭغە يۈز بەلا.

## كىبىكى غافىل ھالىغە ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

بىر ئۇلۇسنىڭ قەلبىيۇ بەد ئەختەرى،
قويدى بىر شەھر ئىچرە ئاتىن جەۋھەرى.
تانىماي خەرمۇھرەنى فىرۇزەدىن،
فارىغ ئەتتى نەفسنى دەريۇزەدىن.
ئەيلەبان گەۋھەر ۋۇقۇفى بىرلە خاس،
ئەيلەدى ئۆزنى گەدالىقدىن خەلاس.
رەڭگى گۇناگۇن قىلىپ بىللۇرى ساف،
لەئل ئىلە ياقۇت دەپ ئايتىپ گەزاف.
بۇيلە مۇھمەللەركى دەپ ئۇل ناتەۋان،
چىن گۇمان ئەيلەپ تەمام ئاندىن ئەۋام.
تاكى بىر كۈن ساتتى ئۇل قەلبى دەغەل،
بىر غەنىغە ساز ئىتىپ مۇنداغ ئەمەل.
بىنەھايەت نەقدغە بىر پارە تاش،
كىم ئانى خۇش رەڭگى ئەيلەپ ئىردى فاش.
ۋەجھنى ئاز كۈندە بارىن سينادى،
گەۋھەر ئالغان چۇن ئۇل ئىشنى ئاڭلادى.
كىم بىر ئالتۇنلۇق بىلۇرى لەئلگۇن،
يۈزمىڭ ئالتۇنلۇغ ساتىپدۇر قەلبى دۇن.
گەۋھەرى بەيئىن ئىقالە ئەيلەدى،
تۇتتىيۇ ۋەجھىن ھەۋالە ئەيلەدى.
جۇببەسى يوق ئىردى چۇنكىم كۆردىلەر،
قەلبىنى قىن ئاستىدا ئۆلتۇردىلەر.

## تەزەرۋىنىڭ ئايتغان ئۆزرى

يەنە ئەرز ئەتتى تەزەررۋى گۇل ئۇزار:
«كەي ھىدايەت شىۋەسىدە نامدار.
مەن قۇشدۇرمەنكى قىلمىش ھۇسن زىيب،
گۇلشەن ئىچرە سۇرەتىمنى دىلفەرىب.
تەگرى روزى، ھۇسنۇ زىيب ئەتمىش ماڭا
لۇتفۇ رەئنالىغ نەسىب ئەتمىش ماڭا.
چۇنكى ئىفراتى جەمالۇ خۇبلۇغ،
ئەيلەدى زاھىر ماڭا مەھبۇبلۇغ،
نازۇ ئىستىغنا بولۇپ مەھبۇب ئىشى،
رەنج خۇب ئەلگە رەۋا تۇتماس كىشى».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى تەزەرۋغە

دىدى ھۇدھۇد: «كەي خەيالىڭ بۇلئەجەپ،
ھەم خەيالىڭ، ھەم مەقالىڭ بۇلئەجەب.
كىمسە مۇنداغ ھەرف ھەرگىز سۇرمەدى،
ئۆز جەمالۇ ھۇسنىدىن دەم ئۇرمادى.
كەلمەگەي بۇ سۆز مەجانىن خەيلىدىن،
جەمئى گولۇ تىفل ئاين خەيلىدىن.
قەھبەلەركىم ھۇللە قىلغاي رەڭگۇ-رەڭ،
بۇ تەكەللۇمدىن ئۇلارغە ئارۇ نەڭ.

كىمسە بۇ دەئۋى مۇقەددەس قىلماغاي،
دېمەيىن ئەركىم مۇخەننەس قىلماغاي.
ناقىسىكىم سورسە بۇ يەڭلىغ كەلام،
قويماغان خۇشراق بۇ يول ئەزمىغە گام.
سەنكى خاتۇنلار كەبى سەن دىلپىسەنىد،
يەتكۈسى زاتىڭغە ئەرلىكدىن گەزەند.
ئەر كىرەر ئەر سانىغە ھىممەت بىلە،
ئەر ئەمەس فەخر ئەيلەگەن زىينەت بىلە.
ئەرگە خۇلقۇ فىئىل ئېرۈر زىيبۇ جەمال،
ياڭى زەركەش ھۇللەسىدۇر ئەسكى شال.

## تەزەرۋ مەمەبدان ھالىغە ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

تۇشتىلەر بىر يول ئارائىككى رەفىق،
بىر ئىدى يولسۇز، بىرى ساھىب تەرىق.
بىرى ناقىسۋەش، بىرى كامىل سىفات،
ئاڭا مۇدبىر مۇڭا مۇقبىل ئېردى ئات.
ھەر بىرىگە زات ئىدى ئاتى كەبى،
ئول سىفەتكىم، ئات ئىدى زاتى كەبى،
مۇقبىل ئايتۇر ئېردى ئەھلىللاھدىن،
دىنىغە داخىل كامىلۇ ئاگاھدىن.
ئەھلى نۇقساندىن ئىدى مۇدبىرغە سۆز،
ئۈيلەكىم بۇت ۋەسفىدىن كافىرغە سۆز.
دەردۇ سوزۇ نۇكتەدىن ئول ھال دەپ،
زىيبلىغ تون لۇنددىن بۇ ھەرزە دەپ.
تاپمايىن بىر ـ بىرلەرىدىن ھېچ بەھر،
تا نەمۇدار ئولدى بىر فەرخۇندە شەھر.
ئىككىسى ئانى غەنىمەت بىلدىلەر،
بىر ـ بىرىسىدىن رەۋان ئايرىلدىلەر.
بۇ بىرىگە كويى فەقر ئېردى تەرەف،
بولدى ئول بىر ئازىمى بەيتۇل ـ لەتەف
شەھ مۇنى كۆرمەككە كەلدى سەرفەراز،
كۆرگۈزۈپ كۆپ رەھمەتۇ ئەجزۇ نىياز.
ئاندا ئېردى شەھكى، ئەيلەپ ئۇسەۋار،
مۇدبىرى ناقىس رەۋىشى خاجەۋار.
كەلتۈرۈپ ئەرز ئەتتىلەر خەيلى ئەسەس،
كىم ئىچىپ بۇ كېچە جەمئى بۇلھەۋەس.
ۋاقىئ ئۇلمىش قانۇ بۇ بائىس ئىمىش،
كىم مۇنى مەقتۇل بەدھەيئەت، دېمىش.
مۇنچە سۆزگە بۇ لەئىمى خۇدپىسەند،
ئاڭا خەنجەر بىرلە يەتكۈرمىش گەزەند.
شاھ ئىشىتكەچ بولدى ئەدل ئەمرىگە خاس،
قىلدى مۇدبىرغە رەۋان ھۇكمى قەساس.
خۇدشىكەنگە يەتتى ئول ئالىي مەقام،
خۇدنەما تاپتى بۇ يەڭلىغ ئىنتىقام.
ئۇچقۇن ئولدى ئازىمى چەرخى بەرىن،
قالدى قۇلزۇم دار ئۇزە شەھبازى چىن».

## قارچىغاينىڭ ئايتغان ئۆزرى

قارچىغاي قىلدى ئەيان گۇفتارىنى،
كۆرگۈزۈپ چاڭگال ئىلە مىنقارىنى:
«كىم، ماڭا قۇشلار كەبى ئېرمەس ھىساب،
كىم بەسى قۇشلارغە مەن مالىك رىقاب.
مۇنچە قۇشكىم يەتتى گۇفتارى ساڭا،
بىلكى، تۇئمەدۇرلار ئول بارى ماڭا.
زاتىمە شەھلەر قولى ئارامگاھ،
تۇئمە ھەر كۈن يەتكۈرۈپ ئالدىمغە شاھ.
قايسى قۇش قەسدىغە ئاچسام پەرۇ بال،
نەسرى تايىر بولسە مەخلەسدۇرمە ھال.
شەھلەر ئالدىدا تاپىب بۇ ئىئتىبار،
شەۋكەتىم سىمۇرغچە بىلفىئىل بار.
شەھ قولى تەختىمدۇرۇر باشىمغە تاج،
يوق ماڭا سىمۇرغ سارى ئىھتىياج».

www.uyghurkitap.com

## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى قارچىغايغە

دېدى هۇدهۇد: «كەي غۇرۇر ئىلكىدە پەست،
جەهل ئىلە غەفلەتتە بولغان زىرى دەست.
شەه ئاياغىڭغە سالىپ بەندى ئەزىم،
يوقكى شەه، هەرقايسى سەيىادى لەئىم.
ئاچلىغ، بىخابلىغ ئانچە بېرىپ
كىم سۆگەك ئۆزرە ئەتىڭ بارچە ئېرىپ.
يەتكۇچە بىر لۇقمە ئەت بىداد ئىلە،
يەپ ئۇلۇس مەغزىن ئۆكۈش فەرياد ئىلە.
تەگرى قىسم ئەتكەننى يەپ، ئەي زارى دۇن،
لىك ئولۇپ دۇنلارغە مۇهتاجۇ زەبۇن.

قايىسى سەيدىڭىم، سەن ئانى ئاۋلابان،
قۇشچى تاشلاپ، تەبل چالىپ قاۋلابان.
سەن ئۆزۈڭدىن بىر زەبۇنراقنى تاپىپ،
جۇئىدىن بىخۇد بولۇپ، يەتكەچ قاتىپ.
تاپشۇرۇپ ئەلگە، ئىتائەت ئەيلەبان،
قۇشچى بەرگەنگە قەنائەت ئەيلەبان.
بۇ زەبۇنلۇغلار بىلە مۇنچە گەزاف،
هەم قىلىپ ئىزهار ئۇرغان چاغدا لاف.
گەر هەمىيەت بولسە ئېردى يا ئۇيات،
بولماغاي ئېردى ئۇياتىڭدىن هەيات.
لىك چۇن نادانلىغىڭ غالىبدۇرۇر،
نەفس مۇنداغ يادەغە راغىبدۇرۇر.

## قارچىغاي نادان هالىغە هىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

كوهىنى تاغ ئىچرە بىر ئايىغ تۇتۇپ،
ئۆرگەتىپ ئېردى ئانى كۆپ قان يۇتۇپ.
رام بولغۇنچە يەپ ئېردى ئول ماماغ،
كۆندە ئىككى قاتلا ئۆلگۇنچە تاياغ.
ئاچلىغ بىرلە تاياغ يەپ بىهىساب،
ئىچۇ تاشىن ئەيلەبان بىنۇش تاب.
ئۆيلەكىم سالسە يىغاچ هەر چىرە دەست،
ئۆزگە سارى ئول بولۇپ تۇفراققە پەست.
هەم ئىشىكلەردە ئۇيۇنچىلىق قىلىپ،
هەم ئۆيى سارى ئوتۇنچىلىق قىلىپ.
يۆكلەبان ئىگنىگە بىئەندازە يۆك،

يۆك توشۇردىن قالمايىن ئىگنىدە تۆك.
هەر جەفاكىم مۇمكىن ئولغاي تارتىبان،
جەهلدىن نەفسىدە پىندار ئارتىبان.
گەه خەيال ئەيلەپكى قاپلان باشىنى
يانچى ئاتىپ مەكرو ئۇدۋان تاشىنى.
گەه گۇمان ئولكىم، يولۇقسە شەرزە شىر،
تۇئمە ئەيلەپ قارنىنى يارىپ دەلىر.
بۇ سىفەت تۇئمە خەيال ئەتتى بەسى،
تاكى ئاخىر بولدى ئىتلار تۇئمەسى.
هەر زەمان بۇ هەرزە قىلماقدىن گۇمان،
خەلق ئىچىدە سەن هەمانسەن، ئول هەمان.

## شۇنقارنىڭ ئايتغان ئۆزرى

دېدى شۇنقار: «كەي ئۇلۇسقە راهبەر،
ئەمرىڭە تابىئ بولۇپ ئاگاهلەر.
ماڭا هەق بىر رۇدبە زاهىر ئەيلەمىش،
بارچە قۇشلار ئۆزرە قادىر ئەيلەمىش.
بارچە قۇشلار چۇن مۇباهىدۇر ماڭا،

ئىسمى قۇشلار پادىشاهىدۇر ماڭا.
باشىمە ئالتۇن تۇماغە تاجى زەر،
چۇن مېنى هەق بۇيلا قىلمىش تاجۋەر.
سەن چۇ ۋاقىفسەن بارى هالاتىمە،
خەيل ئارا هەم زاتىمە هەم ئاتىمە،

خۇب ئەمەس بىر شەھ قويۇپ باشىغە تاج،
ئۆزگە شەھغە زاھىر ئەتمەك ئېھتىياج.
شاھلىغ ئايىنىغە راجىئ بولاي،
نېچۈن ئۆزگە شاھغە تابىئ بولاي».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى شۇنقارغە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي فەقىرى تىيرە راي،
بۇ خەياللىڭ زاتىڭە ۋەھشەتفەزاي.
بۇكى شەھلىقغە تەھەۋۋۇردۇر ساڭا،
بەس ئەجىب باتىل تەسەۋۋۇردۇر ساڭا.
ئەي بەسا زەڭگىكى، كەلدى تىيرە زات،
كىم ئاڭا خەلق ئېچرە كافۇر ئولدى ئات.
ئىسم ئارا سۇلتانۇ شەھ شايەندۇرۇر،
بۇ بارى ئەرزالغە ۋاقىئدۇرۇر.
ھەر كىشى ئەرمەن دەبان ئەرمۇ بولۇر،
كەلەس ئىشنى ئىلكىدىن دەرمۇ بولۇر.
قەۋمى نادانىكىم، دېگەيلەر سېنى شاھ،
بۇتنى يا ئوتنى دېگەندەكدۇر ئىلاھ.
زاتىڭە شەترەنجى شاھىدۇر ئەدىل،
كىم ئۆزىدەك ئوترۇسىدادۇر بەدىل.
نى شەھ ئولغايكىم، ئانى ھەر دۇنۇ خەس،
كۆككە ئېلتىپ يەرگە ئۇرغاي بىر نەفەس.
ئول شەھۇ سەن شەھ ئېرۇر بەھەد يىراق،
بۇيلا شەھلىغدىن گەدالىغ ياخشىراق.»

## شۇنقارنى دەردۇ ھالىغە ھىكايەت بىر سەبىل تەمسىل

خۇسرەۋى تەرھ ئەتتى بىر فەرخۇندە سۇر،
كىشۋەر ئەھلىغە ئەيان بولدى سۇرۇر.
ئاندا زىينەت ھەددۇ پاياندىن فۇزۇن،
ھەر نېكىم بولغاي گۇمان، ئاندىن فۇزۇن.
باغلادىلار مۇلكىن ئايىن سەر-بەسەر،
شەھر ئىلىدە زىيبۇ تەزيىن سەر-بەسەر.
سەنئەت ئەھلى باغلابان بىسيار تاق،
مېھرى رەخشان ئەۋجىدەك يۈزچار تاق.
تەئبىيە باغلاپ بەسى ئەھلى ھۇنەر،
تاپىپ ئاندىن مۇلكۇ كىشۋەر زىيبۇ فەر.
كۆپ ئەجۇبە زاھىر ئەيلەپ رۇزگار،
ئۆز فۇسۇنىدىن بولۇپ ئامۇزگار.
ھەر كىشى لەئبى قىلىپ كۈلمەك ئۈچۈن،
ئىشرەت ئارتىپ ھۇزن ئۆكسۈلمەك ئۈچۈن.
جەھد ئارا بىر قالتەبانى بەد ريا،
ئاتىن ئەيلەپ پادىشاھى بوريا.
بوريادىن سەر-بەسەر كىسۋەت ئاڭا،
ساغداقۇ قالقان بىلە رەئفەت ئاڭا.
ئۆزىدەك تاپىپ نەچە يارى سەرە،
يوق سەرە، نەچچە لەئىمى مەسخەرە.
بەزم مەيدانى ئۇلارغە جىلۋەگاھ،
زاھىر ئەيلەپ بىدئەتى ھەردەم تەباھ.
ئۆزنى شاھى كىشۋەرئايىن ساغىنىپ،
ھەر نې قىلسە ھەزل ئىلە، چىن ساغىنىپ.
چۇنكى ئاخىر بولدى سورۇ تەئبىيە،
تۇتتى ئول ئەبلەھ ئۆزىگە تەئزىيە.
چەتر ئىلە تاجىن باشىغە ئۇردىلەر،
بوريا تونىن بۇزۇپ كۆيدۇردىلەر.
بولدى بۇ ھەنگامەدىن ئاگاھلىغى،
كىم تەمەسخۇر ئېرمىش ئانىڭ شەھلىغى.

## بۇركۇتنىڭ ئۆزرى

كىردى بۇركۇت ئورتاغە، يەئنى ئۇقاب،
دېدى: «ئەي قۇشلار ئارا مالىك رىقاب!
ماڭا ھالەت ئۆزگە قۇشلاردەك ئەمەس،
قۇمرىيۇ بۇلبۇلدەك ئەل ۋەسفى ئەيلەمەس.
سەۋلەتىم مۇفرىددۇرور، قەھرىم يامان،
تاغ مۇلكى ئىچرە مەنمەن قەھرەمان.
نەچچە كەكلىك تۇتمەدۇر ھەر كۈن ماڭا،
بولماسە بۇ، ئۇيقۇ كەلمەس تۈن ماڭا.
تۇتمە ئىستەپ چۇن ھەۋا توتتۇم بىيىك،
ئەمدى ئېرمەسنى قۇلانۇنى كىيىك.
ئۇلكى بولغاي بوغزى بۇ يەگلىغ ئۇلۇق،
يول ئېتىپ قەتئ ئەيلەگەي بولماي ئوزۇق.
مېنى بۇ يولدا قانات كۆپ سالدى تۇت
قارنىم ئاچ ئۇلغاچ يىقىلىپ قالدى تۇت».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى بۇركۇتغە

دېدى ھۇدھۇد: «كەي خەدىۋى كامكار،
كۆرمەگەي بىر سەندەك ئەھلى روزگار.
ھەم يىگىتلىك ۋەسفى لايىق زاتىڭە،
ھەم مۇسەللەم پەھلەۋانلىق ئاتىڭە.
ھەيف بۇ مىنقارۇ چاڭگالىڭ سېنىڭ،
فەررۇ شەۋكەتلىك پەرۇ بالىڭ سېنىڭ.
سەنكى مەقسۇد ئىستەمەي بەد نەفسى دۇن،
ئەزم ئېتەردىن بۇيلا بولغايسەن ئۇزۇن.
ئازم ئولماي يولغە سەن ئاچماي قانات،
چاڭگۇ مىنقارۇ قاناتىڭدىن ئۇيات.
مۇنچە بىرلە ئۆزنى تەۋسىف ئەتكەسەن،
زورۇ شەۋكەت بىرلە تەئرىف ئەتكەسەن.
پەھلەۋانۇ قەھرەمان ئول بولدى ئول،
كىم كېچىپ جانىدىن ئەتكەن ئەزمى يول.

## بۇركۇت بەدنەفەس ھالىغە ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

بار ئىدى بىر پەھلەۋانى زورگەر،
بەھۇنەرلىغ فەننىدە ساھىب ھۇنەر.
چاشتگاھ يەر ئېردى ئون پاتمان تەئام،
يەنە مۇنچە ئەيلەر ئېردى قۇتى شام.
بۇ ئىكى ھەنگامەنىڭ مابەينى ھەم،
يانە ئانچە ئوتلار ئېردى بېسۇ كەم.
زورلار ئەيلەر ئىدىكىم فىلى مەست،
قىلسە تاپقاي ئېردى ئەندامى شىكەست.
قىلدى بىر كۈن ھادىساتى رۇزگار،
مۇلك ئارا نەۋئى بۇزۇغلۇغ ئاشكار.
ئۇيلەكىم بولغاچ ئەيان ئانداق بەلا،
ۋاجىب ئولدى مۇلك ئەھلىغە جەلا.
خەلق ئۆزگە مۇلك ئەزمىن ئەتتىلەر،
جان ئاۋۇچلاپ باش ئالىبان كەتتىلەر.
زورگەر ھەم ئەيلەدى ھەمراھلىغ،
يوق ئاڭا يول رەنجىدىن ئاگاھلىغ.
يول ئۇزۇنراق تۇشتىيۇ ئاباد يوق،
قىلغالى بەد نەفس ئەل نەفسىنى توق.
زورگەر چۇن تاپمادى بىر كۈن غىزا،
باشلادى ئۆز ھالىغە تۇتماق ئەزا.
چۇن ئىكىنچى كۈنگە يەتتى پەھلەۋان،
كەتمىش ئېردى جىسمىدىن تابۇ تەۋان.
چۇن ئۇچىنچى كۈنگەچە بىبەرگلىك،
ئەيلەدى زاھىر بەيابان مەرگلىك.
قەتئ ئېتىپ يولنى ياياق ئەتفال ھەم،
ھەر تەرەف ئىككى بۇكۇلگەن زال ھەم.

ئىككى-ئۈچ كۈن تارتىپان رەنجۇ ئەنا،
مەئمەن ئىچرە كاملار تارتىپ يانا.

پەھلەۋان تاپىپ بۇ مەنزەتتىن شىكەست،
ئۈيلا، كىم بولدى ئەجەل يولىندا پەست.

## كۈفنىڭ ئايتقان ئۈزرى

زاھىر ئەتتى ئەجز ئەھۋالىنى كوف:
«كىم ئىبرۇرمەن مەن زەئىفۇ، يول مەخۇف.
ئۆتكەرىپمەن ئۈمرىنى ۋەيرانەدە،
باشىمە يەمرۇككۈدەك كاشانەدە
بارچە ئەۋقاتىم ئۆتتۈپ ئەندۇھ ئىلە،
ماتەم ئەھلىدەك فىغانۇ دەرد ئىلە.
گەنج ئۈمىدىغە، فىغانلار كۆرگۈزۈپ،
لېك ئول ئۈمىد ئىلە ئۆزنى تۈزۈپ.
دەپكى، گەرچە تارتتىم ئۈمرۈمدە رەنج،
باك ئەمەس بىر كۈن نەسىبىم بولسە گەنج.
مەنكى گەنج ئۈمىدىدىن دىۋانەمەن،
كېچە-كۈندۈز ساكىنى ۋەيرانەمەن.
بۇ ئۈزۈن يولدىن مېنى تۇتغىل مەئاف،
مەن كىمۇ سىمۇرغ بىرلە كۈھى‌قاف»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى كۈفغە

دېدى‌ھۇدھۇد: «كەي ئىشىڭ مەكرۇھ ھىيەل،
قەسدى جانىڭ ئەيلەبان تۈلى ئەمەل.
يەر تۇتۇپ كۆڭلۈڭدە ئۈمىدى مەھال،
كىم ۋۇقۇئىغە، ئانىڭ يوق ئىھتىمال.
قىلمەسەل بىلغەرز تاپساڭ ھەم بۇ گەنج.
قىل خەيال ئەي ناتەۋانۇ غۇسسە سەنج.
كىم نې بولغاي بەھرەڭ ئاندىن جۇز بەلا،
ھەر دەم ئۆزگە غەمغە، بولماق مۇبتەلا.
ئول بەلالار ئىچرە بولماق خارۇ زار،
گەنج تۇتماق دۇشمەن ئىلكىدە قەرار.»

## كۈف بىغەيرەت ھالىغە ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

بار ئىدى بىر مۇلك ئارا دىۋانەئى،
كېچە-كۈندۈز مەسكەنى ۋەيرانەئى:
گەنج ئۈمىدى بىرلە ئۈمرىن ئۆتكەزىپ،
ھەر دەم ئول ۋەيرانە بىر يانىن قازىپ.
ئىتتىفاقا بەسكى چەكتى رەنج ئول،
بەختى بىر كۈن گەنجغە، باشقاردى يول.
بىر ئىشىك بولدى ئەيان نەقبى ئارا،
كىردى ئىبرسە بىر ئۇلۇغ ئىشرەت سەرا.
قىرىق خۇم ئاندا فەرىدۇن گەنجىدەك،
يوق فەرىدۇن، بەلكى قارۇن گەنجىدەك
كۆرمەكىدىن تەلبى ئەتتى تەركى ھۇش،
يەتتى ناگەھ بىر لەئىمى سەختكۇش
كۆردى ئول ۋەيرانەدە دىۋانەنى،
ھۇش زايل قىلغۇچى خۇمخانەنى.
كۆرمەي ئول مەجنۇننى مەھرەم چەكتى تىغ،
قانىنى گەنج ئۈزرە تۆكتى بىدەرىغ.
گەنج ئىبردى ئۈمرى ئانىڭ ۋايەسى،
باردى گەنج ئۈستىدە جان سەرمايەسى.

## هۇمايىنىڭ ئايتقان ئۇزرى

باشلادى ئۇزرىنى ساهىبفەر هۇماي،
دىدى: «ئەي سەرگەشتەلەرغە رەهنەماي.
ئاندادۇر ئىقبالدىن پايەم مىنىڭ،
كىم ئىرۇر بەختنى شەرەف سايەم مىنىڭ.
زاتىمە ئانچە شەرەف بەرسە ئىلاه،
كىم مىنىڭ سايەم گەدانى قىلسە شاه.
مەن يەنە شاه ئىستەمەك، يەئىنكى نى،
ئۇزنى رەنجۇر ئەيلەمەك يەئىنكى نى؟
قىلىداغىم خۇشراق هەۋايى جىلۋەگاه،
بەرمەگىم سايەمدە شەهلەرغە پەناه».

## هۇدهۇدنىڭ جەۋابى هۇمايغە

دىدى هۇدهۇد: «كەي سۆزۈڭ ئەفسانەئى،
كىم ئانى قىلغاي بەيان دىۋانەئى.
ئۇلكى ئاتىڭدا بەلاهەت چاغلامىش،
ساڭا بۇ يەڭلىغ شەقىقە باغلامىش.
كىم يىتەر سايەڭدىن ئەلگە شاهلىغ،
ساڭا باۋەر قىلدۇرۇپ گۇمراهلىغ.
شاهلار تەئرىخىكىم مەستۇر ئىرۇر،
قايسىنىڭكى ۋەسفىدە مەزكۇر ئىرۇر.
كىم ئانى شاه ئەيلەمىش سايەڭ سىنىڭ،
كىم ئىرۇر بۇ مۇددەئا ۋايەڭ سىنىڭ.
بۇ غەلەت ئەفسانە شاد ئەيلەپ سىنى،
بۇيلە فاسىد ئىئتىقاد ئەيلەپ سىنى.
قىلمەسەل بولدى بۇ دەئۋا راست هەم،
كەلسە سەندىن بۇ سىفەت بىخاست هەم.
بەرسە ئەلگە شاهلىغ هەيىي ۋەدۇد،
سەبىدىن ئۇل لافۇ گەزاف ئەمما نە سۇد.
تۇئمەڭ ئىستەدەك دەشت ئارا قالغان سۆڭەك،
تۇرفەراق بۇ ئىشكى، قاقشالغان سۆڭەك».

## هۇمايى خىردنەماي هالىغە هىكايەت بىر سەبىل تەمسىل

بىلگىل، ئەي باتىل خەيال ئىچرە ئەسىر،
كىم ئىرۇر هالىڭغە لايىق بۇ نەزىر.
شاهلى ئۇممانىدا سەۋدا پىشە خەيل،
بەهرى سەۋداسىدا سۇد ئەندىشە خەيل.
بەرسىلەر بەش ئۇن دەرەم، غەۋۋاسى دۇن،
بەهر ئارا سالۇر ئۇزىنى سەرنىگۇن،
جانىنى يۈز رەنج ئۇقىغە ئەيلەپ هەدەف،
بەهر قەئرىندە ئىلىكلەر بىر سەدەف.
ئۇل سەدەف ئىچرە ئەگەر مىڭ دانەدۇر،
يا مەگەر خۇد بىر دۇرى شاهانەدۇر.
كىم ئىرۇر ئۇل شاه تاجى رەۋنەقى،
ئاڭلا ئانى مۇزد بەرگەنىنىڭ هەقى.
تاجىر ئالىپ ئۇل سىفەت نەقدى ئەزىز،
ئەخز ئىتىپ غەۋۋاس بىر-ئىكىكى پەشىز.
ئۇل ئالىپ مۇزدۇ ساڭا ئۇل داغى يوق،
ئىت كەبى ئەيلەپ سۆڭەك نەفسىڭنى توق.
ئاقىل ئىرسەڭ كۆپ دىمە مۇنداغ گەزاف،
كىم سەراسەر بۇ سۆزۈڭ باردۇ خىلاف.

## ئۇردەكنىڭ ئايتغان ئۇزرى

ئۇردەك ئاغاز ئەتتى: «ئەي فەرخۇندە زات،
سۇ بىلە بولمىش ماڭا قايىم هەيات.
ئاندىن ئايرۇ مۇزتەرىبمەن قايغۇدىن،
ئۇيلەكىم تۇشكەي يىراق بالق سۇدىن.

www.uyghurkitap.com

چۇن سۇ ئىچرە زايىمقە تەسكىن بولۇپ،
پاكدامەنلىغ ماڭا ئايىن بولۇپ.
پاكلىغ چۇن سۇدىن ئەتتىم ئىكتىساب،
لايىق ئولدى ۋەسفىمە ھۇسنۇل ـ مەئاب.
بولماسام بىر لەھزە ئارىغ سۇ ئارا،
فورقەتىدە ئەيلەرەم يۈز ماجەرا.
مەۋجىدىن سەجادەسالەپمەن سۇدە،
كۆرگۈزۈپ مەقسۇد يۈزىن ئول كۆزگۈدە.
سۇدادۇر مەقسۇدۇمە چۇن يەتمەكىم،
بەس خەتادۇر ئۆزگە يان بەزم ئەتمەكىم».

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى ئۆردەككە

دېدى ھۇدھۇدكىم: «خەتا سۆز كەلدى بۇ،
كىم دېدىڭ، ئەي پاك يۈپ ئەقلىڭنى سۇ.
سۇغەكتىم سەجادە سالىپمەن دېدىڭ،
چۈغز ھالىدىن مەگەر غافىل ئىدىڭ.
پاك دامەنلىغ قىلىپمەن مەن دېمە،
ئۆزنى سۇدا غەيرى تەر دامەن دېمە.
پاك ئېسەڭ سۇغە نېدۇر چۆمماق ئىشىڭ،
كېچە ـ كۈندۈز غۇتە ئۇرماق ۋەرزىشىڭ.
فىسق تۇخمىن نەفسغە ئولكىم تارىر،
سۇ ئارا ھەر غۇتەكىم ئۇرسە ئارىر.
نې خىيانەتدۇر بىرۇر بىباكلىك،
كىم چۆمۈپتۇن ـ كۈن يەتىشمەس پاكلىك.
ئەر ئېسەڭ، ئالدىڭدادۇر بەھرى فەنا،
چۆمغىلۇ قىلغىل ئۆزۈڭنى ئاشنا».

## ئۆردەك نامەردەك ھالىغە ھىكايەت بەر سەبىل تەمسىل

ھىندۇ دەرياسىدا ئېردى تاجىرى،
سۇدۇ سەۋدا شۇمسىدە ماھىرى.
مايەئى سەۋدا دىماغىغە تۇشۇپ،
غەرقى بەھرى فىكر ئولۇرغە ياۋۇشۇپ.
تۇتمايىن ھېچ مۇلكدە ئون كۈن مەقام،
ئەيلەگەچ سەۋدا سۇغە ئەيلەپ خىرام.
يىللار ئەيلەر ئېردى بۇ يەڭلىغ سەفەر،
بەھرنى ئاڭلاپ ھەر ئافەتدىن مەقەر.
مەككە ئەترافىن سۇ ئىچرە ئايلانىپ،
فەرز ئەدا قىلماي يەقىن يەتكەچ يانىپ.
خەلقلەر دەپ:«بول مۇشەررەف ھەجغەھەم»
مەيل بەرمەي ئول تەرەف ھېرسى دىرەم.
تاكى بىر كۈن تۈشتى دەريا ئىچرە مەۋج،
كېمەلەر گاھى ھەزىزۇ گاھى ئەۋج.
بولدى تاجىربەچچە چۇن دەريادا غەرق،
لېك ئۆزىدەك مەقسەدى دەريادا غەرق.
بەرمەدى دەريا خەيالى ھەجغە يول،
تاكى بولدى بىر نەھەڭگە تۇئمە ئول.

## تاۋۇغنىڭ ئايتغان ئۆزرى

تاۋۇغ ئەتتى بۇيلە ئۆزرىن ئاشكار:
«كەي تۈيۈر ئىچرە ئەنسۇ تاجدار.
بىز ئىكەۋگە تاج روزى قىلدى ھەق.
لېك ھەربىرگە بىر ئىش بولدى نەسەق،
ساڭا ئەيلەپ راھبەرلىقنى ئەتا،
قىلدى قۇشلارغە ئەنىسۇ پېشەۋا.
ماڭا بەردى سەۋتۇ دىلكەش بەردەۋام،
ئەلنى تائەتغە تىلەرگە سۇبھۇ شام.
ئولكى مەخلۇق ئەتتى سۇبھى ھۇشۇ تەير،
بىزگە تەسكىن روزى ئەتتى، ساڭا سەير.

چۇن سەر ئامەد كەلدى ئۇلنكدىن خۇرۇس،
ھەق ئاڭا بەردى نەچە زىبا ئۇرۇس.
ئۇتتى ھەريان سەير قىلماقدىن مەئاڭ،
مەن كىمۇ سىمۇرغ بىرلە كوھقاف.»

## ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى تاۋۇغقە

دېدى ھۇدھۇدكىم«بۇ سۆز ۋەجھى ئەمەس،
ھېچ كىشى بۇ سۆزنى ھالىدىن دېمەس.
بار ئانىڭدەككىم قۇش ئاچاي بالۇپەر،
سىدرە شاخى ئۇستىدە ئەيلەر مەقەر.
كەلدى خىلۋەتگاھى ئانىڭ ئەنجۇمەن،
سەير ئېتەر لېكىن بىرى دائىم ۋەتەن.
ئەرش پەرۋاز ئولدىيۇ سىدرە نىشىن،
ئاڭا زاھىر ئەيلەمەي پەرۋاز ئىشىن.
ئېرمەس ئول سىمۇرغدىن ئايرۇ دەمى،
ۋەسلىدە كۆڭلىگە ئۆزگە ئالەمى.
يەتمەيدۇر جانىغە ھىجراندىن گەزەند،
سۇرەتى ۋەسلىدە ھەردەم نەقشبەند.
باشى ئۇزرە مەۋھىبى تاجى ئانىڭ،
جىلۋەگاھى ۋەسل مىئراجى ئانىڭ.
ۋەسلىدىن مەملۇ ۋەلې دەم ئاسرابان،
غەيردىن ھالىنى مۇبھەم ئاسرابان.
ۋەسلى يۈزىنىڭ دەردىدىن كۆڭلىدە خۇش،
لېك ئولۇپ ئاغزى سەدەف يەڭلىغ خەمۇش.
سەن قۇش ئېرمەسسەنكى، ئەي خارىج نەۋا،
ھەرزەگەردۇر ھەرزەگۇيى بىھەيا.
فىسقۇ مۇغرىز كېچە ـ كۈندۈز ۋەرزىشىڭ،
بىجەھەت غەۋغاۋۇ قىچقىرماق ئىشىڭ.
يۈز ياماندىغ بىرلە سەبقەت ئەيلەبان،
ياخشىلارغە ئۆزنى نىسبەت ئەيلەبان.
سۇستلۇغلار بىرلەكىم قىلدىڭ ئەيان،
دېمەگىل ئۆزنى خۇرۇس، ئەي ماكىيان.»

## قۇشلارنىڭ ئۆز نىسبەتلەرىنى ۋە سىمۇرغغە يەتمەكلەرىنى ھۇدھۇددىن سورغانلارى

ھەر بىرى ئۇزركىم قىلدى خىتاب،
بەردى ھۇدھۇد چۇن ئاڭا كافى جەۋاب.
نۇكتەدىن ئاجىز بولۇپ ئول لەھزە خەيل،
قىلمادىلار ئۆزگە ئۇزر ئايتۇرغە مەيل.
مەنتىقى ھۇدھۇددىن ئەتتىلەر سۇئال،
بارچەنى سەرگەشتە ئەيلەپ زەئف ھال:
«كەي سېنىڭ زاتىڭ رىياسەت گەۋھەرى،
باشىڭا لايىق ھىدايەت ئەفسەرى.
يەر ئارا قەتئى بەيابان ئەيلەگەن،
تەي مەسەللىك ئولچە ئىمكان ئەيلەگەن.
يول رىجاۋۇ خەۋفىنى بىلگەن تەمام،
خەۋف ئىسلاھىدا قىلغاي ئېتىمام.
بىز گۇرۇھى ئاجىزۇ زارۇ زەبۇن،
بارچەنى خار ئەيلەبان بەختى نىگۇن.
كۆڭلۈمىزغە بولماغان رەۋشەن بۇ راز،
جەھلىمىز كۆپدىن كۆپۇ ئىلم ئازدىن ئاز.
زەررەدەك سەرگەشتە ئەھۋالى ھەقىر،
ئول كەمال ئەۋجى ئۇزە مېھرى مۇنىر.
مەنزىلەتدە چەرخى ئەئلادىن رەفىئ،
فەسھەت ئىچرە ئەرشى ئەئزەمدىن ۋەسىئ.
ئول كېلىپ ئارتۇق توقۇز ئەفلاكدىن،
لېك بىر ئۆكسۈك بەسى خاشاكدىن.
بىزگە ئانىڭ بىرلە نىسبەت نې ئېكىن،
يا بۇنىسبەت ئىچرە ھېكمەت نې ئېكىن؟
شاھلار شاھى كېلىپ ئول پادىشاھ،
بىز گەدالارنىڭ گەدايى خاكى راھ.

www.uyghurkitap.com

بىزگە مەئلۇم ئەتكى بەس مەجھۇل ئېرۇر،
ئەقل ئانىڭ ئىدراكىدا مەئزۇل ئىرۇر.
بىز ھەقىرۇ ئالىي ئانىڭ ھەيرەتى،
قەترەنىڭ دەرياغە نېدۇر نىسبەتى؟»

## قۇشلارنىڭ سۇئالى، ھۇدھۇدنىڭ جەۋابى، سىمۇرغ زۇھۇرىدىن خىتابى

بەردى ھۇدھۇد قەۋمىغە مۇنداغ جەۋاب،
كىم: «ئۇشۇل شاھەنشەھى ئالىي جەناب.
گەنجى ئېردى لېك مەخفى زات ئاڭا،
ياشۇرۇن ھۇسن ئېردى كۆن مىرئات ئاڭا.
ئۆز زۇھۇرىن چۇن تەمەننا ئەيلەدى،
چىقتىيۇ ئەۋۋەل تەجەللا ئەيلەدى.
بۇ تەجەللىسى ئارا خۇرشىدۋار،
يۈز تۈمەنمىڭ سايە سالدى ئاشكار.
سايەكىم پاكىزە بولدى جىلۋەگەر،
ئەيلەدى ئۇل سايەغە كۆپرەك نەزەر.
بارچە ئالەم قۇشلارىنىڭ سۇرەتى،
بىلگىل، ئانىڭ سايەپەرۋەر ھېكمەتى.
جان مۇھەققەق بولدى بۇ ھىكمەت ساڭا،
بولدى تۈز سىمۇرغ ئىلە نىسبەت ساڭا.
بۇ ساڭا مەئلۇم چۇن بولدى يەقىن،
فاش قىلما رازنى، ئەي خۇردەبىن.
كىمگە بۇ كەشف ئۇلدى مۇستەغرەقدۇر ئۇل،
ھاشەلىللاھكىم، دېگەيسەن ھەقدۇر ئۇل.
ھەققە مۇستەغرەقنى بولماس ھەق دېمەك،
بولغاي ئانى ھەقغە مۇستەغرەق دېمەك.
سەنكى فەھم ئەتتىڭكى كىمكى سايەسىن،
ئۆز يەقىنىڭدا قەۋى سەرمايەسىن.
سايە ئىستەي بولماسە گەر جىلۋەگەر،
بىلكى سىمۇرغ ئولماس ئېردى سايەگەر.
ئۆزنى سىمۇرغ ئىستەسە ئېردى نىھان،
سايەسى بولماس ئىدى ھەرگىز ئەيان.
سايە ئەفكەنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن دەلىل،
سايە زاھىر بولماغىن تەھقىق بىل.
كۆزلەرىڭ سىمۇرغ بىن گەر بولماغاي،
كۆزگۈدەك كۆڭلۈڭ مۇنەۋۋەر بولماغاي.
كىمكى ئۇل يۈزنى كۆرەر گەر كۆز ئەمەس،
ھەرنەكىم دەر غەيرى ئارتۇق سۆز دېمەس.
ئىستەدى ھۇسنىغە ئاشىقلىقنى فاش،
كۆزگۈ پەيدا قىلدى ئانداغكىم قۇياش.
تاكى ئاندا جىلۋەئى ناز ئەيلەگەي،
ھۇسنىغە ئاشىقلىق ئىزھار ئەيلەگەي.
بولدى ئۇل كۆزگۈ كۆڭۈل، ئەي ئەھلى دىل،
كىم ھەق ئاندا جىلۋە ئەيلەر مۇتتەسىل.
ئۇل قىلىبان جىلۋەئى ھۇسن ئاشكار،
سەن كۆڭۈل بىرلە ئاڭا ئايىنەدار.»

## ئۇل پادىشاھ ھېكايەتىكىم، ئۆز ھۇسنىنى زاھىر قىلمۇرغە كۆزگۈنى ۋەسىلە قىلدى

بار ئىدى شاھى جەمال ئەۋجىدە ماھ،
ماھ پەيكەرلەر سىپاھ، ئۇل ئېردى شاھ.
قامەتىدىن سەرۋغە ئەفكەندەلىك،
ئارەزىدىن مېھرغە شەرمەندەلىك.
ئالەم ئاشۇبى كېلىپ رۇخسارەسى،
مۇھلىك ئۇل رۇخسارەنىڭ نەززارەسى.
ھۇسن غەۋغاسى جەھان ئىچرە تۈشۈپ،
ئىشقىنىڭ يەغماسى جان ئىچرە تۈشۈپ.
ئانچەكىم ھۇسنى جەھان ئارا ئاڭا،
يۈزمىڭ ئانچە نازۇ ئىستىغنا ئاڭا.

ھۇسنىدىن ئافاق ئارا غەۋغا ئىدى،
زۇلمەتىن مۇلكىگە يەغما ئىدى.
چىقسە گاھى ئاتلانىپ مەيدان ئارا،
سالسە ئېردى رەخشىنى جەۋلان ئارا.
ھەر كىشى ئالغە كەلسە ئول زەمان،
ھۇسنىنى كۆرمەك ھەمان، ئۆلمەك ھەمان.
بولمىش ئېردى ئۆلگەن ئەلدىن بەند يول،
سەير ئېتىپ يانغۇنچە جەۋلانگەھدىن ئول.
خەلق بىر ھەد قەتلدىن تاپتى مەلال،
ئەلگە يۈز كۆرگۈزمەكىن قىلدى خەيال.
كۆزگۈ ھۆكم ئەتتىكى، پەيدا قىلدىلار،
تەختى ئالىندا مۇھەييا قىلدىلارس.
قەسر ئالىندا ياساتتى مەنزەرى،
ئاندا نەسب ئەتتى چۇ رەۋشەن ئەختەرى.
ئۆزى ھۇسنىغە نەزەر سالۇر ئىدى،

بەھر ئەل ھەم ئەكسىدىن ئالۇر ئىدى.
تا بۇ يەڭلىغ كۆزگۈ تەرتىب ئەتمەدى.
ھۇسنىدىن نازىرغە بەھرە يەتمەدى.
ھەم ئۆزى ھۇسنىدىن ئولدى بەھرەۋەر،
بەھرە ھەم تاپتى ئاڭا قىلغان نەزەر.
سەن بۇ كۆزگۈنى كۆڭۈل قىلغىل خەيال،
كىم سالۇر ئەكسىنى ئاندا ئول جەمال.
قەسر تەن، ئاندا كۆڭۈلنى كۆزگۈ بىل،
كۆزگۈدە شەھ ھۇسنىنى نەززارە قىل.
بەرمەيىن ئول كۆزگۈگە ئەۋۋەل جىلا،
ئەكسىن ئاندا سالماغاي ئول پادىشاھ.
ئاڭلاغىل ئول ھۇسن ئەكسىن كۆزگۈدە،
سەن تەماشاسىدە تۇرغىل ئۇتروۇدە.
كۆزگۈ رەۋشەنراق نىچە قىلسە زۇھۇر،
زاھىر ئولغاي ئەكس ئاندا بىقۇسۇر.

## ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ئەلچىگەرلىككە بارغانى

«بىر كۈن ئىسكەندەر بۇ ئايىن ئەيلەدى،
ئەلچىلىككە ئۆزىنى تەئيىن ئەيلەدى.
ئەيلەدى سىمۇرغنى ئول نامۇەر،
ئول كەبۇتەرغەكى بولغاي نامەبەر.
باردى ئول كىشۋەرغەكىم باردى رۇسۇل،
ئەيلەدى ئاندا رۇسۇلانە نۇزۇل.
دېدى ئەلگە: بۇدۇر ئىسكەندەر سۆزى،
تۇرفە بۇ كىم ئېردى ئىسكەندەر ئۆزى،
ئەلچىلەردەك سۆز بەيان ئەيلەر ئىدى،
ئۆزى ئۆز ھۆكمىن ئەيان ئەيلەر ئىدى.
ئەل نە بىلسۇنلاركى ئىسكەندەردۇر ئول،
يوقكى قاسىد ھاكىمى كىشۋەردۇر ئول:
يەتكۈزۈپ ئەھكامى نامىرۇدنى،
ئەلگە قاسىد كۆركۈزۈپ مەقسۇدنى.
خەلقدىن مىڭدىن بىرى بىلمەي بۇ ھال،

كىم نېدۇر بۇ پەردە نەقشىدە خەيال.
سەن داغى شەھدىن قىلۇرسەن نۇكتەگۇش
ساغىنۇرسەن لېك ناقىلنى سۇرۇش.»
بىلدىلەر قۇشلارچۇ بۇ گۇفتارنى،
ئاڭلادىلەر پەردەدە ئەسرارنى.
بارى مەقسۇدىغە رۇخسەت تاپتىلار،
كامى مەتلۇبىغە ئۇلفەت تاپتىلار.
ئاشنالىغ سۆز بىلە ئول پېشەۋا،
قىلدى ئول بىگانەلەرنى ئاشنا.
قىلدىلار بارى يەنە ئاندىن سوئال:
«كەي بىدايەت ئەمرىدە ساھىب كەمال:
بىز كۇرۇھىمىز بەسى زارۇ زەئىف،
جىسم زارۇ تەن نىزارۇ تەن نەھىف.
ئىش ئۇلۇغدۇر يول يىراقۇ خەۋف كۆپ،
نېچۈك ئولغاي ئەزمىمىز بۇ يولدا خۇب؟»

www.uyghurkitap.com



## قۇشلارنىڭ يول كەيفىيەتىدىن سوئالى ۋە ھۇدھۇدنىڭ ئايتقان جەۋابى

بەردى ھۇدھۇد قەۋمغە مۇنداغ جەۋاب،
كىم: «يۇ يەڭلىغ ئاڭلاڭىز رايى سەۋاب.
كىم بۇ يولدا ئىشقدۇر كۆللى سىفەت،
ئىشق ئەھلىدىن يىراقدۇر مەسلەھەت.
كىمكى ئاشىقدۇر ئاڭا جاندىن نى باك،
كۇفر ئالىپ بەرمەك ئىماندىن نى باك.
گەر كېرەك ئاشىققە ئۆز جانانىدىن،
سەھل ئېرۇر كەچمەك جەھانۇ جانىدىن.
جان ئېرۇر ئاشىق يولىدا سەددى راھ،
ئۆيلەكىم بولغاي بىراۋ ئالدىدا چاھ.
فەرد ئېرۇر ئاشىق تەنۇ جاندىن داغى،
ئەقلۇ ھۇشۇ كۇفرۇ ئىماندىن داغى.
ئىشق ئالەم سوز ئېرۇر جان سوز ھەم،
شەۋق ئوتىدىن كۇفرۇ ئىمان سوز ھەم.
ئاشىق ئولغاي كەچتى نەڭگۇ نامدىن،
مىللەتۇ ئىماندىنۇ ئىسلامدىن
لازىمى ئىشق ئولدى شەۋقۇ شورۇ دەرد،
بەرق يەڭلىغ پۇيەدە گىتى نەۋەرد.
كىمگە دەردى ئىشق مۇستەۋلا دۇرۇر،
تەركى جان ئەتمەك ئاڭا ئەۋلا دۇرۇر.
كىمكى جانان سارىنىڭ ئاراسى بار،
جانغە ئافەت يەتسە نى پەرۋاسى بار،
ئىشق ئىشى غەم شامى دەردى سوزدۇر،
شەمئ ئاڭا ئاھى جەھان ئەفرۇزدۇر.
دەرد كەلدى ئىشق سوزىدىن نىشان،
دەرد بولماي ئاشىق ئولماس جان فىشان.
مۇترىبا، تۈز بىر سۇرۇدى دەردناك،
ساقىيا، بىدەردلىغدىن مەن ھەلاك.
دەرد جامىن تۇت مېنى زار ئەتكۈدەك،
ئىشق دەردى جانىمە كار ئەتكۈدەك.
تا ئانى نۇش ئەيلەبان جاندىن كېچەي،
ئەقلۇ ھۇشۇ كۇفرۇ ئىماندىن كېچەي.
كۇفردىن دەير ئىچرە مەئۋا ئەيلەيىن،
ئەزمى زۇننارى جەلىسا ئەيلەيىن.
پىرى دەير ئالىندا ئەيلەپ ئۆزنى مەست،
كۆيدۇرۇپ مۇسھەف بولايىن بۇت پەرەست.
ئىشق دەيرى ئىچرە ئەيلەپ ئۆزنى خاس،
جاننى ئىمان نەڭگدىن ئەيلەي خەلاس،
دەير ئارا ئەسمائۇ ناقۇس ئەيلەيىن،
بۇت سۇجۇدىدا زەمىن بۇس ئەيلەيىن.
بەلگە مەھكەم باغلابان زۇننارنى،
ئۆزدىن ئەيلەي شادمان كۇففارنى،

## ھەزرەتى شەيخ سەنئان رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ ئاشىق بولغان ھىكايەتى

شەيخ سەنئان ۋاسلى دەرگاھ ئىدى،
كۆڭلى غەيىب ئەسرارىدىن ئاگاھ ئىدى.
كەئبەدە ئەۋتاد ئىلە ئەقتاب ئارا،
ئۆيلە ئېردىكىم نەبى ئەسھاب ئارا.
خەلق ئىرشادىغە راسىخ ئېردى ئول،
كەئبەدە شەيخۇل ـ مەشايىخ ئېردى ئول.
ئاستانىنىڭ گەدايى شاھلار،
قۇللۇغىغە مۇفتەخىر ئاگاھلار.
ھەر دۇئاكىم قىلسە بىر غەمكىن ئۈچۈن،
قول ئاچىپ خەيلى مەلەك ئامىن ئۈچۈن.
چېھرەئى مەقسۇد ئانىڭ ئۈترۇسىدە،
جىلۋە ئەيلەپ كۆڭلىنىڭ كۆزگۈسىدە.
تۆرت يۈز ئاللىدا ئەسھابۇ مۇرىد،
ھەر بىر ئانداغكىم جۇنەيدۇ بايەزىد.

چەرخى ئەئلاغە شۇكۇھىدىن شىكەست،
ئەرشى ئەئزەم ھىممەتى ئالدىدا پەست.
دۇدى ئافەتدىن قارارىب ئالەمى،
يارۇبان يەتكەچ دۇئاسىدىن دەمى.
كىمكى بولسە ھەر بەلاغە مۇبتەلا،
ئول دۇئا قىلغاچ بولۇپ دەفئى بەلا.
ۋارىد ئەتتى ئەرشدىن پەيغامدەك،
ۋاقىئاتى ۋەھيى ئىلە ئىلھامدەك.
ھەرنە كۆرسە ۋاقىئە تەئبىر ئاڭا،
كۆركى نى - ئوق يۈزلەنىپ بىر - بىر ئاڭا.
نېچە كۈن بىر تۈش ئاڭا كۆرگۈزدىلەر،
رىشتەئى سەبرۇ قەرارىن ئۈزدىلەر.
ئويغانىپ ھالىغە ئىستىغفار دېدى،
يۈمسە كۆز ئول تۈشكە - ئوق تەكرار ئىدى:
كىم مەتافى ئېردى بىر بىگانە بۇم،
ئىستەسە مەئلۇم ئول بۇم ئىچرە رۇم.
ئاندا بىر دەير ئىچرە ئېردى زارۇ مەست،
مەستلىغىدىن دەير ئېلىدەك بۇت پەرەست.
كىمكە مەئۋائى ھەرەمدۇر يا كۈنىشت،
كۆرمەي ئولماس ئانچە بولمىش سەرنەۋىشت.
پاتراق ئول كىشۋەرغە ئەزم ئەتمەك كېرەك،
ھەر قايان تارتار قەزا كەتمەك كېرەك.
چۈنكى بولسە بىزگە ئول مەئۋا نەسىب،
باشىمىزغە ھەرنە كەلسە يانەسىب.
قىلدى چۈن ئۈز ھالىغ نەززارەئى،
تاپمادى بارماقدىن ئۈزگە چارەئى.
يۈز ھەرەمغە قويدى ساھىب ئىنقىتائ،
قىلدى يۈز ئاشۇب ئىلە تەۋفى ۋىدائ.
قىلدى چۈن مىڭ ئەجز ئىلە تەۋفى ھەرەم،
رۇم ئىقلىمى سارى قويدى قەدەم.
تاپتىلار ئەسھابى چۈن ئاگاھلىغ،
ئول سەفەردە قىلدىلار ھەمراھلىغ.
يولنى قەتئ ئەيلەر ئىدى سەيرى تەرىق،
تۆرت يۈز ئەھلى تەرىق ئېردى رەفىق.
شەيخنىڭ كۆڭلىگە سەۋدالار تۈشۈپ،
كىم ئۈزىن زايىئ قىلۇرغە ياۋشۇپ.
ھەر زەمان بىر نەۋئ ئولۇپ ئەندىشەسى،
يوق بىجۇز ئەندىشە ئانىڭ پېشەسى.
ھالىدىن ئەسھاب تەغيىر ئاڭلابان،
ھۇش ئىلە سەبرىنى بىر - بىر تاڭلابان.
خاسلار ئەيلەپ سوئال ئول ھالدىن،
ۋاقىف ئولماي ئول غەرىب ئەھۋالدىن.
كىم سوئالغە ۋەلى بەرمەي جەۋاب،
شەيخدىن كۆپرەك ئولاردا ئىزتىراب.
بۇ سىفەت يول قەتئ ئېتىپ مەقسەد سارى،
قايسى مەقسەد شىددەتى بىھەد سارى.
تا قەدەم قويدىلار ئول كىشۋەرغە تىز،
شەيخنىڭ كۆڭلىدە يۈزمىڭ رۇستەخىز.
ھەر نەفەس بىر بۇقئەنى ئەيلەردە سەير،
مەرزى ئولدى ناگەھان بىر تۇرفە دەير.
تاقى ئانىڭ چەرخ تاقى بىرلە جۇفت،
جۇفت تاقى ئىچرە كۆپ زارۇ نۇھۇفت.
تاشى ئەندۇھى بەلىيەت تاغىدىن،
كىرپىچى دەردۇ بەلا تۇفراغىدىن.
زىب ئىلە كاشىغە يۈز رەنجۇ تەئەب،
كۆرگۈزۈب يۈز نەۋئى نەقشى بۇلئەجەب.
غۇرفەلەردىن فىتنەلەر نەززارەگەر،
قىلغالى بىچارەگە يوق چارەگەر.
ئىشق ئەينىدىن يارۇق ھەر رەۋزەنى،
لېك ئول رەۋزەن بەلالار مەسكەنى.
كۈنگۈرىدىن رەخنەلەر نىمان سارى،
ئىشق شىنىنىڭ نەمۇدارى بارى.
تەئبىيە ھەر كۈنگۈرىدە تاشلار،
ئىشق تىغىدىن كېسىلگەن باشلار.
ئەھلى دىن باشىغە پەرران قىلغالى،
ئالەم ئۈزرە سەڭگى باران قىلغالى.
فىتنە خەيلىغە مەمەر دەرۋازەسى،
فىتنەگەر تاقى سىپىھر ئەندازەسى.
ھەلقەئى زەنجىردە يۈزمىڭ فۇنۇن،
ھەلقەئى سەۋداۋۇ زەنجىرى جۇنۇن.

ئىشق ئوتىدىن ئاندا يۈز ئاتەشكەدە،
ھەر بىرىدە يۈز تۈمەن سەۋدا زەدە.
دەير ئۈزرە تىيرە دۇدى ھەيئەتى،
زاھىر ئەيلەپ كۇفرۇ ئىسيان زۇلمەتى.
دەير مۇنداق كۆرمەيمىن تا قىلدى سەير،
كۇفرۇ ئىمان ئەھلىغە بىر تۇرفە دەير.
شەيخ جىسمىدىن بارىپ ئول يەردە تاب،
كۆڭلىنى بىتاقەت ئەيلەپ ئىزتىراب.
زەئىف مۇستەۋلى بولۇپ ھەردەم ئاڭا،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆزگە بىر ئالەم ئاڭا.
نازىر ئېردى ھەر تەرەف ئاشۇفتەۋار،
بىر تەرەف تۈشتى كۆزى بىئىختىيار.
مەنزەرى ئاندىن ئاسىلغان بىر تۇتۇق،
بىر قۇياشقە ئول بولۇپ قەۋسى ئۇفۇق.
يەلدىن ئول بۇرقەئ چۇ بولدى بەرتەرەف،
ئول قۇياش ئەنۋارى تۈشتى ھەر تەرەف.
بۇ قۇياشنىڭكىم قۇياش دىۋانەسى،
ھۇسنى شەمئى دەۋرىدە پەرۋانەسى.
پەيكەرى رۇھى مۇسەۋۋەردىن مىسال،
رۇھغە ھەرلەھزە ئاندىن ئۆزگە ھال.
ھۇر سۇرەتلىغ پەرىزادى ئەجەب،
گۇل جەبىنلىغ سەرۋى ئازادى ئەجەب.
رۇھنى ئاشۇفتە ئەيلەپ ھەيئەتى،
يۈز ئەجەب سۇرەتغە سالىپ سۇرەتى.
سۇرەتىدىن مۇنفەئىل ھۇرۇ پەرى،
تەلئەتىدىن ئافتابى خاۋەرى.
يۈزى نۇر ئەفشان ساچى زۇلمەت فىشان،
نۇرۇ زۇلمەت كۇفرۇ ئىماندىن نىشان.
يۈز ئۈزە زۇلفىن چۇ مۇشك ئەفشان قىلىپ،
زۇلمەت ئىچرە نۇرنى پىنھان قىلىپ.
ساچى نۇر ئەھلىغە زۇلمەت ئالەمى،
ئەھلى سەۋدانىڭ سەۋادى ئەئزەمى.
قاشى سەۋدايى ئۇلۇسقە ياڭى ئاي،
ياڭى ئاي دىۋانەغە ھەيرەت فەزايى.
قاشى تاقى ئىچرە ئافەتلىغ كۆزى،
دەير تاقىدا ئانىڭدەككىم ئۆزى.
كىرپىكى كۆز دەۋرەسىدە ھەر تەرەف،
فىتنە خەيلىدىن كۆزى دەۋرىدە سەف.
كۆزكى بولدى خالى ئانىڭ ئاستىدا،
نۇقتە يازىلغان بەلانىڭ ئاستىدا.
ئول بەلا ئاستىدا يۈز، ئۈستىدە خال،
ئىككىسىنىڭ نۇقتەسىدىن بىل ۋىسال.
غەيىب سىررىدىن بېرىپ ئاغزى نىشان،
ئۆزى غەيىب ئەھلىدەك ئەمما بىنىشان.
لەئلى جانى خەستەلەرنىڭ مەرھەمى،
تۇتقىدى ئىسايى رۇھۇللاھ دەمى.
ئول مۇفەررەھ مايەسى ياقۇت ئولۇپ،
بۇ نەفەسدىن خەستە جانغە قۇت ئولۇپ.
ھەم زەنەخدان دەۋرىدە يۈز جان ئەسىر،
چاھىدا يۈز يۇسۇفى كەنئان ئەسىر.
زۇلفىدىن سالسە چىقارۇرغە كەمەند،
كۆپرەك ئەيلەپ بۇ كەمەند ئول ئەلنى بەند.
تەۋقى غەبغەب ئول زەقەن ئاستىدا نۇن،
ئابى ھەيۋانغە ھۇباب ئەمما بىنۇن.
ھەم قەدىنىڭ نەخلىغە جان جىلۋەسى،
ھەم خىرامى ئابى ھەيۋان جىلۋەسى.
كۆز بىلە لەئلى ئەجەب سەنئەت تۈزۈپ،
ھەربىرىچە ئول ئۆلتۈرۈپ بۇ تىرگۈزۈپ.
جىسم گۇلگۇن كۆڭلەكى گۇل ئۈزرە گۇل،
كۆرمەكىدىن تابىسىز يۈزمىڭ كۆڭۈل.
كۆڭلەك ئۈزرە نەچچە ھۇللە رەڭگۇ رەڭ،
سەنئەتىدە جان چېكىپ رۇمۇ فەرەڭ
ھۇللە رەڭگى نىچەكىم قاتىل بولۇپ،
ئەتىرىدىن يۈز جان يەنە ھاسىل بولۇپ.
كافىرى قاتىل كۆزىگە بارچە كام
بۇكى، دىن ئەھلىغە سالغاي قەتلى ئام.
كىمكى ئەيلەپ ساچى زۇننارىن خەيال،
دىنۇ ئىمانىنى ئەيلەپ پايمال.
ھۇسن لۇتفى جان ئارا يەر تۇتقۇدەك،
بىر ئاياق سۇ بىرلە بەلكىم يۇتقۇدەك.

شۇئلەئى ھۆسنى سالىپ دەۋرانغە ئوت،
ئاتەشنى لەئلىدىن ئەمىا جانغە ئوت.
تاپىپ ئاتەشگاھى ئىشقىن ئەھلى ھوش،
پارسا سوزەندەۋۇ زۇھھاد كىش،
قەسر ئۆزە بۇ شەكىل ئىلە تەرسا قىزى،
بەل قوياش ئەيۋانىدا ئىسا قىزى.
شەيخىنىڭ كۆڭلىغە قىلغاچ ئۇيلە بەرق،
شۇئلە دەرياسىغە بولدى جانى غەرق.
ئاسرادى ئۆزنى كۆپ ئاستىغفار ئېتىپ،
ئاغزىدا «لا ھەۋل» نى تەكرار ئېتىپ.
شوخ ئاچقاچ شۇئلەئى رۇخسارىنى،
ئۆرتەدى «لا ھەۋل» ئىستىغفارنى.
بولمىش ئېردى جىسمى تۇپراققە نىگۇن،
بىردەم ئۇل ئويگە ئەسا بولدى سۇتۇن.
ئارقەسىن قويدى دەمى دىۋارغە،
ھەيرەت ئەيلەپ ئۇل غەرىب ئاسارغە.
ھەم ئەسا ھەم جىسمىغە يەتتى شىكەست،
ھالىدىن كەتتىۋ يەرگە بولدى پەست.
تۈشتى جانى پاك پەرجامىغە ئىشق،
كىردى قاندەك يەتتى ئەندامىغە ئىشق.
گاھى بىھال ئىردى گەھ ئۆز ھالىدا،
لال ئولۇپ ئەسۋاب ئانىڭ ئەھۋالىدا.
ھەيرەت ئىلەن بىر - بىرىگە باقىبان،
باش قويى ئەيلەپ، ئاۋۇچلار قاقىبان.
ھالىغە ئاخشامغىچە ھەيران قالىپ،
بەلكى ئۆز ھالىغە سەرگەردان قالىپ.
تۈن سەۋادى قىلدى چۈن كۈننى قارا،
زۇلمەتى كۇفر ئۇل سىفەتكىم دەير ئارا.
ئۇل قارا كۈن باشىغە كەلگەن قارى،
روزگارى ھەم قارى تابىشلارى.
قالدىلار مۇغ دەيرىنىڭ تۇپراغىدە،
قايسى تۇپراغكىم بەلىيەت تاغىدە.
شەيخىنىڭ ئاللىغە كەلدى بۇيلە تۈن،
كىم كىشى كۆرمەيدۇر ئاندا غ تىيرە تۈن.
كۆككە ياپىپ پەردەئى ئىدبارلار،

ھەريان ئەختەردىن قاقىپ مىسمارلار.
چەرخ ئەشكىن ئاقىزۇرغە دۇد ئېتىپ،
كۆكنىڭ ئەترافىنى قىر ئەندۇد ئېتىپ.
تاپىبان كەردۇن تەھەررۇكدى فەراغ،
ئورنىدىن تەبرەنمەي ئۇل يەڭلىغكى تاغ.
چەرخ دەرد ئەھلىغە بىداد ئەيلەبان،
تاغ - تاغ ئەندۇھ ئىچىندە قاينابان.
دەھرىنى ئۇل تاغلارغە ياشۇرۇپ،
يۈز تۈمەنىڭ تاشلار ھەم ياغدۇرۇپ.
كۆزلەرىن گەردۇن قىلىپ ئەختەر فىشان،
شەيخ ئەھۋالىغە ماتەمدىن نىشان.
بارچە دەھر ئەھلىغە بۇ ماتەم سەرا،
كىيدۇرۇپ ئانىڭ ئەزاسىدا قارا.
شەيخ مەزلۇمۇ گىرىپارۇ نەھىف،
تۈشىەگەن ئىش باشىغە تۈشكەن زەئىف.
ئىشق زالىم زۇلمىدىن ئاندا غ نىزار،
دەير تۇپراغىدا ياتىپ خارۇ زار.
ئىشق ياقىپ جىسم ئىلە جانىغە ئوت،
كۇفر سالىپ دىنۇ ئىمانىغە ئوت.
ئەشك ئارا ياتىپ ۋەلې ئاغزى قۇرۇپ،
كۆڭلى ئوتى شۇئلە ئاغزىدىن ئۇرۇپ.
ئىشق ئەيلەپ روزگارىن ھەم قارا،
تۈن خۇد ئەيلەپ يوقۇ بارىن ھەم قارا.
يۈز بەلا جانىغە چۈن بولدى نەسىب،
دەر ئىدى ھالىغە يىغلاپ ئۇل غەرىب:
«كىم بولۇر ھەرلەھزە رەنج ئەفزۇن ماڭا،
نې ئىدىكىم قىلدىڭ، ئەي گەردۇن ماڭا.
ئافىيەتدىن ئىشق سارى باشلادىڭ،
يۈز يانار ئوت ئىچرە بارى تاشلادىڭ.
كۆزگە ئۇل يۈز كۆرگۈزۈپ مېھرى مۇنىر،
ياشۇرۇپ غەم شامىغە قىلدىڭ ئەسىر.
قايسى شامى غەمكى كۆك جۇفى ئارا،
ئافەرىنىش ئارەزىن قىلدىڭ قارا.
دەۋرەمى غەم دۇدى ئالەمنى تۇتۇپ،
شۇئلەسىن كۆڭلۇم ئۆيىنى يارۇتۇپ.

ئەللا - ئەللاھ نې كېچەدۇر بۇ كېچە،
سەئىب مۇنداغ، يا رەب، ئۇلغايمۇ كېچە.
ئۆتكەرىپمەن كۆپ سۇئۇبەت كېچەلەر،
كۆرمەدىم مۇنداغ ئۇقۇبەت كېچەلەر.
تۈن ئەمەس دەۋرەخ ئوتىنىڭ دۇدىدۇر،
يافەلەكنىڭ ئاھى قىر ئەندۇدىدۇر.
بۇيلە تۈن، يا رەب، نەمۇدار ئولماسۇن،
ئاندا ھېچ ئادەم گىرىفتار ئولماسۇن.
بۇيلە، ئايا، تۈن بەلاسىنمۇ دەيىن،
ماڭا تۈشكەن كۈن بەلاسىنمۇ دەيىن؟
جىسمۇ ئەئزاۋۇ ھەۋاسۇ ئەقلۇ ھۇش،
ئىشقدىن بولدىلار ئانداغ پەردەپۇش.
كىم دېگەيسەنكىم بىرى مەۋجۇد ئەمەس،
ئىشق بىداددا جۇز نابۇد ئەمەس.
پەيكەرىمدە ئانچە يوق تابۇ تەۋان،
ئەشكدەك كويىدا بولغۇنچە رەۋان.
باشىمە قۇۋۋەت يوق ئانچە ئۇرغالى،
تاش ئۈزە غەم فەرتىدىن سىندۇرغالى.
كۆز قانى ئول ئاي يۈزىگە شالغۇچە،
ئول قۇياش ئەنۋارىدىن نۇر ئالغۇچە.
يۈز قانى سۇرتەرگە ئول دەرگاھغە،
قۇل تەزەررۇئ ئەيلەگەندەك شاھغە.
قول قانى كۆكسۇمگە خارا ئۇرغۇدەك،
باشىمە تۇپرغلار ساۋۇرغۇدەك.
ھۇش قانى ئەيلەگۈنچە ئۆزنى زەبت،
بەرمەگۈنچە يول دىماغ ئەۋلاگە رەبت.
قانى ئەقل بەتكۈنچە ئىش تەدبىرىنى،
قىلغۇچە ۋەيران كۆڭۈل تەئمىرىنى.
قانى سەبر ئەتكۈنچە دەردىم چارەسىن،
يادىدا قىلغۇنچە باغرىم پارەسىن.
غەم يېگۈنچە ھالىمە قانى كۆڭۈل،
كىم ئېرۇر ھالا ئۆلۈك سانى كۆڭۈل.
بىر نەفەس ئۇرغۇنچە بارى جان قانى،
كىم كۆڭۈلدەك ھەم تاپا ئالمان ئانى.
ماڭا بۇ يول نې بەلالىغ يول ئىدى،
ھەم نېكىم ئاندىن بەتەر يول يوق ئىدى.
كىش ھەرگىز بولماغاي ئېردىم تىرىك،
ئۆمرنى كۆرگۈنچە بۇ يەڭلىغ ئىرىك
نېتتى ئەسسە ئېردى بىر بەرقى خەتەر،
قويماسا ئېردى ۋۇجۇدۇمدىن خەبەر.
دوستلار نېتتى مەدەد يەتكۈرسەڭىز،
جەمئ ئولۇپ مەن زارنى ئۆلتۇسەڭىز.
تا قۇتۇلسە دەھر ئازارىدىن مېنىڭ،
دەھر ئېلى ئەففانۇ زارىمدىن مېنىڭ.
جانىمە، ئەسھاب، تىغى قەتل ئۇرۇڭ،
كۆيدۇرۇپ ھەريان كۈلۈمنى ساۋۇرۇڭ.
تا جەھاندا بۇيلە رەسۋا بولمايىن،
بىر ئۆلەي، يۈز قاتلە ھەردەم ئۆلمەيىن.»
ھالىغە ئەسھاب ھەيران يىغلابان،
ھەردەم ئانىڭ دەردىدىن قان يىغلابان.
جەمئ ئولۇبان ئول گۇرۇھى مۇستەمەند،
شەيخقە ھەر بىر بېرىپ بىر نەۋئ پەند.
شەيخ ئۇلارنىڭ پەندىنى پۇھم ئەتمەيىن،
نۇكتە مەئنىسىغە داغى يەتمەيىن.
ئەقل مىزانى بىلە قىلغان خىتاب،
ئىشق تەۋرىدە تاپىپ ئاندىن جەۋاب.
بىرى دەپ: «كەي مۇرشىدى ئەھلى يەقىن
خاكى راھىڭ سۇرمەئى ئەربابى دىن.
كىمسە يولىدا بولۇر بۇ ۋارىدات،
ئۆزنى زەبت ئەتكەن تاپار ئاندىن نىجات.»
دېدى: «ئەي فەرزەند، ئۆزلۈكۈم قانى،
تاكى مەن ھەم زەبت قىلغايمەن ئانى؟»
بىرى دەپكىم: «بۇ ئېرۇر شەيتان ئىشى،
زىكر ئىلە ئاندىن تاپار مەخلەس كىشى»
شەيخ دەپ: «جەمئىيەت ئاندا شەرتدۇر،
مەن پەرىشانمەن نى خاسىيەت بېرىدۇر؟»
بىرى دەپ: «كەي مۇقتەدايى ئەھلى راز،
بۇ بەلا دەفئىغە ۋاجىبدۇر نەماز.»
شەيخ دەپكىم: «ئورمە بۇ مەئنىدە دەم،
تەلبەدۇرمەن، تەلبەگە يوقتۇر قەلەم.»

بىرى دەپكەن: «قوپ تەھارەت ئەيلەگىل،
ئەلنى تائەتكە ئىشارەت ئەيلەگىل.»
شەيخ دەپ: «يوق كۆز ياشىدىن ئۆزگە سۇ،
قان كېلۇر ھەردەم باغىردىن كۆزگەمۇ.»
بىرى دەپكەن: «غۇسلى پاك ئەيلەپ كۆڭۈل
فارىغ ئەت غەمدىنكى، بۇدۇر توغرى يول.»
شەيخ دەپكەن: «غەرقەئى بەھرى بەلا
بولمىشەم، مەندىن نې ئىستەرسەن يانا.»
بىرى دەپ: «تەسبىھىگە مەشغۇل بول،
بۇ پەرىشان ھالدىن مەئزۇل بول.»
شەيخ دەپ: «تەسبىھ ئۈزدى تارىنى،
چەكدىم ئانداغ رىشتەئى زۇننارىنى.»
بىرى دەپ: «مىسۋاكىگە قىل ئىلتەجا،
ئاغزىڭە سالىپ كەتۇر سۇننەت بەجا.»
شەيخ دەپ: «مىسۋاك ئەگەر قىلسام ھەۋەس،
ئەجزۇ ھەيرەت بارماغى ئاغرىمدا بەس.»
بىرى دەپ: «سەھۋى ئەگەر تۇتتى ۋۇجۇد،
ئەچزىغە، توپراغ ئولۇپ قىلغىل سۇجۇد.»
شەيخ دەپكەن ئاقىزىپ قان - ياشنى،
«ئالىداغۇمدۇر بۇ ئىشىكدىن باشنى»
بىرى دەپكەن: «رۇمغە بولدى مەقەر،
كەئبەغە قىلماق كېرەك ئەمدى سەفەر.»
شەيخ دەپكەن: «ئاندا قىلغاننى تەلەب،
مۇندا تاپتىم نې چېكەي ئول يان تەئەب.»
بىرى دەپكەن: «يۈزلەنىپ سەھرا سارى،
ۋەقتىدۇر ئەزم ئەيلەسەڭ بەتھا سارى.»
شەيخ دەپكەن: «مۇندا تاپتىم ئانى مەن،
رۇم بارىندا نېتەي بەتھانى مەن؟»
بىرى دەپكەن: «چۇن سەفەر بولدى تەمام،
ئەيلەمەك خۇشتۇر ۋەتەن سارى خىرام.»
شەيخ دەپكەن: «گويىياكىم زۇلمەتەن،
بىزگە دەير ئەتكەندۇرۇر ئەسلى ۋەتەن.»
بىرى دەپ: «چۇنكىم مەشايىخقە بۇ ئىش
يەتسە، بىزگە ئەسرۇ يەتكەي سەر زەنىش.»
شەيخ دەپكەن: «يوق ئاللار بىرلە ئىشىم،

كىم خەرابات ئىچرەدۇر ئىستەر كىشىم.»
بىرى دەپكەن: «سىدق ھالاتىڭ قانى،
زۇھد ئىلە پاكىزە ئەۋقاتىڭ قانى؟»
شەيخ دەپكەن: «دەير ئارا ھالات ئېرۇر،
كىم تۇفەيلى بىرلە يۈز ئەۋقات ئېرۇر.»
ئول كېچە ئول قەۋم ئۇرۇپ كۆپ پىچۇ تاب،
شەيخ ئەھۋالىغە ئەيلەپ ئىزتىراب.
تەئنە ئەيلەپ، شەيخ پەرۋا ئەتمەيىن،
پەندلەر ئەيلەپ، بىرىگە يەتمەيىن.
تا سەھەر دەير ئەھلى غەۋغا ئەيلەبان،
ئەھلى دىن ھالىن تەماشا ئەيلەبان.
ھەزل ئېتىپ دىن ئەھلى ئايىنى بىلە،
كۆپ مۇباھات ئەيلەپ ئۆز دىنى بىلە.
ئەھلى دىن بىرلە تەمەسخۇرلار قىلىپ،
ئۆز تەرىقىغە تەفاخۇرلار قىلىپ.
تەڭ تۇتۇپ ئەندىشەئى كۇمراھ ئىلە،
«لات» لاسىن لائى ئىللەللاھ ئىلە.
ئول ئۇلۇسقە بۇ شەقاۋەت بىر سارى،
دەھر ئەھلىدىن شەماتەت بىر سارى.
شەيخ ئەسھابى بىلە ئەسھابى دەير،
خاھى شەردىن نۇكتە ئايتىپ خاھى خەير،
شەيخ دەير ئەسھابىغە ئىمداد ئېتىپ،
گەرچە دىن ئەھلىغە خىجلەتلەر يېتىپ.
تاڭ يارۇق بولغۇنچە مۇنداق تىرە ھال،
ئول مۇسۇلمانلارغە يەتكۇردى مەلال.
چۇن يارۇغلۇق تىيرەلىقنى قىلدى پەست،
چالدىلار ناقۇس خەيلى بۇتپەرەست.
چەرخ كۆركۈزدى قۇياش ئەنۋارىنى،
ئۆيلەلەكىم تەرسا قىزى رۇخسارىنى.
دەير ئەھلىغە ئۇزالدى ماجەرا،
شەيخ ئىشقى بىرلە ئەھۋالى ئارا.
كۇفر ئارا تۇشتى ئەجەب جەمئىيەتى،
دەير ئەھلى مىللەتىغەقۇۋۋەتى.
دىن ئىلىنىك خىجلەتى ھەددىن ئاشىپ،
شەيخنى تاشلاپ ئۇياتدىن تارقاشىپ.

شەيخ مەھزەل ئولدى دەير ئەتفالىغە،
كىم كۆلەرلەر ئېردى ئانىڭ ھالىغە.
ئول غەرىبۇ ئاشىقۇ زارۇ قارى،
يول ئۈزە ياتىپ كۆزى مەنزەر سارى.
باسىپ ئۆتكەنلەر قىلىپ ئىزا ئاڭا،
يوق ۋەلې يۈز ئانچەدىن پەرۋ ئاڭا.
مېھنەتىدىن غايىبۇ ھازىرغە رەھم،
شىددەتىدىن مۇئمىنۇ كافىرغە رەھم.
لېك تەرسازادەئى ئافاق سوز،
شەيخنى ئول نەۋئ قىلغان تىيرە روز.
دىن تەرىقىدىن مۇبەررا ئەيلەگەن،
كۇفر دەيرى ئىچرە رەسۋا ئەيلەگەن.
پەردەدىن ئەيلەپ نەزەر زارى سارى،
ياشۇرۇن باقىپ گىرىفتارى سارى.
غەفلەت ئەيلەپ چۈن كۆرۈپ پامالىنى،
ئۆزگە كەلتۈرمەي ئانىڭ ھالىنى.
قەسدى دىنۇ غارەتى جان ئەيلەبان،
لېك ئۆزنى گولۇ نادان ئەيلەبان.
فۇرقەتىدىن شەيخ جانى ئۆرتەنىپ،
بەلكى پەيداۋۇ نىھانى ئۆرتەنىپ.
كۈندۈز ئاخشامغىچە باغرى چاك ـ چاك،
كېچە تاڭ ئاتغۇنچە فۇرقەتىدىن ھەلاك.
ھەرنەفەس بىر ئايدىن ئارتىپ مېھنەتى،
بۇ ئىدى بىر ئايغە تەگرۇ ھالەتى.
چۈنكى ھەددىن ئۆتتى رەنجۇ دەرد ئاڭا،
تۇپراغ ئولدى جىسمى غەم پەرۋەرد ئاڭا
كافىرۇ زالىم سىرىدىشتۇ ئىشۋەگەر،
يانە ئول مەنزەردىن ئولدى جىلۋەگەر.
ئوت سالىپ ئالەمغە ھۇسنۇ نازدىن،
سوردى ئۆز ئەفتادەسىنىڭ رازدىن:
كىم: «ئايا ئىسلام ئېلىگە راھبەر،
دىنى ئىسلام ئەھلىغە ئىرشادگەر.
چۈن ساڭا كەئبە تەۋافى ئېردى فەن،
دەير ئىشكىدە نېدىن تۇتتۇك ۋەتەن؟
سېنى دەرلەر دىن ئېلىگە دەستىگىر،
كۇفر دەيرىغە نېدىن بولدۇك ئەسىر؟
مەنزىلىدە بىر كېچە ئەھلى سەفەر،
تۇتسە مەسكەن، ئاڭلاسى ئەيلەر گۇزەر.
شەيخىكىم بىر ئاي سۈكۈن فەن ئەيلەمىش،
دەير تۇپراغىنى مەسكەن ئەيلەمىش.
كۇفر دەيرىدە بولۇپ ئارام ئاڭا،
زۇلمەت ئەھلىدىن نې ئېركىن كام ئاڭا؟»
شەيخ كۆرگەچ ئول جەھان ئارا جەمال،
ئىستىمائ ئەتكەچ بۇ رۇھ ئەفزا مەقال.
جۇملە ئەئزاسىغە قويدى زەئف يۈز،
گەھ ئىگىلدى جىسمى گاھى بولدى تۈز.
ھۇش كېتىپ سوستايدى ئۆزدىن بىخەبەر،
جىسمىدا قالماي ھەياتىدىن ئەسەر.
دەھر ئېلى ئەيلەپ گۇمانكىم، ئولدى ئول.
مىڭ يىل ئۆلگەنلەر بىلە تەڭ بولدى ئول.
بىر كېچە كۈندۈز ئۆلۈكلەردەك ياتىپ،
ئول سەنەم ھالىغە باشىن ئىرغاتىپ.
ھالىغە ھەيران قالىپ كۇففار ھەم،
رەھم ئېتىپ ئول قاتىلى خۇنخار ھەم.
كەلدىلەر باشىغە ئەھلى كۇفرۇ دىن،
ئۇيلە كامىل ئىشقىغە دەپ ئافەرىن.
باشىنى تۇپراغدىن ئەيلەپ بىيىك،
قىلدىلار مەئلۇمكىم، ئېرمىش تىرىك.
ئىشقدىن ئەل كۆڭلىگە تەئسىر ئولۇپ،
ئول سەنەم ھالىغە ھەم تەغيىر ئولۇپ.
قويدى مەقتۇلى باشى ئۈزرە ئاياغ،
خەستەغە مەقسۇدى ئىسى تاپغاچ دىماغ.
ئاچتى ئول گۇلچېھرە رۇخسارىغە كۆز،
نې يۈزىدە رەڭگۇ نى ئاغزىدا سۆز.
مۇددەتى ئول نەۋئى كۈڭگۈ لال ئىدى،
نۇكتە سۈرمەكدىن تىلى بىھال ئىدى.
ھالىغە كەلتۈردى چون زەۋقى ۋىسال،
كافىرى زالىم يانا قىلدى سۇئال:
كىم «چۇ سوردۇق شەيخ ھالى سۇرەتىن،
ئاڭلالى دەپ ھالەتى كەيفىيەتىن.

زەرق ئىلە شەيخ ئۆزىنى بىھۇش ئەيلەدى،
نۇكتەدىن ئاغزىنى خامۇش ئەيلەدى.
ئولچە بىز ئەۋۋەل ئاڭا قىلدۇق خىتاب،
ئەمدى ئۆز ھالىدادۇر بەرسۇن جەۋاب».
شەيخ ئاھ ئۇردىيۇ بولدى ئەشك رىز،
دېدى: «ئەي كۆڭلۈمگە سالغان رۇستەخىز.
چۈن سورارسەن ئەرز قىلماي نەيلەيىن،
نې تەكەللۇف بىرلە پىنھان ئەيلەسىن.
مەخفى ئەسرارىدىن ئۆتۈپدۇر چۈن بۇ ئىش،
دەرمەن ئەمدى بەركىتىپ ئاغزىمغە تىش.
دەير ئارا بۇ نەۋئىكىم زار ئولمىشەم،
ئىشق بەندىغە گىرىفتار ئولمىشەم.
ھەر بەلا جانىمغەكىم كەلمىشدۇرۇر،
ئارەزىڭ كۆرمەك ئاڭا بائىسدۇرۇر.
تۇرفە مەنرەردىن چۇ ھۇسنۇڭ بولدى فاش،
ئۇيلەكىم تۆرتۈنچى مەنزەردىن قۇياش.
نې تەھەممۇل قالدى نې تاقەت ماڭا،
ئەقلۇ ھۇش كەتتى ھەم ئول سائەت ماڭا.
مۇجمەل ئۆز ھالىمنى ئىزھار ئەيلەدىم،
سېنى دەردىمدىن خەبەردار ئەيلەدىم.
چارەم ئەتسەڭ ھەم ساڭا ئاسان ئېرۇر،
قەتل قىلساڭ ھەم ھەياتى جان ئېرۇر.
ئۇيلەكىم ئەرز ئەيلەدىم ھالىمنى بىلم
سەن بىلۇرسەن قەتل قىل يا رەھم قىل.»
دېدى شوخ: «ئەي مۇرشىدى ئالىي سىفات،
ئەھلى ئىسلام ئىچرە يوق ئىرمىش ئۇيات.
سەن كەبى ئىسلام ئېلىگە مۇقتەدا،
نې پەرىشان نۇكتەلەر قىلدىڭ ئەدا.
نې ھەيا فەھم ئولدى سەندى نې ئەدەب،
سەن ئەجەب، دېگەن سۆزۈڭ سەندىن ئەجەب.
كىمكى بولسە ئەھلى ئىشق، ئەي پىشەۋا،
بىل ئانى بەھرى ئەدەب، كانى ھەيا.
بىتەھاشى سۆزلەمەك مۇنداق تەباھ،
تىفلىلەردىن كەلمەگەي، ئەي پىرى راھ.
شەيخلىق تەۋرىندە ئاتىڭ يوقمۇدۇر،
ئاق ساقالىڭدىن ئۇياتىڭ يوقمۇدۇر؟
چۈن ساڭا توتسانۇ يۈزگە يەتتى ياش،
ھەم قارى دېسە بولۇرمۇ سىنى ياش؟
ياش ئەمەسسەن قارىيۇ مەبھۇتسەن،
ئەقلۇ ھۇشۇڭ زايىلۇ فەرتۇتسەن.
ياش ئېسەڭ كىرمەيدۇرۇر ئەقلىڭ ھەنۇز،
قارىغان دېگەي خەزەفلىغدىن بۇ سۆز.
نې ئىبارەتلەر ئەدا قىلدىڭ دېگىل،
جىنسى ئىنساندىن بۇ كەلمەس بارى بىل.
ھېچ شەك يوقتۇر ماڭا، ئەي، بۇلھەۋەس،
كىم بۇ سۆزدە تىلۇ كۆڭلۈڭ بىر ئەمەس.
ئىشقنى مەخفى تۇتارلار ئەھلى راز،
فاش ئېتەردىن كۆپ قىلۇرلار ئېھتىراز.
خاسسە مەئشۇق ئالىدا قىلماق ئەيان،
بۇيلە تۇندۇ بىھىجاب ئەتمەك بەيان.
دەردى ئىشق ئايىنى مۇنداقمۇ بولۇر،
زۇھد ئېلى تەمكىنى مۇنداقمۇ بولۇر؟»
دېدى سۆزلەر مەھۋەشى فەررۇخ جەمال،
كىم ھەرىفىن زايىئ ئەتتى ئىنفىئال.
كۆپ خىجالەت بىرلە شەيخ نامراد،
دېدى: «ئەي ئىنسان سىفەتلىك ھۇرزاد.
ئىشقكىم زارۇ زەبۇن ئەتمىش مېنى،
ئەقل ئالىپ مەھزى جۇنۇن ئەتمىش مېنى.
ئەل نەھۇش ئەتكەي تەمەئ دىۋانەدىن،
يا ئەدەب سەۋدا بىلە ئەفسانەدىن.
گەر جۇنۇندىن بىتەھاشى سۆز دېدىم،
ئەفۋ قىلغىلكىم ئۆزۈمدە يوق ئىدىم.
چۈن نېكىم شەرھ ئەيلەدىم بار ئېردى راست،
مۇئتەرىفمەن ھەمكى قىلساڭ بازى خاست.
نې تەكەللۇف بىرلە سۆز دەي، ئەي نىگار،
چۈن تېنىم زار ئولمىشۇ كۆڭلۈم فىگار.
ئولچە بار ئىدىم، دېدىم سورغان زەمان،
نېچە ياشۇرسام ھەماندۇر سۆز ھەمان.
چۈنكى ئاشىقمەن، ئەمەسمەنمۇ دەيىن،
يار ۋەسلى ئىستەمەسمەنمۇ دەيىن؟»
شەيخ چۈن دېگەن سۆزىدىن يانمادى،

www.uyghurkitap.com

ئۆزر ئەفسۇن جانىبى ئايلانادى.
شوخ سەركەش دېدى: «ئەي جاھىل سىرشت،
رازى ئولساڭ ھەرنە ئولسە سەرنەۋشت.
كىم مېنىڭ ۋەسلىم تەمەننا ئەيلەمىش،
ئىختىيار ئەتمەك كېرەكدۇر تۆرت ئىش.
مەي ئىچىپ زۇننار دەۋر بولغاندا مەست،
كۆيدۈرۈپ مۇسھەفنى بولماق بۇتپەرەست.
ئىشقىنىڭ بۇ تۆرت ئېرۇر شۇكرانەسى،
يانە ئىككى ئىش ئېرۇر جۇرمانەسى.
كىم ئېرۇر بۇ تۆرت تەكبىرى فەنا،
ئۇل ئىكى بۇ تۆرت ئەفناسى يانا.
خوكبانلىغ كەلدى بىر يىل پايەسى،
بولماق ئاتەشگاھ ئوتى دىۋانەسى.
شەيخ ئەگەر بۇ دەير ئارا ئاشىق ئېسە،
ئىشنىڭ دەئۋاسىدا سادىق ئېسە.
بۇ ئېرۇر شۇكرانە ھەم جۇرمانە ھەم،
كۆپ بەلالار بارمۇ مۇندىن يانە ھەم.
گەر مېنىڭ ۋەسلىم ساڭا مەتلۇب ئېرۇر،
ھەمنىشىن بولماغلىقىم مەرغۇب ئېرۇر.
بۇ دېگەنلەرنى قەبۇل ئەتمەك كېرەك،
ۋەسل كويىدا نۇزۇل ئەتمەك كېرەك.
گەر ھەرىف ئېرمەسسەن ئۇشبۇ ئىشقە ھېچ،
يولغە ئەزم ئەت ئەرتە، كۆڭنى قىلمە كەچ.»
دېدى شەيخ: «ئەي خەستە جانىم ئافەتى،
ئۆرتەگەن كۆڭلۈمنى ئىشقىڭ ھىرقەتى.
شۇئلەئى شەۋقۇڭ ۋۇجۇدۇم ئۆرتەگەن،
بەرقى ئىشقىڭ تارى پۇدۇم ئۆرتەگەن.
مەن غەرىبۇ ئاشىقۇ دىۋانەمەن،
ھۇشۇ ئەقلۇ سەبردىن بىگانەمەن.
نېكى ھۆكم ئەتسە پەرى رۇخسارە يار،
ئاشىقۇ دىۋانەغە نې ئىختىيار.
ھەرنە مەتلۇب ئولسە، ھاكىم سەن بولۇر،
قىلماسام تىغى جەفا بويىنۇمغە ئۇر.»
شەيخ چۈن سۆزنى بۇ يەرگە قىلدى بەند،
قىلدى شومۇ بارچە دەير ئەھلى پىسەند.

دەير ئىچىن فىردەۋس ئايىن قىلدىلار،
كۆپ تەكەللۇف بىرلە تەزيىن قىلدىلار.
تۈزدە تەختى ئۆردىلار گەردۇن ئەساس،
زىينەتۇ زىيب ئاندا ھەددۇ بىقىياس.
شوخ تەرسا چىقتى ئاندا زەۋقناك،
شەيخ ئانى كۆرگەچ بولۇپ ھەردەم ھەلاك.
شەيخنى كەلتۈردىلەر مەجمەئ ئارا،
قىلغالى ئىمانى رۇخسارىن قارا.
بىر - بىرى بىرلە ئۆگۆلدى دەير ئېلى،
خاھ ئىقامەت ئەھلى خاھى سەير ئېلى.
بادە كۆپ - كۆپ ئاندا ھازىر قىلدىلار،
نۇقل كۆپ - كۆپ داغى زاھىر قىلدىلار.
سەۋتۇ ناقۇسۇ نەۋايى ئەرغەنۇن،
شەيخ دىنى ماتەمىغە تارتىپ ئۈن.
بولدى زاھىر ھەر تەرەفدىن بىر كەشىش،
كىم بۇ نەۋئ ئولمايدۇر ئېردى ھەرگىز ئىش.
شۇئلە كەلتۈردىلەر ئاتەشكاھدىن،
مۇسھەف ئىستەپ مۇرشىدى ئاگاھدىن.
چۈن مۇھەييا بولدى زۇننارۇ سەلىب،
قوپتى يۈز ئەفسۇن بىلە ئۇل دىلفەرىب.
تەختىدىن تۈشتى تۈمەن مىڭ ناز ئىلە،
كەلدى شەيخ ئالدىغە يۈز ئەئزاز ئىلە.
ئولتۇرۇپ بىر كورەگە جام ئەتتى نۇش،
كىم كۆرۈپ شەيخ ئەتتى تەركى ئەقلۇ ھۇش.
بادەدىن ساقىغە يۈزلەنگەچ تەرەب،
يانە پۇر قىلدى قەدەھنى لەب - بەلەب:
دېدى: «ئىچ لا جۇرئە، ئەي ئالى جەناب،
جۇرئەئى قالسە ھەم ئېرمەستۇر ھىساب!»
كامۇ ناكام ئالدى شەيخى ئىشقباز،
مەيىنكىم تۇتمىش ئىدى ئۇل دىلنەۋاز.
ساچىپ ئەشك ئۇل مەيىنى نۇش ئەتتەك چاغى،
يۇپ ئىلىك ئىمانۇ ئىسلامدىن داغى.
چەكتى ئانداغكىم باشىدىن چىقتى دۇد،
مەي ئوتىدا بولدى كۆل بۇدۇ نەبۇد.
شەيخقە چۈن تۇتتىلار مەي نەچچە دەۋر،

ئىشق پەرى باشلادى غۇلغۇلە زور.
بادە چۈن ھۇشنى داكار ئەيلەدى،
مۇددەئايى ۋەسل ئىزھار ئەيلەدى.
شوخ تەرسا سۆز بۇ نەۋئ ئەتتى ئەيان:
كىم شەرايىتدىن بىرى بولدى بەيان.»
دېدى شەيخ: «ئەي شوخ نې قالدى دېگىل،
ھەرنە مەتلۇب ئولسە مەندىن ئىستەگىل.»
دېدى مەھۋەش كۇفر ئېلى ئەشرافىغە،
بارى ماھىر كۇفر ئىلە ئەۋسافىغە.
كۇفرنى ئىمانغە تەقدىم ئەتتىلەر،
ئاگا ئول مىللەتنى تەئلىم ئەتتىلەر.
خىرقەئى ئىرشاددىن ئۇريان بولۇپ،
كىمكى ئول ھالەت كۆرۈپ گىريان بولۇپ.
بەردىلەر مەي ھەۋزى ئىچرە غۇسلى پاك،
غۇتە ئۇردى شەيخ ھەم بىۋەھمۇ باك.
كۇفر ئىلى خىلئەتلەرىن كەلتۈردىلەر،
شەيخغە باشدىن ئاياغ كىيدۈردىلەر.
بېلىگە مەھكەم تاقىپ زۇننارنى،
كافىر ئەيلەپ سالىكى ئەتۋارنى.
چەكتىلەر بۇتخانەغە خارۇ دىژەم،
مەست قىلدى سەجد بۇت ئاللىداھەم.
ھەم مۇلەممەئ خىرقەنى كۆيدۈردىلەر،
ھەم كەلامۇللاھنى ئوتغە ئۇردىلەر.
ھەم بولۇپ جامى دەمادەم بىرلە مەست،
ھەم قىلىپ مەستانە ئۆزنى بۇت پەرەست.
ھېچ رەسۋالىق جەھاندا قالمادى،
كىم ئانىڭ باشىغە گەردۇن سالمادى.
كەئبە سارى مۇشكىلىن ھەل قىلدى ئىشق،
دەير ئەتفالىغە مەنزەل قىلدى ئىشق.
ئوينابان دەير ئىچرە ئەتفالى فەرەڭ،
مۇقتەدايى دىن بىلە مەستۇ مەلەڭ.
بىردەم ئۆزنى بىلمەي ئول پەرخۇندە پەي،
ئۆزىگە كەلگەچ تۇتارلار ئىردى مەي.
مەستۇ لا يەئقەل ئىدى ئول تۈنۈ كۈن،
كىم نې كۈن مەئلۇم ئولۇر ئىردى نې تۈن.

ئاقىبەت چۈن ئىشق تۇغيان ئەيلەدى.
بىر سەھەر فەريادۇ ئەفغان ئەيلەدى:
«كىم، ئايا كۆڭلۈمگە سالغان ئىزتىراب،
خىلقەتىم مەئمۇرەسىن قىلغان خەراب!
ئىشقىم بۇنيادى بىداد ئەيلەگەن،
دىنۇ ئىمانىمنى بەرباد ئەيلەگەن!
كۇفر ئېلىنىڭ دىنى مۇنداقمۇ بولۇر،
ئەھدۇ قەۋل ئايىنى مۇنداقمۇ بولۇر؟!
بۇيلە ئەل كامىن رەۋا قىلماق كېرەك،
ۋەئدەگە مۇنداغ ۋەفا قىلماق كېرەك؟!
ھەرنې كۆڭلۈك ئىستەدى سوردۇڭ ماڭا،
يۈز تۈمەن بەرقى بەلا ئۇردۇڭ ماڭا!
قايسى كامىڭ ئېردىكىم يەتكۈزمەدىم،
قايسى شەرتىڭنى بەجا كەلتۈرمەدىم؟!
كىم ۋەفا ۋەقتى تەغا قولدۇر ئىشىڭ،
ۋەسل ئىشى ئىچرە تەكاسۇلدۇر ئىشىڭ.
ھەم غەرىبمۇ ھەم قارى ھەم خەستەمەن،
كۇفر زەنجىرى بىلە پا بەستەمەن.
كېچە - كۈندۈز مەيغە تۇتمىشسەن مېنى،
ۋەئدە قىلغاندىن ئۇنۇتمىشسەن مېنى.
ئۇيلە دەئۋىغە بۇ نەۋئ ئىسباتدىن،
قورقماسسەن بۇ مەناتۇ لاتدىن؟!»
شوخ تەرسا دېدى: «ئۇرما تەئنە كۆپ،
شەرتنى قىل ئەمدى ئىتمامىغە قوپ.
بولدى بۇ تۆرت ئىش ۋەتەن شۇكرانەسى،
ئىككى قالمىش ئىشقىنىڭ جۇرمانەسى.
بۇدۇرۇر جۇرمانە، ئەي فەخرى ئىزام،
كىم بۇ دەير ئەترافىدا بىر يىل تەمام.
خاتىرىڭنى سالمايىن ئىكراھىغە،
كېچە ئوت ياققايسەن ئاتەشگاھىغە.
كۈندۈز ئۆزنى تۇتماغايسىن ناتىۋان،
كىم توڭۇز كۈتمەككە بولغايسەن رەۋان.
تۈنغە تەگرۇ خوكبانلىغ قىلغاسەن،
ئول جەمائەتقە شۇبانلىغ قىلغاسەن.
يىل تۈگەنگەچ قىلغاسەن ئەزمى ۋىسال،

www.uyghurkitap.com



مەن مۇھەببىيا ئەيلەبان بەزمى ۋىسال،
كۇفر ئايىنى بىلە سۇر ئەتكەمەن،
ۋەسل ئىلە جانىڭنى مەسرۇر ئەتكەمەن.
گەر قويا ئالماس ئىبسەك بۇ يولغە گام،
ئىشق ئايىنىدا بولساڭ ناتەمام.
تەرك ئەيلەپ كوفرۇ دىن ئەيلەب قەبۇل،
دەيردىن كەت، كۇفردىن قىلغىل نۇزۇل.
نەچچە كۈن ئىشق ئەتكەنىڭنى مۇتتەسىل،
كىم مەي ئىچتىڭ، مەن ساڭا قىلدىم بەھىل.
ئەسكى كۈيگەن خىرقەدىن سەن داغى كەچ،
تارۇ پۇددىن تەككەللۇم قىلمە ھېچ.
ئەيلەسەڭ دەئۋى بەھاسىن داغى ئال،
يولدا خەرج ئەيلەرگە چۈنتەكىڭغە سال.
قىل گۇمانكىم بىزنى كۆردۈڭ، كۆرمەدىڭ،
يا ھەۋەس دەيرىغە مەركەب سۈرمەدىڭ.»
شەيخ سالغاچ مەھۋەش ئەلفازىغە گۇش،
ئىشق تۇغيان ئەيلەدى، چەكتى خۇرۇش.
دېدى: «ئەي جانىمدا ئىشقىڭ شىددەتى،
خاتىرىم ئارامى، كۆڭلۈم قۇۋۋەتى.
ھەرنې كامىڭدۇر، قۇلۇڭمەن ھۆكم قىل،
قىلماسام قەتلىڭدىن ئەل دەم سۆز دېگىل.
لېك مەزكۇر ئەيلەمە ھىجران سۆزىن،
ۋەسل نۇزھەتكاھىدىن ھىرمان سۆزىن.»
قوپتىيۇ دېدى: «سۇرۇۋكنى كەلتۈرۈڭ،
قويىنى چوپان جانىبىغە يەتكۈزۈڭ.
ھەم مەدەد ئەيلەپ مەنى گۇمراھىغە،
لۇتف ئېتىپ يول باشلاڭ ئاتەشگاھىغە.»
قوينى چوپانغە چۇ ۋاسىل قىلدىلار،
سوڭغى كامىن داغى ھاسىل قىلدىلار.
شەيخ كۈندۈز كەلىدىن ئاگاھ ئىدى،
كېچە مەنزىلگاھى ئاتەشگاھ ئىدى.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئوت ياقماق ئىشى،
كۇفر ئوتىنى رەۋشەن ئەتمەك ۋەرزىشى.
سۇبھ چىققاچ دەيردىن ناقۇس ئۈنى،
كىم يارۇر ئىردى قارا زۇلمەت تۈنى.
دۇد ئىلە كۆلدىن چىقىپ مەجنۇن مىسال،
كىم جۇنۇن كۆلخەنىغە قىلغاي پايمال.
ئۈن چېكىپ ناقۇس ئاھەڭگى بىلە،
كۇفر ئېلىنىڭ شىيۋەئى رەڭگى بىلە.
كەلتۈرۈر ئىردى توڭۇزلار سارى يۈز،
تەگرەسىدە يۈزدىن ئارتۇغراق توڭۇز.
ئول بۇ زۇلمەتقە گىرىفتارۇ ئەسىر،
قەۋمۇ خەيلىكىم ئىدى فەرمان پەزىر.
قىلدىلار كۆپ چارەۋۇ تەدبىر ئاڭا،
ئىبر سەرى مۇ قىلمادى تەئسىر ئاڭا.
مەخلەسىغە تاپمايىن ئىمكانغە يول،
تارقادى مەجمۇئى، يالغۇز قالدى ئول.
كەئبەدە مۇتتۇارى ئولدىلار بارى،
ھەر بىرى بارىپ ئۆياتىدىن بىر سارى.
شەيخقە بار ئىردى بىر فانى مۇرىد،
ئىشق جامىدىن ئۇرۇپ ھەل مىن مەزىد.
سالىكى قەتتى ئەيلەگەن كۆپ مەرھەلە،
ھادى ئول ئەزم ئەيلەسە ھەر قافىلە.
شەيخ ئەيلەر چاغدا كويا ئەزمى رۇم،
ئاڭا مەسكەن ئىرمىش ئۆزگە مەرزى بۇم.
چۇن سەفەردىن قايتىپ ئول فەرخۇندە پەي،
كەئبە ئەزمىغە مەراھىل قىلدى تەي.
يولدىن - ئوق كۆرگۈزدى ئەزمى خانقاھ،
شەيخ ئەترافىدا ئىستەي دەپ پەناھ.
خانقاھ ئىردى خەرابۇ پەرى يوق،
تۆرت يۈز ئەھلى ۋەرەئىدىن بىرى يوق.
ياخشى تەفتىش ئەتتى چۇن ئول ھالىنى،
دېدىلەر ئاڭا بارى ئەھۋالىنى.
رۇم سارى شەيخنىڭ ئەزم ئەتكەنىن،
ئاشىغە ئاندا نە ئىشلار يەتكەنىن.
چۇن خەلفە ئىردى شەيخ ئەسھابىغە،
كىمسەلەر تارقاتتى ئۆز ئەھبابىغە.
بارچەسىن جەمئ ئەيلەدى ھىممەت بىلە،
سوردى شەيخ ئەھۋالىنى دىققەت بىلە.
دېدىلەر ئىش بىرلە رۇم ئىرادىنى،

دېدىلەر تەرسا قىزى بىدادىنى.
ئىشق ئىچىدە بىقەرار ئولماغلىقىن،
ھالىدا بىئىختىيار ئولماغلىقىن
بادە ئىچمەك رىندۇ مەست ئولماغىنى ھەم
تەرك ئېتىپ دىن، بۇتپەرەست ئولماغىنى ھەم.
مەسكەن ئەتمەك داغى ئاتەشلىگاھىنى،
ئوتقە ھەم سالماق كەلامۇللاھىنى.
«كىم نېچۈك زۇننارنى تارتىپ تۇرۇپ،
باغلادى بېلىگە تۆرت ئايلاندۇرۇپ،
كېچە ئاتەشگاھ ئوتىن ھالا ياقار،
بولدى چۇن كۇندۇز توڭۇزلارنى باقار.»
دېدى ساھىب دەردۇ رىندى باخەبەر:
«كەي ھەمىيەتدە توڭۇزلاردىن بەتەر.
شەيخكىم پىر ئېردى-يۇ سىزلەر مۇرىد،
بارچەغە ئىرشادىدىن بىھۇد ئۇمىد؟!
قەسر ئارا شەرتى ئىرادەت كەلدى بۇ،
كىم نە قىلسە مۇرشىدى فەخۇندە خۇ.
خەيلى ئەسھابىغە تەشبىھ ئەيلەمەك،
تەگرىگە لېكىن تەۋەججىھ ئەيلەمەك.
گەر تەئەللۇق بولسە ۋەر تەجرىد ئاڭا،
ھەر نە قىلسە ئەيلەمەك تەقلىد ئاڭا.
سىز ۋەفاسىزلارغە فەقر ئەتۋارى ھەيف،
ئەھلى تەقۋا خىرقەۋۇ دەستارى ھەيف!
ئافىيەت ۋەقتى ئۇرۇپ لاپۇ گەزاف،
تۈشتى چۇن ئىش ئۆزنى تۇتقايسىز مەئاف.
شەيخىڭىزغە بىۋەفالىغ باشلابان،
قىبلەڭىز دەير ئىچرە يالغۇز تاشلابان.
تەگرىدىن يوق بىمۇ ئەلدىن يوق ئۇيات،
كىم بۇ ئىش تۈشكاندا قايتىپ بارچە پات!؟
كەلگەسىز ئۆز مۇفتەداڭىزنى قويۇپ،
خىزمەتىدىن بەلكى شەكلىدىن تويۇپ.
ئۆزنى تۇتقايسىز سەلاھ ئەندىش ھەم،
بىر - بىرىڭىزنى دەبان دەرۋىش ھەم.
زۇھدۇ تەسبىھۇ رىداڭىزدىن ئۇيات،
كەفشۇ دەستارۇ ئەساڭىزدىن ئۇيات!
بولسە ئېردى شەيخقە سەگبانلىق ئىش،
قىلسە ئېردى بىر نەچە ئىت پەرۋەرىش؛
چەرخدىن يەتكەندە بۇ يەڭلىغ جەفا،
كۆرمەگەي-ۇ ئېردى ئىتلاردىن ۋەفا.
بەئزى، كەتسە، بەئزى قالغايلار ئىدى،
ئۆزنى ئەترافىغە سالغايلار ئىدى،
خەسم بىرلە گەھ تۇتۇشقاي ئېردىلەر،
ماتەمىدە گەھ ئۇلۇشقاي ئېردىلەر.
ئادەمى بولسە ۋەفا ئاندىن يىراق،
ئىت ۋەفا بابىدا ئاندىن ياخشىراق.
سىزدە گەر بولسە ئىدى مەردانەلىق،
دەئۋىئى ئىخلاس ئارا فەرزانەلىق.
شەيخقە تۈشكەندە بۇ تۈرلۈك بەلا،
كىم بىرەۋ ئىشقىغە بولسە مۇبتەلا.
ئول ئۆزىگە ھەر جەفا قىلغان چاغى،
ۋاجىب ئېردى قىلماق ئانى سىز داغى.
زاھىر ئەيلەپ بارچەڭىز بىدەردلىغ،
كۆرگۈزۈپ فەقر ئىچرە يۈز نامەردلىغ.
لاف ئۇرۇپ ئەرمەن دېگەن ئەرمۇ بولۇر،
كەلمەس ئىشنى ئىلكىدىن دەرمۇ بولۇر؟!»
ھەرنەكىم دەپ ئول سۆزى جانلارغە قۇت،
سالىپ ئاغزىغە ئۇلار مۇھرى سۇكۇت.
قىلدى بۇ نەۋئى ئۇلارغە سەرزەنىش،
دېدى: «ئولتۇرماغ بىلە ئاچىلماس ئىش»
قوپتىيۇ قىلدى ئەزىمەت رۇمغە،
دىنۇ ئىمان سوز مەرزى بۇمغە.
ئول جەمائەت ھەم قىلىپ قولداشلىغ،
كامۇ ناكام ئەتتىلەر يولداشلىغ.
يەتتىلەر چۇن قەتئ ئېتىپ يازى يابان،
ئانداكىم بار ئېردى شەيخى خوكبان.
نې ئەسەر ئىسلامۇ ئىمان كىشىدىن،
نې نىشان ئەقلى سەلاھ ئەندىشىدىن.
ئاشىقۇ مەجنۇنۇ مەيدىن مەست ھەم،
دەردى بىخۇدلۇغ بىلە ھەمدەست ھەم،
تانىماي ئول خەيلىدىن قايتاردى يۈز؛

قىلدى يۈز ئۇل يانكى ئۇل خەيلى توگۈز.
سالىكى رەھرەۋ بۇ ئىش كۆرگەچ تۇرۇپ،
شەيخ ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلدى ئاھ ئۇرۇپ.
ئەشكى ھەسرەت تۆكتى كۆپ رۇخسارىغە،
دېدى باقىپ ئۇل جەمات بارىغە:
«كىم خۇدا، ئەھمەد سەناسىن ئايتىڭىز،
بۇ مەھەلدە تۇرماي ئەمدى قايتىڭىز.»
ئۈيلە شەيخى مۇرشىدى ساھىب كەمال،
خەير ئىشق ئاشۇبىدىن بولمىش نە ھال.
يانىبان شەھر ئىچرە تاپىپ مەئبەدى،
دەھر زۇلم ئەتكەن ئۇلۇسقە مەقسەدى.
تەڭرى دەرگاھىدا رىندى پاكباز،
كېچەۋۇ كۈندۈز تۆكەر ئېردى نىياز.
ئىش ئاڭا قىلماق مۇناجاتۇ دۇئا،
ئەيلەبان شەيخىغە مەخلەس مۇددەئا.
چۈن بۇ مەقسۇدىدا سادىق ئېردى ئۇل،
سىدقىغە ئولدەم مۇۋافىق تاپتى يول.
كۆپ دۇئا قىلدى چۇ ئەيلەپ ئىزتىراب،
تەڭرى ھەم قىلدى دۇئاسىن مۇستەجاب.
بىر كېچە ئەشكى نىياز ئەيلەپ رەۋان،
بولمىش ئېردى يەغلاماقدىن ناتەۋان.
سۇبھ بولغاچ زەئىفدىن بىھال ئۆزى،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە يايىلدى كۆزى.
دېدىكىم فەرخۇندە نۇرى بولدى فاش،
نۇر ئاراسىدىن تۇلۇئ ئەتتى قۇياش.
نې قۇياشكىم يۈز قۇياش ھەيران ئاڭا،
زەررەدەك مېھرىدە سەرگەردان ئاڭا.
ئەنبىيا خەتمى، رىسالەت خاتىمى،
سەييىدى ئالەم رەسۇلى ھاشىمى.
كىم كېلۇر ئېردى تەبەسسۇم ئەيلەبان،
لەئلى جان پەرۋەر تەكەللۇم ئەيلەبان.
چۈن بۇ نەۋئ ئولدى ئەيان ئۇل گەنجى راز،
يەرگە تۈشتى ناتەۋان ئەيلەپ نىياز.
«كەي رىسالەت مۈلكىدە ساھىب سەرىر،
لۇتف ئىلە ئەفتادەلەرگە دەستىگىر.

ھاجەت ئىرمەس ھاجەتىم قىلماق بەيان،
كىم ئېرۇر رەۋشەن زەمىرىڭغە ئەيان.»
دېدى يۈزمىڭ لۇتف ئىلە شاھى رەسۇل:
«كەي ئاچىلغان باغى ئۈممىدىڭغە گۈل.
سىدق ئىلە تۈز نىييەتىڭغە ئافەرىن،
سەئيى ئالي ھىممەتىڭغە ئافەرىن.
ئانچە زاھىر ئەيلەدىڭ ئەجزۇ نىياز،
كىم تەرەھھۇم بىرلە لۇتفى كارساز:
ئەيلەدى ئەجزۇ نىيازىڭنى قەبۇل،
نالەۋۇ سوزۇ گۇدازىڭنى قەبۇل.
تەڭرى مەخفى ھېكمەتى ئىزھارىدىن،
سەير دەشتىدە سۇلۇك ئەتۋارىدىن.
سالىك ئالدىدا قويۇپدۇر ۋارىدات،
كىم ئۆزىن قۇتقازماي ئاندىن يوق نىجات.
شەيخىڭىزغە ۋارىدى ئېردى قەۋى،
كۆرمەگەن ئانداغ بۇ يولدا رەھرەۋى.
ھەق نىجات ئەتتى كەرامەت شاد بول،
شۈكر ئەيلەپ قايغۇدىن ئازاد بول.
چۈن ساڭا يۈزلەندى كۆپ رەنجۇ تەئەب،
ھەق بۇ لۇتف ئەيلەرگە سەن بولدۇڭ سەبەب.»
شەرھ قىلدى چۈن رەسۇلۇللاھ بۇ راز،
شادلىغ ئەشكىن تۆكۈپ ساھىب نىياز.
چەكتى ھۇيۇ زايىل ئولدى ھۇش ئاڭا،
ئەجزدىن بولدى خىرەد مەدھۇش ئاڭا.
چۈن نەسىمى سۇبھ ئەستى مۇشكبىز،
بولدى تۈن مۇشكى ئۆزە كافۇر رىز.
ناتەۋاننىڭ كۆڭلىگە يۈزلەندى ھۇش،
سەكرەبان قوپتى تۈشۈپ مەغزىغە جۇش.
چۈن خۇدا فەرزىن ئەدا كۆرگۈزدى يۈز،
قوپتىيۇ قويدى خۇداۋەندىغە يۈز.
سوردىلار ئەسھاب ئاگەھ بولدىلار،
بارى ئۇل رەھرەۋغە ھەمرەھ بولدىلار.
پۈيە ئەيلەردە ئىدى ئاشۇفتە ھال،
سەبزەۋۇ سۇ ئۈزرە ئانداغكىم شەمال.
قەتئ ئەيلەپ گەھ نەسبۇ گەھ فەراز،

ئول مەكانغىچەكى شەيخى ئىشقباز.
شەيخقە هەم دەفئ ئولۇپ گۇمراهلىق،
يەتمىش ئىبردى غەيبدىن ئاگاهلىق.
گۇلشەنى تەۋفىقدىن ئەسكەن نەسىم،
كۆڭلىگە تەئسىر ئىتىپ ئىبردى ئەزىم.
تاشلاپ ئىبركەن كىسۋەتى كۇففارنى،
ئۈزمىش ئىبركەن باغلاغان زۇننارنى.
هەم خىجالەت ئەشكىن ئەيلەپ ئاشكار،
هەم چىكىپ ئاهۇ نەدامەتدىن شەرار.
كۇفر سالغان تىيرە كۆڭلىگە فۇتۇر،
يەتكۈزۈپ ئىبردى هىدايەت شەمئى نۇر.
بۇيلە هالەتدە يىتىشتى ئول گۇرۇھ،
كۆڭلىگە يەتتى ئۇلار يەتكەچ شۇكۇھ.
شەيخغە تەغيىر ئۇلار يەتكەن زەمان،
بولدىلار يۈز شۇكر ئەيلەپ شادمان.
دىيدىلەر: «كەي مۇرشىدى ساهىب ۋۇسۇل،
مۇژدەكىم بولدى مەدەدكارىڭ رەسۇل.
شەيخ چۇن ۋاقىف ئىدى ئول هالدىن،
سۆزلەدى خەيلىغە ئول ئەهۋالدىن.
قۇچتى ئىستەپ رەهرەۋى فەرزانەنى،
يەك جىهەتلىك بابىدا مەردانەنى.
دىيدى: «ئەي فەرخۇندە فەرزەندىم مىنىڭ،
رىشتەئى جانىمغە پەيۋەندىم مىنىڭ.
سىدق ئارا هالىڭنى تەغيىر ئەتمەدىڭ،
يارلىغ بابىدا تەقسىر ئەتمەدىڭ.
ئۆزنى نى تىل بىرلە ئەيلەي ئۈزرىخاھ،
كىم بۇ سىدقىڭ ئۈزرىنى قولغاي ئىلاھ.»
ساچىپ ئول هەم شادىمانلىغ ياشىنى،
پىر ئاياغىدىن كۆتەرمەي باشىنى.
بارچە ئەيلەپ ئىزتىرابۇ ئىزتىرار،
تاپقۇچە ئاشۇفتە خاتىرلار قەرار.
مۇتتەفىق بارى دىيدى: «كەي مۇقتەدا،
چۇن لەسىب ئەتتى بۇ دەۋلەتنى خۇدا.
بۇ خەتەرلىك بۇمدىن كەتمەك كىرەك،
كەئبە ۋادىسىغە ئەزم ئەتمەك كىرەك.

شەيخ كىيدى خىرقە، ئەيلەپ غۇسلى پاك،
بولدىلار ئەسهاب بارى رەۋقناك.
سىدقى بىرلە ئەيلەبان ئەزمى هەرەم،
بارديە قەتئىغە ئۇردىلار قەدەم.
شەيخ چۇن ئەزم ئەيلەبان بەتها سارى،
كەلدۈك ئەمدى مەهۋەشى تەرسا سارى.
ناز ئۇيغۇسىدا ئىبردى ئول پەرى،
كۆردى تۈشكىم ئىندى مىهرى خاۋەرى.
شوخقە يەتكۈزدى ئىيسادىن پەيام:
«كەي ۋەفا بابىدا خامۇ نانەمام.
شەيخى سەنئان مۇرشىدى ئەهلى زەمان،
كىم سىنىڭ دەيرىڭغە بولدى مىهمان.
مىزبانلىغىنىڭ تەرىقىن بىلمەدىڭ،
ئۇيلە مىهمانغە نىيلەركىم قىلمادىڭ.
دەيرىنىڭ مىهمانلىغىن تەرك ئەتتى ئول،
مىزبانلىقغە هەرەمغە كەتتى ئول.
پات يىتىپ بولغىل مۇشەررەف دىنىغە،
ئۈزرە دەپ كىرگىل ئانىڭ ئايىنىغە.
ئۇيقۇدىن ئويغاندى چۇن تەرسا قىزى،
بولماق ئىستەپ شەيخ ئاياغىنىڭ ئىزى.
كەلدى نى قىلغانلارى چۇن يادىغە،
تۈشتى ئوتلار خاتىرى ناشادىغە.
ئاه ئۇرۇپ قوپتىيۇ قىلدى يولغە ئەزم،
كەئبە ئەهرامىغە ئەيلەپ ئۆزنى جەزم.
ئەشكدىن ئەنجۇم تۆكۈپ گەردۇن كەبى،
يىغلابان لەيلىۋەشى مەجنۇن كەبى.
تىز بارۇر ئىبردىكى بارغا سارى ئەل،
ئەيلەگەندەك تازە گۇل بەزگىنى يەل.
سالۇر ئىبردى گامىنى بىهالۋەش،
چەرخ ئانىڭ قىلغانلارىدىن كىنەۋەش.
تا بەيابان ئىچرە ئاشتى شىددەتى،
غالىب ئولدى ۋەهمۇ بىيمۇ هەيرەتى.
زەئفى ئاجىزلىق ئاڭا كۆرگۈزدى يۈز،
كىم نىهايەتسىز ئىدى ۋادىئى تۈز.
دىيدى: «يا رەب ئاجىزۇ سەرگەشتەمەن،

كۆزۈ كۆڭلۈم قانغە ئاغۇشتەمەن.
ئاجىزۇ بىچارەدۇرمەن رەھم قىل،
بىكەسۇ ئاۋارەدۇرمەن رەھم قىل.
گەرچە جۇز جۇرمۇ گۇناھىم يوق مېنىڭ،
سەندىن ئۆزگە ھەم پەناھىم يوق مېنىڭ.»
يالغۇزۇ بىكەسلىكىكە يىغلادى،
چارەسىز بىلمەسلىكىكە يىغلادى.
نازەنىنغە ئانچە شىددەت بەردى دەست،
كىم قىلىپ زەئىف ئولدى تۇفراغ ئۆزرە پەيست.
چۇن يىقىلدى ھۇشى زايىل بولدى پاك،
ياتتى تۇفراغ ئۆزرە خارۇ دەرد ناك.
كەشف بولدى شەيخ ئالىي جاھغە،
ھەم مۇرىدى رەھرەۋى ئاگاھغە.
بۇيلە ئىشكىم قويدى يۈز مەھۋەش سارى،
قايسى مەھۋەش، ئاجىزۇ غەمكەش سارى.
ياندى شەيخۇ رىندى بالا دەست ھەم،
ئول گۇرۇھ ئىچرە بەلەندۇ پەست ھەم.
غافىل ئەلنىڭ ھەر بىرىدە يۈز خەيال،
كىم نې ئېركىن، يا رەب، ئول يانماققە ھال.
تاكى يەتتى شەيخ ئىلە ئول ئەھلى راز،
ئانداكىم ياتمىش ئىدى ئول سەرۋى ناز.
گەرچە شەيخ ئول ئىشتا كۆڭلىن سالمادي،
يىغلاماقنى لېك ئاسرايالمادى.
نازەنىن باشىن قويۇپ قويىنىغە تېز،
يۈزگە بولدى كىرپىكىدىن ئەشك رىز.
چۇنكى گۇلبەرگ ئۆزرە ساچىلدى گۇلاب،
نەرگەس ئاچىلدىكى ئېردى مەستۇخاب.
شەيخنىڭ قويىندا كۆرگەچ باشىنى،
تۆكتى رۇخسارىغە ھەسرەت ياشىنى.
زەئفدىن ئاھىستە چىقتى نالەسى،
يۈز ئۈزە ساچىپ چېكەر پەرگالەسى.
دېدى: «ئەي تەقۋى شىئارۇ دىن پەناھ،
قايسى تىل بىرلە بولايىن ئۆزر خاھ.
تاش ئاتار تىفلى لەئىمۇ شۇم بەخت،
سايە سالۇر باشىغە ئالىي دەرەخت.

باش چېكىپ گۇلشەندە يۈزمىڭ نەۋكى خار،
گۇل ئاچىپ ھەر خاردىن ئەبرى بەھار.
گەرچە جۇرمۇم ھەددۇ پايانىدىن فۇزۇن،
لۇتفۇ ئېھسانىڭ سېنىڭ ئاندىن فۇزۇن.
بىئەدەبلىغلەركى قىلدىم بىلمىشەم،
ئەفۇىڭ ئاللىغە سىيەھ رو كەلمىشەم.
ھەرنىكىم قىلدىم يامان، قىلدىم يامان،
مەن يامان ئىشىم يامان، دىنىم يامان.
دېگەي ئېردىم ھەزرەتىڭدە ئانچە راز،
ئۆمر ئېتەر تەئجىلۇ فۇرسەت داغى ئاز.»
زاھىر ئەتتى شەۋق ئىسلامىنى ھەم،
ئىيسا رۇھۇللاھ ئىئىلامىنى ھەم.
دېدى: «قىلدىم ھەرزە گۇفتارىمنى بەس،
ئەرزە قىل ئىمانكى قالمىش بىر نەفەس.»
شەيخ ئەشك ئەيلەپ رەۋان رۇخسارىغە،
ئەرزى ئىمان ئەتتى تەرسا يارىغە.
ئاشنالىغ تاپقاچ ئىماندىن نىھان،
ئاھ ئۇرۇپ شەيخ ئاللىدا تاپشۇردى جان.
سالدى ئەھلى دىن ياقى غەۋغا يەنە،
چەكتىلەر فەريادۇ ۋاۋەيلا يەنە.
كۇفر ئىلە دىن ئىچرە فەھم ئولدى سەبەب،
بۇلئەجەب ئىش زاھىر ئولدى بۇلئەجەب.
ئىشق ئارا بۇ نەۋئ ئۇلۇر ئەئجۇبە كۆپ،
كۆرگۇزۇپ ئەئجۇبەلىغ مەنسۇبە كۆپ.
ئىشق بەھرىدۇركى يوق پايان ئاڭا،
ھەر ھۇبابى گۇنبەزى گەردان ئاڭا.
ئالەمىدۇر ئىشق لېكىن بەس ۋەسىئ،
تارەمىدۇ ئىشق لېك ئەسرۇ رەفىئ.
چەرخنى ئەيلەر شەھاب ئاندا نىگۇن،
پەششە ئەيلەر ئاندا ئەنقانى زەبۇن.
ئىشق ئوتىدىن يەتسە ناگەھ بىر شەرەر،
يەتكۇرۇر يۈز بەرقدىن كۆپرەك زەرەر.
بەھردىن بىر قەترە ئەيلەپ بىھىجاب،
دەھرنى سېلى بەلا بىرلە خەراب،
ئىشق تىغى قىلسە يۈزمىڭ قەتلى ئام،

نې قىساسۇ نې دىيەت، نې ئىنتىقام.
كۆر تەئەججۇب ئىشقىنىڭ بوستانىدىن،
ئابۇ رەڭگى بىگۇنەھلەر قانىدىن.
ئۇرسە بىر كىرپەك تۈمەن مىڭ جانغە نىش،
بىلكى بۇدۇر دىلبەرى قاتىلغە كىش.
زايىل ئەيلەر نۇقتەئى زايىدە مىسال،
يۈز تۈمەن كۆز مەردۇمىدىن ئۆزگە ھال.
ئىشق مۇلكىدە گەداۋۇ شاھ بىر،
تۇرفە بۇكىم رەھبەرۇ گۇمراھ بىر.
ئىشق ئارا دەردى بەلادىن ئۆزگە يوق،
زۇلمۇ بىدادۇ جەفادىن ئۆزگە يوق.
شەيخنى ئانداغكى شەيدا ئەتتى ئىشق،
ئالەم ئەھلى ئىچرە رەسۋا ئەتتى ئىشق.
سوڭرە مەندەك سالەدى غەۋغاسىنى،
كىمسە كۆڭلى مۇلكىگە يەغماسىنى.
ھالىم ئاندىن كىمسە گەر ئارتۇق دېمەس،
ئارتۇق ئېرمەس بولسە ھەم ئۆلسۈك ئەمەس.
كەل نەۋائى، سۆزنى ھالا خەتم قىل،
ئىشق ئارا ئىزھارى دەئۋا قىلماغىل.
بىر نەچە كۈن ئۆمرىدىن تاپسام ئەمان،
شەرھى ئىشقىم نەزم ئېتەي بىر داستان.
ئاندا بىلگەي كىمكىم ئىنسافدۇر،
كىم سۆزۈم چىنمۇدۇرۇر يالافدۇر.
شەيخقە ئەلقىسسە چۈن يەتتى فەراغ،
دەير ئىشىدىن كەئبەغە ئەيلەپ ياراغ.
يارنى دەفن ئەتتى ئىشق ئەيۋانىدا،
دىنۇ ئىمان ئەھلى گورىستانىدا.
كەئبەدىن ئانداغكى قىلدى ئەزمى دەير،
دەيردىن ھەم كەئبەغە كۆرگۈزدى سەير.
تەڭرىگە ئەرز ئەتتى ئۆزرى مامەزا،
تا ئانى ھەم يارىغە قوشتى قەزا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(بېشى 78 - بەتتە)

زىنى ۋە بۇ خىيالىي نەقىشنىڭ سىزىلىش جەريانىنى كامىل دانىشمەنلەردىن سورىدى ئۇلار پادىشاھقا:

— ئەڭ ياخشىسى بىر ئەقىللىق دانا ئەلچىنى بىر بۆلۈك سوۋغا - سالاملار بىلەن بىرگە مۇھەببەت ۋە مەقسەت مۇددىئا پۈتۈلگەن بىر پارچە خەتنى قوشۇپ بەھەرەۋەر بانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەك، ئۇستىلىق ۋە ناتىقلىق بىلەن بۇ گۆھەر ئۈمىدىمىزنى غەلىبە يىپلىرىغا تىزىپ، ئۈمىد يىپلىرىنى قولغا ئېلىپ مەقسەتنى ھاسىل قىلساق،— دېدى. پادىشاھقا ۋەزىرلەرنىڭ بۇ توغرا مەسلىھەتى ئورۇنلۇق كۆرۈنۈپ، بىر خۇشخەتلىك كاتىپقا گۆھەر مەقسەتلىرىنى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋە تەلەپكە لايىق ھالدا سىزىپ گۈلگۈن سابا تەبىئەتلىك قەلىمىنى بالاغەت ۋە پاساھەت مەيدانىدا جەۋلان قىلدۇرۇشنى بۇيرۇدى. سېھىرگەر كاتىپ پادىشاھ كامكارنىڭ پەرمانى بىلەن مۇشكى قەلىمىنى قولغا ئېلىپ خوجىنىڭ ئەمىر - پەرمانىنى جان دىلى بىلەن بەجا كەلتۈرگۈچى خىزمەتكارغا خاس تەبىئىتى بىلەن، ئاق رەڭلىك قەغەزنىڭ ئۈستىدە قەلەم ئويناتىپ، قەلەمنى بۇلبۇلدەك قەغەز ئۈستىدە ئاۋازغا كەلتۈرۈپ سۆزنى ۋايىغا يەتكۈزدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» دىن

يەھيا بېگ

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر.

## ئىخۋانى يۇسۇف ياقۇپ ئۆيىدە مەھجۇپ چوشۇپ تەكرار ئاشۇبى ئاخىر مەشغۇل بولغانلىقى

گىرۇ جەمئى ئولدى ئەۋلادى جەفاكار،
دېدىلەر بۇ قازىيە ئولدى دۇشۋار.
قەبۇل ئېتمەز ئاتامىز بۇ يالانى،
ھەلاك ئېتمەك گەرەك چاھ ئىچرە ئانى.
ھەلاكىنە ھەمان مەشغۇل ئولالۇم،
كېسۇپ ئەئزاسىنۇڭ بىردىن ئالالۇم
نىشانىنى كۆرىنچە ئەينى يەئقۇب،
زەرۇرى ئولۇر ئەيلەر سەبرى ئەييۇب.
مۇھەسسەل ئېتمەيىنچە بۇ فەسادى،
بىزە ئولماز ئاتامۇز ئېئتىمادى.
ئۇ مەھپارە ئولىنچە پارە پارە،
نۇھۇسەتدەن شەرەف بۇلۇر ستارە.
بىرىسى ئولمادى بۇ قەۋلە قايىل،
ياۋۇزلاندى مىسالى زەھرى قاتىل.
كۆپۈردى نېتەكىم ئەمۋاجى دەريا،
تۇرى گەلدى يەرىندەن ئېتدى غەۋغا.
قارارى ھىددەتىندەن نېتەكىم مىغ،
سيىردى بەركى خاتىف گىبى بىر تىغ.
قىملدادى سەنەسىن بىر ئۇلۇ تاغ،
غەمىندەن ئەيلەدى ياشىنى ئىرماغ.
بۇ ئىدى جۇملەسىنۇڭ پەھلەۋانى،
جەلال ئىلە گۆرەن قورقاردى ئانى.

دېدى: ئەي فىرقەئى دىۋانە - مەشرەب.
سىزى شەيتان ئاتار بۇ بارەيە ھەپ.
ئۆلۇم ھالىنە گەلدى ھەزرەتى پىر،
ئىكى فۇرقەت بىر ئولدى ئېتدى تەئسىر.
يېرۇكۈز ئولدى خارۇ خەس گىبى نار،
قانى لۇتفۇ قانى غايرەت قانى ئار.
چەكۈك ئول پەنجەئى خۇرشىددەن ئەل،
گەچۈك بۇ فىكرى فاسىددەن مۇھەسسەل.
تەبەر سالان ئو سەرۋى نازەنىنە،
يېقىلسۇن سايەسى گىبى زەمىنە.
شۇ كىم ئۇرا مەھى نەۋگىبى يارە،
ئولا ئەنجۇم مىسالى پارە پارە.
ئاتامۇز بۇ ۋىلايەت سەرۋەرىدۇر،
نەبىدۇر تەگرىنۇڭ پەيغەمبەرىدۇر.
يەرىمۇز قالمادى يانىندا ئانۇڭ،
بۇ گۇن مەردۇدىيىز خەلقى جىھانۇڭ.
سۆزۈكۈز ئولدى ھەپ تەلبىسۇ تەزۋىر،
فەلاكەتدە ئۇ مەئسۇم ئىلە بۇ پىر.
ئانى ئۆلدۇردى يەئقۇب ئىشتىياقى،
ھەلاك ئېتدى بۇنى ئوغلى فىراقى.

ئول ئاندا ئاه ئېدەر، بۇ بۇندا ئەفغان، نە مۇشكىلدۇر بىر ئوغۇردەن ئىكى قان.

## سەبەبى فەلاكەتى يەئقۇب

جهاندا بۇ رىۋايەت ئولدى ئىبرەت،
بۇ ئىدى ھەسرەتى يەئقۇبە ھىكمەت.
ئاتادىن توغدى يۇسۇف گۈلدى ئالەم،
مەگەر بىر دايە ھاجەت ئولدى ئول دەم.
ئاڭا بىر دايە بولدى ساتدى توججار،
قۇچاغىندا ئىمەر ئوغلانچۇغى ۋار.
ئايىردى ئوغلىنى بەي ئېتدى يەئقۇب،
ئۇ مىسكىن دايەيى ئاغلاتدى يەئقۇب.
ئىلەندى ھەزرەتى يەئقۇبە ۋافىر،
دېدى ئاۋاز ئىلە: ئەي ھەيىۋ قادىر.
بەنى ئوغلۇمدەن ئايىردى بۇ ناچار،
ئانى ئوغلىندەن ئايىر ئاخىرى كار.
ئاڭا دەخى بۇ ھىجرانى نەسىب ئېت،
بۇ ياد ئىلدە بەنۇم كىبى غەرىب ئېت.
دۆكىنسۇن ئاغلاسۇن يانسۇن ياقىلسۇن،
نېچە ئولۇر ئوغۇل ئاجىسى بىلسۇن.

تەرەھھۇم ئەيلەدى ئاڭا خۇداسى،
قەبۇل ئولدى دۇئاسى ئىلتىماسى.
ئىرشدى ھەزرەتى يەئقۇبە فۇرقەت،
فىراقى يۇسۇف ئىلە قالدى ھەسرەت.
ئول ئوغلانچۇق ئەجەبدۇر تەكرى سالدى،
مۇرۇرى دەۋرى ئەييام ئىلە كەلدى.
فەرەھناك ئەيلەدى يەئقۇبە پەرى،
ئول ئىدى ھەزرەتى يۇسۇف بەشرى.
ھەزەر قىل ئەيلەمە مەزلۇمى گىريان،
كېلۇر يولۇڭە سەيل ئولۇر ئۇ باران.
ھەقۇقۇڭ دەرگاھىنە يۈزىن ئۆرىنچە،
سۇلەيماندەن ئالۇر ھەققىن قەرىنچە.
سەقىن زۇلمۇ جەفايە مايىل ئولمە،
ئىدەن بولۇر مەسەلدۇر غافىل ئولمە.
ئاياندۇر يەردە قالماز نالەۋۇ ئاھ،
زىيادە ئىنتىقام ئىسسىدۇر ئەللاھ.

## سەبەبى دىگەر

رىۋايەت ئەيلەدى بەئزى مۇھەددىس،
بۇ ئولمىش فۇرقەتى يەئقۇبە بائىس.
چەكەردى يۇسۇفى ئاغوشى جانە،
ئولۇردى كاكۇلىنە دەستى شانە.
سەفايى قەلب ئىلە مانەندى مىرئات،
باساردى باغرىنە فى كۆللى ئەۋقات.
تاراركەن كاكۇلى سۇنبىلەلۇرىنى،
قوخۇلاركەن جەمالى گۈللەرىنى.
ئىرشدى گۆشىنە ھاتىفدەن ئاۋاز،
دېدى: قىل قايدى غەيرى دىلدەن ئىفراز.
سىغىشماز بىر گۆكۈلدە ئىكى سەۋگۈ،
ھەزەر قىل ماسىۋا بەھرىندەن ئېبل يۇ.

مەھەببەت ئىرماغى ئاقماز يابانە،
زەرەردۇر شاھراھى سالىكانە.
ئولۇپدۇر قايدى يۇسۇف ساڭا ھايىل،
يۇرى بۇ غىللۇ غىشدەن پاك ئولغىل.
ياشى يەئقۇبۇڭ ئاقدى ئاندا سىر سىر،
ۋۇجۇدى دىترەدى گۈن كىبى دىر دىر.
ئاڭا رەمز ئىلە ئېيلام ئېتدى بارى،
ۋار ئىدى ئىفتىراقە ئىنتىزارى.
بەناتۇن - نەئش كىبى قەيدى ئەتفال،
پەرىشان ئەيلەر ئىنسانى بەھەر ھال.
ئويالار جانىبى ھەقدەن رىجالى،
زەرۇرى دەرد ئولۇر قەيدى ئەيالى.

www.uyghurkitap.com



مۇمىن ئولماز مۇردە شۇغلى فانى،
ھىجابى ئەينى تائەت ئاڭلا ئانى.
بەسىرۇن بىل - ئىبادۇ رەببى ئىنسان،
گۆزى ئاچۇقلەرە ئولۇر نىگەھبان.
سەكىنۇر ماغىمى ئەشغالى ھەقدەن،
ئايىرماز ئابىدى ئەئمالى ھەقدەن.
ئۇ مەئسۇمى ئايىردى ئىسمەتى ھەق،
بۇ ھال ئولدى ئاڭا ئەۋلاۋۇ ئەليەق.
بۇ ئىفراتى مەھەببەت ئولدى مىھنەت،
ئىرىشدى فەرقىنە سەۋدايى فۇرقەت.
«ئەسا ئەن تەكرەھۇ» دەن ئولمە غافىل،
نەكىم خۇدەن كېلۇر ئول ئاڭا قايىل.
بۇ فۇرقەت ئالەمىنۇڭ ھىكمەتى ۋار،
بۇ ئالەمدەن خەبەردار ئول خەبەردار.
جەلال ئىچىندە سەير ئەيلە جەمالى،
فىراق ئايىنەسىندە كۆر ۋىسالى.
جەفادەن خاتىرىنە ئىرمەسە غەم،
ۋەفانۇڭ لەززەتىن تۇيمازدى ئادەم.
ئىشى ئاشىق-لارۇڭ سەھۇۋ خەتادۇر،
قامۇ مەغلۇبى يارى دىلرۇ بادۇر.
جەفا ئېتمەك مۇراد ئەيلەرسە جانان،
بەھانە بۇلماغ ئولۇر ئاڭا ئاسان.
ئەجەبدۇر ئىشقى يەئقۇبى زەمانە،
فىراقى يۇسۇفە ئولۇر بەھانە.
تەۋەججۇھ ئىلە ئىنسانە بۇ تەۋجەھ،
ئولۇر ھەر ۋەجھ ئىلە ئىرشادۇ تەنبەھ.

## ھەزرەتى يەئقۇب سەبرۇ سۇكۇنى رەھنەمۇن ئەيلەيۇپ ھىسارى ئۆزلەتى ئىختىيار قىلغانلىقى

ئارادى ئول كەمان ئەبرۇيى ۋافىر،
نىشانىن بولمادى قان قالدى ئاخىر.
ئوگۇلماز دەردىنە بولمادى چارە،
ياپىشدى دامەنى سەبرۇ قەرارە.
سۇكۇنە ۋاردى گەچتى جۇستۇ جۇدەن،
فەراغەت ئېتدى جۇملە گۇفتۇ گۇدەن.
جەمىئى مامەلەكدەن ۋاز گەلدى،
ئىبادەت كۇنجىنە سەججادە سالدى،
ئىراغ ئولدى جۇنۇدى ئەقرەبادەن،
كەسىلدى ھەب قۇيۇدى ماسىۋادەن
تەئەييۇن دىدەسىن مەستۇر ئېتدى،
تەئەللۇق ئەينىنى بىنۇر ئېتدى.
مۇنەۋۋەر ئولدى تەۋھىدى خۇدادەن،
خۇدا يا ۋاردى گەچدى بابى لادەن.
ئادەم قاپۇسى لادۇر ئولمە غافىل،
ئىدەر دەرۋىشى ئىللەللاھە ۋاسىل.
بۇ ئەسنالاردا ئېتدى ئەھدۇ پەيمان،
مەھى كەنئان ئىچۇن ئولمايە گىريان.
نە ئىستىغسار ئىدە نە ئاڭا نامىن،
دىلىنە ئالمايە يۇسۇف كەلامىن.
ئولۇر ئۇششاقە ئىستىغسارى جانان،
سەبايى ئاتەشى سوزانى ھىجران.
سۆزە گەلدۇكچە ئارتار سوزۇ دەردى،
چوغالدۇر ئاتەشىنى ئاھى سەردى.
نىھايەت بۇلمادى ھىجرانى يەئقۇب،
زەرۇرى سەبر ئىدەردى جانى يەئقۇب.
نەماز ئۇستىندە ئىكەن گەلدى خابى،
ئىبادەت ئەينىنۇڭ ئولدى نىقابى.
يۇجەلدى ئالەمى بالاب جانى،
يەرىندە قودى بۇ سۇفلى مەكانى.
ئىدۇپ ئەرۋاھى قۇدسىلەرلە پەرۋاز،
ئاچىلدى دىدەسىنە ئالەمى راز.
دۇشىندە يۇسۇفە دۇش ئولدى ناگاھ،
ياقاسىن يىرتۇپ ئېتدى نالە ۋۇ ئاھ.
دېدى قانداسىن ئەي جانى جىھانۇم،
سەفايى خاتىرۇم ئارامى جانۇم.

ئەيا شەمسى زۇھاۋۇ ماھی رەھمەت،
نەدۇر ھالۇڭ نەدەن دۇشدی بۇ فۇرقەت.
جەمالی تۇتدی ھىجرانۇڭ سەدابى،
گۆرۈنمەز ئولدی يۈزۈڭ ئافتابى.
سەنی بەگزەر ۋەلايەتلەردە ناگاھ،
رىجالى غەيبە ھەمراھ ئېتدی ئەللاھ.
سەنی ئەلدەن چىقاردی گەرچی دەۋران،
گۆگۈلدەن چىقمادۇڭ بىرلەھزە بىر ئان.
سۆزىنە ئۇيدۇم ئەئدانۇڭ ياڭىلدۇم،
كی سەن دۇرری يەتىمى ياۋى قىلدۇم.
شۈكۈر ئەللاھە مىننەت زۇلجەلالە،
كی ئېرگۈردی بەنی روزى ۋىسالە.
نېچە گۈن نېچە ئاي ئولدی كی ئەي ماھ،
ئەرەدۇم ئولمەدۇم ھالۇڭدەن ئاگاھ.
نىياز ئىچىندە ئىكەن ھەيرەت ئالدی،
خۇدادەن ھەزرەتی جىبرىل گەلدی.
ئۇيانددۇردی ئۇ شەمئى باسەفايى،
ئاگا قىلدی ئىتابى پۇرجەفايى.
دېدی: ئەي مۇقتەدايى ئەھلى ئىرفان،
قەنی قەۋلۇ قەرارۇ ئەھدۇ پەيمان.
يەنە يۇسۇف ئاندىن ئاگار ئەجىرسىن،
فەلەك كېبى دۆنەرسىن ئەھدی سىرسىن.
سىمەزلەر ئەھدی سىرلار لەئلى نابى،
ئىشىتمەزلەر خىتابى پۇر ـ ئىتابى.
ئانی ئاگماكی ئەينۇڭ ئېتدی ئەئما،
ئانی ياد ئېتكی چەشمۇڭ قىلدی بىنا.
دۈكەنمەز زەررە كېبى ئىزتىرابۇڭ،
قومازسېن دامەنىن ئول ئافتابۇڭ.
رۇجۇئ ئېتدۇردی ئانی پەندی مەئقۇل،
ھەمان دەم ئولدی ئىستىغفارە مەشغۇل.
بىلۈپ نۇقسانىنی ئول ماھی ئەفلاك،
قودی يۈز يېردە ئويدی باشىنە خاك.
بالادەندۇر ئولا ئول ئەينى ئارىف،
كی ئېدە كەندۇ نۇقسانىنە ۋاقىف.
ئو دەمدە تەرفەتۇل ـ ئەين ئىچرە تاجىل،
خۇدادەن ياڭە ۋاردی گەلدی جىبرىل.
دېدی: ئەي مەتلەئى مېھرى سەئادەت،
فىغان ئەيلە، ساڭا ئولدی ئىجازەت.
گەرۇ ئەۋۋەلكی كېبى سىنە چاك ئول،
فىراقى يۇسۇف ئىلە دەردناك ئول.
ئوتۇر بەيتۇل ـ ھەزەندە تاشرا گېتمە،
گۆزۈڭدەن سەيلى ئەشكى ئىرماغ ئېتمە.
ياشادۇقچە ياشاسېن چەشمى ئۇششاق،
سۇ ئىلە مۇئتەبەردۇر ئەينى ئافاق.
ياراشۇر ئەھلى دەرد ئولۇرسە گىريان،
جىھانۇڭ رەھمەتىدۇر ئەبرى باران.
بەقايە گېتمەز ھەر ئىشق ئەھلى جانى،
دەرايى رەھلەتی ئولۇر فىغانى.
ياشىدۇر ئابى رۇيى ئاشىقى پاك،
مىسالى گەۋھەرى شەمشىرى زەھناك.
ئو غەم كىم ئەيلەيە جانانی مەسرۇر،
دىلى ئۇششاقدەن ھېچ ئولمەسۇن دۇر.
جەمال ئىسىنۇڭ ئولدۇر مۇقتەزاسى،
كی ئولار دەردی ئاشىقدەن سەفاسى.
مەشەققەتلەر ئولۇر قۇربىيەتی ھەق،
بۇ ئالەم ھىكمەتەندەر ھىكمەت ئەنجەق.
ئولۇرساڭ سالىكی راھى تەرىقەت،
يېتەر ساڭا بۇ پەندۇ بۇ نەسىھەت.

### ھەزرەتی یەئقۇب ئەخباری یۇسۇفنی جەبرائیلدەن ئىستىفسار قىلغانلىقى

مۇبارەك سائەت ئىدی ۋەقتی مەرغۇب،
بۇلىشدی ھەزرەتی جىبرىلە يەئقۇب،
تەزەررۇئ ئەيلەدی قىلدی نىيازى،
ئايىتدی ئەي مەلەكلەر سەرفىرازى.

گۆنۈل ئالچاقلىگىن قىل ئەيلە ئىمسان،
بۇلىش گۆكلەردە ئەزرائىلە ئەلئان.
ئۆرۈج ئەيلە بۇ فانى ئەنجۇمەندەن،
دۇئالار ئەيلە ئەزرائىلە بەندەن.
خەبەر سور يۇسۇفۇم ئولدىمى مەقتۇل،
ئانۇڭ رۇھىنى قەبز ئېتمىشمىدۇر ئول.
ئۇچار ئانۇڭ ئېلىندەن بۇلبۇلى رۇھ،
بۇ راز ئاندەن ئولۇر ئولۇرسە مەفتۇھ.
ئەگەر مەقتۇل ئېسە «ئەل ھوكمۇللىلاھ»،
مەزارى باغى جەننەت ئولا ھەر گاھ.
ئەگەر بۇ سىردەن ئولمازسە خەبەردار،
درىغدۇر يۇسۇفى فەرخۇندە دىدار.

ئىرىشدى گۆكدە ئەزرائىلە جىبرىل،
بۇ ئەسرارى نىھانى قىلدى تەفسىل.
دېدى قەبز ئېتمەدۇم رۇھىنى ئانۇڭ،
زەۋالىن گۆرمەدۇم ئول شەمسى جانۇڭ.
يۈزىنە ئاشىقەم گەرچى قۇلاقدەن،
باقا ئول خىدمەت ئەمر ئولمادى ھەقدەن.
نۇزۇل ئېتدى زەمىنە پەيكى يەزدان،
دىلى يەئقۇبى قىلدى شادۇ خەندان.
فىراقى ئاتەشىنە سۇ سەپىلدى،
فىغانى بۇلبۇلىن خامۇش قىلدى.
ئۈمىدى قاپۇسىن ئېتدى گۇشادە،
سەفايى خاتىرى ئولدى زىيادە.

## ھەزرەتى يۇسۇف زۇلمەتى چاھى زىللەتدە ئىكەن بەئزى ئەھلى تىجارەت چاھە ۋارۇپ دەلۋ ئىلە يۇسۇفى چىقارۇپ ئىخۋانى يۇسۇفدەن ساتۇن ئالغانلىقى

خۇدا دەرد ئەھلىنە ئولىنچە ھادى،
قەبۇل ئولۇر مۇناجاتۇ مۇرادى.
غەرق ئولدۇقدە دەريايى مەلالە،
ئىدەر بىر خىزرى دەۋرانى ھەۋالە.
دەۋادەن ئولسە بىمارۇڭ نەسىبى،
ئاياغىنە سالار ھازىق تەبىبى.
مەكانى ئولسە چاھى غۇسسەۋۇ غەم،
سەبەب ئولۇر خەلاسىنە بىر ئادەم.
سەبەبسىز كىمسە قۇرتۇلماز بەلادەن،
مۇئاۋىنلەر ئېرىشۇر ھەر ياڭادەن.
يەلى ئەسدۇرمەيىنچە قۇدرەتۇللاھ،
قىملدانماز بۇ خىرمەن ئېچرە بىر كاھ.
مۇھەسسەل ئەسبى مەقسۇدۇڭ ئىنانى،
يەدى قۇدرەتدەدۇر فەھم ئەيلە ئانى.
ھەكىمى لايەزالۇڭدۇر تەسەررۇف،
بىلىنمەز ھىكمەتى ئەھۋالى يۇسۇف.
قەتارى ئۆشتۇر ئىلە بەئزى تۇججار،
يولە دۇشۇپ گىدەردى سەنگى ئەنھار.

ئىراغ ئىكەن دەخى قونماق زەمانى،
دەۋەلەر چۆكدى ئاغىرلاندى جانى.
يىقىلدى يەرلەرە ئەھمالۇ ئەشقال،
جىبەل ئېتدى ئو سەھرايى بۇ ئەمال.
بىر ئادىم ئەتمەدى قات ئولدى ھەر ئات،
شاشۇردى كاربانى بۇ ئەلامات.
ئىدۇپ ئىككى قولاغىنى پەرۇ بال،
ئۇچۇپ گىدەركەن ئەسترلەر ئەجەب ھال.
قاناد ئولان قۇلاغىن يىرە سالدى،
قاماندى مىخى نالى گىبى قالدى.
دەرىلدى كاربانۇڭ ساربانى،
تەفەككۇر ئېتدىلەر رەمزى نىھانى.
ئولۇرلار ئول چەمەن گۆكىندە پەرۋەن،
ئاچىلمىش ياسەمىنۇ ۋەردى نەسرىن.
مەگەر بىر ئادى مالىك پىرى تاجىر،
بۇ جۇمەۇر ئىلە ئولمىشدى مۇسافىر.
گۆرۈر سەيرىندە بىر گۈن بەدرى ئەنۋەر،
گىرەر قويىنىنە ئولۇر كىمسەئى زەر.

بۇلۇك كىبى ئەيۇ دۇشلەر كۆرۈردى،
دۇشىنە مۇنتەزىر ئولۇر يۇرۇردى.
ياقىنىندە يولۇك ۋار ئىدى بىر چاھ،
كەنارى خۇب مەرئاۋۇ چەراگاھ.
دىلى مالىك سۇ كىبى چاھە ئاقدى،
ۋۇجۇدىن ئافتابۇك تابى ياقدى.
ئو چاھە مۇرغى جانى ئېتدى پەرۋاز،
كۇشادە ئولدى ئەينى ئالەمى راز.
ھەۋا يۇزىندە نىچە مۇرغى تەييار،
تەۋاف ئەيلەردى چاھى كەئبە - كىردار.
سەماۋۇ رەقس ئىدۇپ گىرداب كىبى،
تۇرى گەلدى يەرىندەن ئاب كىبى.
دەھانى چاھ ئولدى ئاشيانى،
شتابىندەن دەھانە گەلدى جانى.
ئالۇپ بىر دەلۋى ئول سەرخەيلى ئەھباب،
ھەمان ئول بۇرجى ئابە ئەتدى پەرتاب.
چەكەركەن دەلۋى ئول پىرى جىھانبىن،
قىياسىندەن زىيادە ئولدى سەنگىن.
ئولۇركەن دەلۋ ئېچۇن تەدبىرۇ رايى،
كۆرۈر چاھ ئىچرە بىر بەدرى دۇجايى.
سۇ مىرئاتىندە كۆردى ئافتابى،
باقۇپ چاھ ئىچىنە قىلدى خىتابى.
دېدى: ئەي بۇرجى دەلۋۇك مىھرۇ ماھى،
گەل ئەيلە ئالەمى بالايەراھى.
سەكىن، ئەي گەۋھەرى پاك، ئەيلەمە باك،
ياپىش ھەبلۇل - مەتىنى ئەيلە ئىمساك.
بۇ كۇنجى ئېتىكافۇڭدەن بەرى ئول،
قەردىش بۇ كاربانە يول يېرى ئول.
بۇ ۋەجھە ئىلە ئاچىلدى رۇيى ئۇممىد،
تەۋەججۇھ ئەيلەدى بالايە خۇرشىد.
بۇ زۇلمەتدەن نىتەكىم ئابى ھەيۋان،
چىقاردى يۇسۇفى ئول خىزرى دەۋران.
چىقاردى چاھدەن شەمسى جىھانى،
دەھانى ئەجدەھادەن ئالدى ئانى.
ئو تىغى قۇدرەتى كۆرىنچە ئۇريان،

گەيۇردى ئاڭا بىر شاھانە قافتان.
چۇ مالىك مالىك ئولدى ئول جەۋانە،
گەتۇردى ئانى بىر ئالى مەكانە.
يۇزى نۇرىيلە كۆزى كۆڭلى تولدى،
بۇتۇن دۇنيايە گۇيا مالىك ئولدى.
ئىدۇپ ئول نەۋ جەۋانى گەنجى پىنھان،
قودى بىر سايەبانە قىلدى مىھمان.
سەئادەت ئەيلەدى كەندۇپە ئىقبال،
ۋۇجۇد گەلدىيۇ رۇئياسىندەكى ھال.
ياۋۇز كۆزدەن ياۋۇز دىلدەن ساقىندى،
ئەدانىدەن ئەرازىلدەن ساقىندى.
ئىدۇپ ئىلمى لەدۇننى كىبى پىنھان،
ئولۇردى شۇكرى سۇبھان ئىلە خەندان.
بۇ جانىبدە سەرى قوھ ئۇزرە ئىخۋان،
گەزەرلەردى پەرىشانۇ پەشمان.
مەگەركىم يۇسۇفۇك ئىخۋانى گاھى،
سەبا كىبى تولاشۇرلەردى چاھى.
رەۋانە ئولدىلا ئول سۇيى چاھە،
چاغىردىلار ئىتاب ئىلە ئو ماھە.
بىرى چاھ ئىچىنە ئېتدى خىتابى،
سەدادەن غەيرى چىقمادى جەۋابى.
سەزىندىلەر بۇ ھالى جۇملە ئەۋلاد،
كى يۇسۇف ئولدى چاھى غەمدەن ئازاد.
ئارادىلەر جەمئى كاربانى،
بىرىسى بولدى ئول گەنجى نىھانى.
بۇ قۇلدۇر دىيۇ دەئۋا ئەيلەدىلەر،
قاچالى ئولدى بىر قاچگۇن دېدىلەر.
زەرۇرى لازىم ئولدى دەردى ھىجران،
قۇلۇمۇزدۇر دىيۇ ساتدىلەر ئىخۋان.
گەتۇرۇپ ئورتەيە ئول مۇمىيانى،
يەبانە ساتدىلەر جانى جىھانى.
نە مۇشكىل دەرد ئولۇر بۇ دەردى مەنفۇر،
كى ئادەم ئەقرەباسىندەن دۇشە دۇر.
يازىلدى ھۇججەت ئالدى ئانى مالىك،
«جەرا ھازا ۋۇ تەھرىرەن بىزالىك».

شۇھۇدۇل ـ ھال ئىلە ئول بەيىتنامە
مۇرھۇلەندى ئىدۇپ ھەددى تەمامە.
دېدىلەر مالىكە: ھېچ ئولمە غافىل،
بۇ قاچقىن قۇلە ئۇر بەندۇ سەلاسىل.
سۆزىنە ئۇيماڭ ئېتمەڭ ھەرگىز ئىھمال،
قاچار ئەيلەر سىزە بىر ھىلەۋۇ ئال.

شۇ قەۋل ئىلە ساتارۇز ئانى ئەمما،
بۇ يېردە تۇرمايە ئەسلاۋۇ قەتئا.
بۇ سۆزلەر مالىكە ئولىنچە تەقرىر،
بەرايى خاتىر ئۇردى ئاڭا زەنجىر.
ئىكى زەنجىر ئولۇپ ئەشكى رەۋانى،
ئالۇپ كېتدىلەر ئول ئارامى جانى.

## ھەزرەتى يۇسۇفۇڭ دىدەئى ئەلەم دىدەسى غەمى ھەسرەت ئىلە پۇرنەم ئولۇپ ئەخۋانىنى گىريانۇ نالان ئەيلەيۈپ ۋىدائى ھىجران ئېتدۈگىن بەيانۇ ئەيان ئەيلەر

مەھى كەنئان ساتىلدۇگىن بىلىنچە،
دېدى ئىخۋانىنە ئىبرى دىلىنچە.
كېلۇڭ شىمدەن گىرۇ قويۇڭ نىزائى،
سىزۈڭلە ئىدەلۇم ئاخىر ۋىدائى.
بۇ گەچمىش ماجەرا ئولدى بەھانە،
دىيارى غۇربەتە ئولدۇم رەۋانە.
دېگۆل تەقدىرى ھەقدەن كىمسە ئاگاھ،
نەكىم ھەقدەن كېلۇر«ئەل ـ ھۇكمە لىللاھ».
ئارادەن قالدۇرۇڭ بۇغزۇ نىفاقى،
باڭا كار ئەيلەدى غۇربەت فىراقى.
سىزىڭلە كىم بىلۇر ئولمايە ۋۇسلەت،
قىيامەت گۈنىنە قالا بۇ ھەسرەت.
ئۆلەن ئۆلدى، گەچەن گەچتى مۇھەسسەل،
ئەداۋەت قىلماسۇن مابەينى مۇھتەل.
ھەلال ئولسۇن باڭا ئېتدۈگۈڭۈز ھەپ،
قىيامەت گۈنى ئولماڭۇز مۇئەززەب.
سىزۈڭلە سۆيلەشەلۇم گۆرىشەلۇم،
بىرازجۇڭ ئاغلاشالۇم سورىشالۇم.
كۇدۇرەت زايىل ئولمايىنچە كېتمەڭ،
ھۇقۇقى ئەقرەبايى زايىئ ئېمەڭ.
نەبى ئەۋلادىسىز جۇملە بەھەر ھال،
نىھايەت بۇڭا شەيتان ئېتدى ئىدلال.
يۇيالۇم ئابى تەۋبەيلە گۇناھى،
ئىدەلۇم سىدق ئىلە تەركى مەناھى.

غەرىب ئېللەردەكىم بىلۇر قالاممى،
بۇ يېرە بىلمەزىن ئايرۇق گەلەممى.
ئۇسۇلە ئۇيەچى سازەندە ـ كىردار،
بىر ئۇغۇردەن ئول ئىخۋانى جەفاكار.
بۇلۇتلەر كېبى گۆزدەن دۆكتىلەر ياش،
فىغان ئىلە ئاشاغە سالدىلەر باش.
بىرى بىرىنە نەفرىن ئەيلەدىلەر،
ئانۇڭ لۇتفىنە تەھسىن ئەيلەدىلەر.
دېدىلەر: ئەي بەرادەر، ساغ ئېسەن قال،
كى بىزە ئالى ئىنبىلىس ئەيلەدى ئال.
بىزە ئولدى ھەۋالە كۆيى ھەسرەت،
بىزە كار ئەيلەدى بۇ كارى فۇرقەت.
پەشىمانۇ پەرىشانۇز بۇ ئىشدەن،
باشۇز دالىلۇ ئولدى سەرزەنىشدەن.
سۇ كېبى يالىمۇمۇز ئولدى ئالچاق،
بۇ فۇرقەت داغى تاغلەر گېبىدۇر چاق.
ئاتامۇز مەجلىسىندە يوق يۈزۈمۈز،
سەلامەت يۈزىنى گۆرمەز گۆزۈمۈز.
بۇ كەنئان ئېلىنۇڭ ئەينى ئىتابى،
بىزە غايەتدە ۋىردى ئىزتىرابى.
ھۆۋەيدا ئولالى بۇ كارى دۇشۋار،
يەرۈمۈز ئود ئولۇپدۇر خارۇ خەسۋار.
مەھى كەنئان بۇ رەسمە ماتەم ئېتدى،
فىغانۇ نالە ئىلە دوندى گېتدى.

قودى ئىخۋالىنى ئول يارى سىدىدىق،
زەمانە جۇملەسىندەن، ئېتدى تەفرىق.
قەلەم كېبى ئولۇپ چاكى گىرىبان،
رەقەم كېبى پەرىشان ئولدى ئىخۋان.
مەسەلدۇر: سوڭ پەشىمان ئاسسى ئېتمەز،
غەمۇ ئەندۇھى تا ئۆلىنچە كېتمەز.
تاقىلدى مالكۇڭ يانىنە يۇسۇف،
يۆنەلدى راھى ھىجرانىنە يۇسۇف.

رەفىق ئېتدى ۋۇجۇدىن كاربانە،
تەرىقى غۇربەتە ئولدى رەۋانە.
ياشى سەييارەسىن ئىدۇپ پەرىشان،
يۇرۇر سەييارە ۋەش ئول ماھــى تابان:
بىنۇپ بىر ئۇشتۇرى سەرمەستە فىل ـ ھال،
چەكىلدى يولە تاغلەر كېبى ئەھمال.
ئىرىشدى كۆڭلىنە غۇربەت مەلالى،
كۆرىنمەز ئولدى كەنئانۇڭ جىبالى.

**يۇسۇفى كەنئان كاربان ئىلە مىسىرە رەۋان ئولۇركەن ئاناسى قەبرىنە ئۇرگېبى ئېدۇپ، تۇججارۇڭ خىدمەتكارلەرى يۇسۇفى فىرار ئېتدى سانۇپ تەھقىرۇ تەئزىر ئىلە مالىكە ئىلەتدۇكلەرى**

ئاناسى قەبرىنە تۇش ئولدى يۇسۇف،
جەمەلدەن دۇشتى بىھۇش ئولدى يۇسۇف.
بۇ قەيدۇ بەند ئىلە مەزلۇمى مەزكۇر،
نۇزۇل ئېتدى ئو قەبرە نېتەكىم نۇر.
گۆكە ئېدگۇردى فەريادۇ فىغانى،
بىلە ئاغلاتدى خەلقى كاربانى.
ئىكى بەنگى مەزارى گېبى ئول دەم،
دۇئايە ئېللەرىن قالدۇردى مۇھكەم.
ئورادە ئاغلادى ھالىنى ۋافىر،
بۇ[ر]گەچمىش ماجەرايى ئاڭدى بىر بىر:
دېدى: ئەي ۋالىدە، بىلدۇگمى ھالى،
نەقىلدى باڭا يەئقۇبۇڭ ئەيالى.
قاراڭۇ چاھە ئاتدىلەر فەقىرى،
دەرىغا، ئولمىشەم غۇربەت ئەسىرى.
قۇلۇمۇزدۇر دېيۇ ساتدىلەر ئاخىر،
دىيارى غۇربەتە ئولدۇم مۇسافىر.
مىزاجۇم خەستەۋۇ كۆڭلۈم شىكەستە،
قۇل ئولدۇم شىمدى بىر دۇنيا پەرەستە.
گۇنەش ئىسسىسى ئېتدى باڭا تەئسىر،
تاقىلدى سايەۋەش بويىنۇمە زەنجىر.
بەلايى راھى غۇربەت زەجرى دەۋران،

فىراقى ۋالىدەينۇ قەھرى ئىخۋان.
غەمۇم ھەددەن زىيادە مىھنەتۇم چوق،
ئۆلۇرسەم دەخى بىر ھالۇم سورار يوق.
بەنەم گۈلزارى دەھرۇڭ ئەندەلىبى،
ئاقار سۇ كېبى ئولدۇم يەر غەرىبى.
بۇ يەرلەردە بەنۇم ھالۇم بىلۇر يوق،
تەرەھھۇم ئەيلەيۇب شەفقەت قىلۇر يوق.
قۇل ئولدۇغىن بىلۇپ ئول سەرۋى ئازاد،
ياشى ئىرماغە دوندى قىلدى فەرياد.
كېسىلدي قالدى يۇسۇف كاربانىدەن،
دەھانى گېبى غەيب ئولدى مىياندەن.
بۇلۇرلار ماھى كەنئانى ئورادە،
دېۋەسىندەن ئىنۇپ ئولمىش پىيادە.
بىرىسى يۈزىنە ئۇردى تابانچە،
قىزاردى زەربى دەستىندەن بۇ غۇنچە.
ئۆگىنە سۇردى خەشم ئىلە ئو بىداد،
قىزىل گۇل ياپراغىنى نېتەكىم باد.
يېتىشتى ئاھ ئىلە يۇسۇف قاتارە،
ئېرىشدى بادۋەش ئول كۇھسارە.
گۆزىنى گۆكە دېكدى ھەمچو ئەنجۇم،
خۇدادەن جانىبە قىلدى تەكەللۇم.

دېدى: ئەي قازىيەل - ھاجاتۇ غەففار،
بەنى رەنجىدە - خاتىر ئېتتى ئەغيار.
غەمۇم ئەفزۇنۇ دەردۇم بىنىھايە،
تەھەممۇل ئېتەمەز تولدۇم بەلايە.
فەقىرى قىلمە ھەر ئەۋباشە پامال،
باڭا زۇلم ئەيلەيەندەن ھەققۇمى ئال.
ئاقىتتى قانلۇ ياشىن ئىكى كۆزدەن،
تەۋەججۇھ ئەيلەدى ھەققە بۇ يۈزدەن.
قەبۇل ئولدى ئانۇڭ مەقسۇدى فىلھال،
قۇرىدى دەستى زالىم قالدى بەتتال.
بۇرىدى رۇيى دەھرى زۇلمەتى غەم،
قارارىدى قەلبى ئاسى گىبى ئالەم.
دەمۇر ئايىنەيە دۆنمىشدى ئەفلاك،
سەنەسىن مەۋج ئۇرۇر بەھرى خەتەرناك.
نەزەر ئىدنىنچە ئانا زەنگىنى شەب،
قارارىدى ئاقسى رۇيىندەن مۇرەتتەب.
ئېسەر يەللەر ياغار بارانى مىھنەت،
زىيادە ئولدى دىلدە خەۋفۇ ھەشيەت.
تولۇپ سەۋدا ئىلە دەدرۇڭ دىماغى،
سۆيۈندى گۆكدە يىلدىزلەر چەراغى.
بۆكۆلدى پېرى فانى گىبى ئەشجار،
رۇجۇدۇ ئېتتى ھەمان ئەشلىنە ناچار.
شەبى تارىك ئىچىندە بەرقى رەخشان،
فەلەك فىلىنتە گۇيا ئولدى دەندان.
سەبايى مىھنەت ئىلە ئالەمى خاك،
بىرى بىرىنە گىردى ھەم - چۇ ئەفلاك.
قاتار ئىلە نىتەكىم ئەبرى باران،
دېۋەلەر تاغلەرە تاغىلدى ئەلئان.
ئولۇركەن جۇملە ئىستىغفارە مەشغۇل،
بىرى دېدىكى: مالىك ئالدۇغى قۇل،
دېۋەدەن ئىندى، قالدى كاربانىدەن،
ئىرىشدۇم ئاڭا ئوق گىبى كەمانىدەن،
تابانچەيلە گىرىشدۇم، ئانى دۆگدۈم،
دىل ئۆزاتدۇم ئاڭا، غايەتدە سۆگدۈم،
فەلەك ئايىنەسىنە ئولدى تازىر،
ئېلىن قالدۇردى دۈشنام ئېتدى ۋافىر،
دەھانىندەن چىقىنچە بەددۇئاسى،
ئېرىشدى بەددۇئاسىنىڭ بەلاسى.
ئېلىنى دەستى مىھنەت باڭا سۇندى،
قولۇم گۇيا كى سىنمىش شاخە دوندى.
قۇرىدى ئېلللەرۇم، سىندى قەنادۇم،
يولۇمە گەلدى سەيلابى فەسادۇم.
ئەگەر ئىنجىنمەسە بۇ ئەبدى مەشكۇر،
ئېرىشمەزدى بىزە ئالامى مەزبۇر.
كى بۇ مەئسۇمى مەزلۇمۇڭ ۋەلىۋار،
جەنابى ھەق ئىلەگىزلۇ دىلى ۋار.
ئولۇر ھەر لەھز زىكرۇللاھە مەشغۇل،
جىھاندا بۇيلە ئەلسە ئولىجاق قۇل.
سەۋەرسە ئول سەۋەر سىزدەن بەلايى،
گىرۇ دەردىن ۋىرەن ۋېرۇر دەۋايى.
كەرامەت ئىسسىدۇر ئول شەمسى دەۋلەت،
دۇئاسىلە گىدە شايەت بۇ نەكبەت.
دەرىلدى ئاندا بىر قاچ ئەھلى ئىدراك،
دېدىلەر يۇسۇفە: ئەي گەۋھەرى پاك.
ساڭا زۇلم ئىدەنۇڭ سۇچىن باغىشلە،
شەفائەت قىل نەبىلەر ئىشىن ئىشلە.
تەمەننا ئەيلە زاتى كىبرىيادەن،
خەلاس ئېتسۇن بىزى جۇملە بەلادەن.
سەبايى رەھمەت ئېرىشسۇن فەرەھناك،
تاغىلسۇن يولۇمۇزدەن خارۇ خاشاك.
مۇناجات ئەيلە مۇسا گىبى تەئجىل،
ھەلاك ئەيلەر بۇ خەلقى ئەجدەرى سەيل.
مۇناجاتۇڭ سەنۇڭ، ئەي دىنىشلەرى دۇر،
خەدەڭگى تىرى بارانە سىپەردۇر.
دەھانى رەئدۇ بەرقى ئەيلە خامۇش،
دىلۇڭ دەپىرەت دۇئايە ئول خەتا پۇش.
كەرىمەۋك نۇرى دەئۋاتى جەمىلى،
ئولۇر ھەر زۇلمەتۇڭ رەۋشەن دەلىلى.
بۇ خەلقى سالىمادى فەردايە يۇسۇف،
مۇناجات ئەيلەدى مەۋلايە يۇسۇف.

نىياز ئەھلىنىڭ ئولدى چارە سازى،
گۇشادە ئەيلەدى دەستى نىيازى.
تاغىلدى زۇلمەتى غەم كىتتى ئافات،
ئاچىلدى رۇيى مىرئاتى سەمەۋات.
نىيامە چەكدى تىغى بەرقى ئەفلاك،
قامۇ غەمناكلار ئولدى فەرەھناك.
ۋىسالە ئېرمىش ئۇفتادە مىسالى،
بۇلۇتلار ئاغلاماقدەن ئولدى ھالى.
ئۇلۇ تاغلار كىبى ئۇشتۇر قاتارى،
قارار ئېتدى قودى رايى فەرارى.
نىقابىنى سەھەر يۈزىندەن ئاچدى،
بۇ مىھنەت قورخولۇ دۈش كىبى كەچدى.
چوزۇلدى يۇسۇفنۇڭ بەندۇ ئىقالى،
تەرەققى قىلدى ئەنۋارى جەمالى.
زىيادە ئولدى ئېللەر ئىتىقادى،
مۇرىد ئېتدى بۇ خەلقى نامۇرادى.
دۇئاسى ھەر نەفەس مەقبۇل ئولۇردى،
نە مەقسۇد ئەيلەر ئېسە ئول ئولۇردى.
سەھەردەن تۇتدىلەر ھەبلۇل - مەتىنى،
تەرىقى مىسرى ئول راھى مۇبىنى.

## ھەزرەتى يۇسۇف ئىززەتلە مىسرە يۈرگەنلىگى ۋە دەۋلەتۇ سەئادەتلە نىلە كىرگەنلىگى ۋە رىجالى مىسر ئىستىقبالە چىقىپ بىر مەكانى بەلەند ئەيۋانە مەكىن ئولغانلىقى

سەھەر كىم يۇسۇفى گەردۇنى گەردان،
كەنارى نىلى چەرخى ئېتدى سەيران.
ئولۇپ يەئقۇبى دەھرۈڭ قامەتى دال،
فىغانۇ نالەدەن ئولمىش ئىدى نال.
جەمالىن مىھرى ئالەم قىلدى ئىزاھار،
فەلەك ئايىنەسى گۆستەردى دىدار.
ئو دەمدە مالىكى داناۋۇ ئاقىل،
مەھى كەنئانى ئېتدى نىلە ۋاسىل.
دىدى: ئەي شاھى ئىقلىمى سەئادەت،
ئەگەر ئولۇرسە سىزلەردەن ئىجازەت.
تەماشا ئىدەلۇم دەريايى نىلى،
مۇشەررەف ئىدەلۇم بۇ سەلسەبىلى.
غۇبار - ئالۇدەسىن خاكى سىيەھدەن،
كەمان ئەبرۇگە توزلار قوندى رەھدەن.
كۆزى ئايىنە كىبى نىلە باقدى،
بۇ سەيرە نىل كىبى كۆڭلى ئاقدى.
كەنارى نىلە گەلدى چۇن نەيى قەند،
سويۇندى ئول قەسەب - پۇشۇ شەكەر-خەند.
يۈنەلدى نىلە ئول سەر - چەشمەئى جان،
يۈردى سەلسەبىلە سانكى رىزۋان.
چىقاردى جامەسىن ئول قەددى مەۋزۇن،
سەدەفدەن چىقدى سەلكىم دۇررى مەكنۇن.
قوشاندى مىزەرىن ئول سەرۋى چالاك،
تۇتۇلدى سانكى نىسفى بەدرى ئەفلاك.
بۇ ئەبى سافىيە گىردى سويۇندى،
سۇيە قونمىش گۇلى خەندانە دوندى.
ۋۇجۇدى ئاقسى نىلى ئەيلەدى زەين،
قىران ئېتدى ساناسىن گۆكدە سەئدەين.
جان ئاتدى ئافتاب ئول ئابە دۈشدى،
مەھەببەت ئاتەشى ئىلە تۇتۇشدى.
غۇبارى راھى ئول زاتى جەمىلۇڭ،
ئولۇردى تۇتىياسى ئەينى نىلۇڭ.
كەنارە چەكدى ئول غۇنچە دەھانى،
شەفەق رەڭ ئولدى نىلۇڭ ئاسۇمانى.
يۇنىنجە جەۋھەرى زاتى غۇبارى،
گۆرىندى گۈن كىبى شەففافۇ ئارى.
ئاچىلدى ھايىلى شەمسى جەمالى،
ئىرەلدى مانىئى سەيرى ۋىسالى.
يەدى قۇدرەتدە سەنكى تىغى بۇرران،
نىيامى جامەسىندەن ئولدى ئۇريان.
ئو تىگۈڭ جۇملە ئالەم زەخمناكى،
جىھان خەلقى ئۆلۈملۇسى ھەلاكى.
زۇدۇر ئېتدى جىھان تورىندە ئول نۇر،
گەل، ئەي ئاشىق، تەجەللى يېرىدۇر تۇر.

نىقابىندەن ھىجابىندەن مۇبەررا،
زىھى ۋۇسلەت، زىھى سەيرۇ تەماشا.
كۆرۈپ ماھىلەر ئول بەدرى تەمامى،
چاغىردى ئەس - سەلاتۇ ۋەسسالامى.
چۇ ئىل ئىرماغى ئولدۇ جىلۋەگاھى،
ئىرىشدى ھۇسنى مەھدەن تابە ماھى.
ئىرىنچە ئىلە ئول مېھرى لەتافەت،
شۇ ئائىندەن سۇيە دۇشتى ھەرارەت.
كىمە سالسە ھەرارەت ئىشق تابى،
دۇكەنمەز ئىل كىبى ئىزتىرابى.
يۇنۇردى ئاب ئىلە ئول ماھى غەررا،
نۇجۇم ئىلە قىران ئەيلەردى غۇيا.
كەنارى ئىلە چىقدى شادۇ مەسرۇر،
گۈلى رۇخسارى ئولدى ژالەدەن دۇر.
جەمالى گۈلدى گۇيا گۈلشەن ئولدى،
گۈلىنە ياسەمەن پىراھەن ئولدى.
ئو راھى غۇربەتۇڭ ئۇشتۇر سۇۋارى،
گەيىندى بىر لىباسى زەر نىگارى.
ھەمان دەم ھەۋدەجىنى ئېتدى مەنزىل،
شەرەف بۇرجىنە خۇرشىد ئولدى ۋاسىل.
بۇ ھەۋدەجدە ئو مەئشۇقى زەمانە،
دۆنەردى بۇلبۇلى قۇدس ئاشىيانە.
ۋار ئىدى ھەۋدەجىنۇڭ سايەبانى،
بۇلۇت كىبى نىھان ئەيلەردى ئانى.
گىرۆپ شەھر ئىچىنە ئول بەدرى كامىل،
جەمالى ھايىلىنى ئېتدى زايىل.
سەھابى گۈن يۈزىندەن ئەيلەدى دۇر،
گىدەردى شەۋق ئىلە خەندانۇ مەسرۇر.
جەمال ئۇستىندە گۆرىندى جەمالى،
سەرى تۇر ئۆزرە نۇرى ھەق مىسالى.
دېر ئىدى قەددى بالاسىن گۆرەنلەر،
«تەئالا شانەھۇ ئەللاھۇ ئەكبەر».
قاشى تاقىيلە ئول سەرۋى سەھى - قەد،
ئەلىف ئۆزرە يازىلمىش سانەسىن مەد.
خەتىنۇڭ خىزرى مۇسادەن مۇبەررا،
گۈنەش يۈزى نىقابىندەن مۇئەررا.
دەھانى ھاتەمىندە يوغ ئىدى قاش،
خەتىنۇڭ فىتنەسى قالدۇرمامىش باش.
بىلۇرمەز فىتنەئى خەتتى جەمالى،
جەلالدەن جەمالى رۇمى خالى.
جەمالى مەشئەلىندە بەرق ئۇرۇر نۇر،
قەمەر رۇخسارى دەخى ھالەدەن دۇر.
ھەيات ئابى ئىدى گۇيا دەھانى،
يوغ ئىدى خىزرى خەتتىنۇڭ نىشانى.
جەۋابى سىررى لەئلى "مائەرەفناك"،
بويى ۋەسفىندە قاسىر ئەقلۇ ئىدراك.
سەئادەت گۆكلەرىنۇڭ مۇشتەرىسى،
نۇبۇۋۇەت باغىنۇڭ ۋەردى تەرىسى.
مۇۋافىق زاتى پاكىنە سىفاتى،
كەمالى ھۇسنىدۇر بۇ مۇئجىزاتى.
لىسانى جانىبى ھەق تەرجۇمانى،
دەھانى جانى ئىنسانۇڭ نىشانى.
بويى مانەندى تۇبى ئالىيۇل - قەدر،
مەلاھەت ئاسۇمانىندە مەھى بەدر.
گەيىنچە كەئبەۋەش قارا لىباسى،
دۆنەردى تاك يەرىنە ئاق رىداسى.
قىيامەت قامەتى مەۋزۇنۇ مەرغۇب،
تەرازۇدەن ئىنەر مۇمتازى مەھبۇب.
جەمالى شەمسى ئەئلا قەددى بالا،
باشىندە كاكۇلى ئەئلادەن ئەئلا.
جىھاندا خەلق ئولادەن جانى ئىنسان،
بۇنۇڭ كىبى لىباسە گىرمەدى جان.
تەنى جىسمىنە ئولمىش جامەئى نۇر،
زىھى ھۇسنۇ زىھى «نۇرۇن ئەلا - نۇر»
زىھى رۇھۇل - قۇدۇس گەلمىش نىھانى،
گىرۆپ بىر سۇرەتە گەزمىش جىھانى.
گۆرىنۇر نۇرى زاتى پەردەھەندەن،
نېتەكىم جامەدەن خۇرشىدى رەۋشەن.
يۈزى ئايىنەسىنە ئەينى ئالەم،
بىر ئۇغۇردەن باقا بىلمەزدى ھەردەم.
گىيىنسە ھۇللەئى ئىستەبرەقىنى،
گۆزە گۆستەرمەز ئىدى ھۇرى ئىنى.
زىھى بەندەكى سۇلتانلار ئەسىرى،
زىھى سۇلتانىكى بۇلنماز نەزىرى.
تاغىلار كاكۇلى تارىندە ئەفگار،

سەۋادى دىدە گىبى هالەتى ۋار.
ئىلاهى بۇ نە هىكمەتدۇر، نە هىكمەت،
يۇزى نۇرىيلە مەهۋ ئولماز بۇ زۇلمەت.
قەلەم بارماغى ۋەسفىن نىچە يازەم،
قەلەم ئاجىز ئانۇڭ ۋەسفىندە هەر دەم.
ئىكى سەف كىرپۇك ئىلە چەشمى قەتتال،
قەزا شاهىندۇر ئاچمىش پەرۇ بال.
ئىكى قاشى چەكىلمىش ئىكى شەمشىر،
كەمانى فىتنەيە مۇژگانلارى تىر.
ياراشمىش ئىنمىش ئەبرۇسىنە دەستار،
جەبىنىن لەۋهى مەهفۇز ئېتمىش ئول يار.
گۇزەللىك جامەسى غايەت ياراشمىش،
جەمالى پۇركەمالى هەددەن ئاشمىش.
مۇسەللەم قامەتىنۇڭ ئېئتىدالى،
ئەلىفدۇر قىلمەسەل ئول سەرۋ دالى.
نىجە ۋەسف ئىدەم ئول شاهى جەمىلى،
كەمالى هۇسنىنۇڭ بۇدۇر دەلىلى.
كى هۇسنۇ خۇلقىنۇڭ ۋەسفىندە ناچار،
ئېدەر ۋەسسافلار ئەجزىنى ئىزهار.
گەلۇپ سەييارەلەرلە ماهى كەنئان،
بۇ شەهرۇڭ سايىرىنە ئولدى سەيران.
ئو خەلقى گۆرديۇ خەلق ئانى گۆردى،
گۆرەنۇڭ كۆڭلىنە هەيبەت دۇشۇردى.
مەقامى ئىشقە ئېتدى خەلقى ئىرشاد،
گۆرەنلەر ئاشىق ئولدى، قىلدى فەرياد.
ئالۇرلار ئىككى جانىبدەن سەلامىم،
گۆرۈرلەر ئىهتىرامۇ ئىهتىشامىم.
ئىرىشدى ئىززەت ئىلە بىر سەرايە،
هەۋاسى دىل گۇشا رەئنا فەزايە.
گۆرەنلەر ئولدىلار خاتىر مۇشەۋۋەش،
گۆڭۆللەر خانەسىنە سالدى ئاتەش.
ئىشىگى ئولدى مىقناتىسى ئىنسان،
كىمى نالان كىمى سوزانۇ گىريان.
تولا شۇرلاردى دىلبەرلەر مەقامىن،
مەلەكلەر نىتەكىم كەئبە هەرامىن.
ئارلار دەردىنە هەر بىرى چارە،
تۇزۇرلار مۇنتەزىر دىدارى يارە.
قاپۇسىنە ئانۇڭ گۈن گىبى شەهر بارە،
ۋەرۇردى بىر ۋەران بىر دەخى تەكرار،
ئېدەردى ئالەمى دەرماندەۋۇ زار،
ئۇمىدى فەتهى بابى ۋۇسلەتى يار.
قۇلۇبى ئاشىقىنە جەزبە سالدى،
گۆرەنلەر ئىشقى دەرياسىنە تالدى.
بەهار ئەييامىنە بەڭزەردى گۇيا،
كى خەلقى ئەيلەدى مەجنۇنۇ شەيدا.
هەرامى گىبى ئىشقى بىنئەمانى،
سويار ئۇريان ئېدەر خەلقى جىهانى.
قاپۇسى دۆندى بىر دارۇش ـ شىفايە،
گەلۇر مەجنۇنۇ شەيدالار ئۇرايە.
تۇرۇردى مۇنتەزىر دەرد ئەهلى قات قات،
تەجەللايە نىتەكىم ئەهلى جەننەت.
گۆرەنلەر بىر دەخى گۆرمەكدە هەيران،
يۇزىنى گۆرمەيەنلەر ئەيلەر ئەفغان.
ئو بىر كەز گۆرمەدەن ئېتمەز قانائەت،
بۇ قىلماز ئارزۇسىندەن فەراغەت.
گۆڭۆللەر ئىشتىياقىندەن پەرىشان،
گۆرەنلەر گۆرمەيەنلەر ئولدى يەكسان.
يۇزىنۇڭ نۇرى ئىدى بەرقى ئافاق،
تەماشا ئىدەمەزدى ئاينى ئۇششاق.
بەقانۇڭ ئولۇر ئىدى ئەقلى زايىل،
جەمالىن گۆرمەگە ئولمازدى قابىل.
جەمالىنە مۇهىت ئولمازدى ئىدراك،
گۆرەنلەر دىرلەر ئىدى «ما ئەرەفناك».
گۆزۈر مالىك كى يۇسۇف بولدى شۇهرەت،
قۇل ئولدى ئاڭا يەتمىش ئىكى مىللەت.
ئىرىشۇر ئىشقى ئەربابى شۇهۇدە،
ئولۇر بىر زىلزىلە بەيتى ۋۇجۇدە.
نىهان ئەندەر نىهان ئېتدى هەمان دەم،
يۇزىنى گۆرمەز ئولدى ئەينى ئالەم.
تەسەۋۋۇف رازى گىبى ئولدى مەكزۇم،
نىچە كۈن ئولمادى ئەهۋالى مەئلۇم.
هۇزۇرىنە ئىرىشمەز ئولدى ئىنسان،
مەگەر سەۋتۇ سەدايى ئاهۇ ئەفغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## كەمالى مەھەببەتۇڭ جەلال ئەزەمەتىندەن گۈنەشدەن زەررە دەگىزدەن قەترە ھىكايەت ۋە رىۋايەت قىلىنغانلىقى

كەل ئەي كەششافى ئەسرارى مەھەببەت،
كەل ئەي ۋەششافى ئەخبارى ھەقىقەت.
مەھەببەت مۇرشىد ئولۇر ئاشىقانە،
جەناھى مەئنەۋىدىر مۇرغى جانە.
ۋۇجۇدۇڭ كەشتىسى دەريايى ھەيرەت،
خەلاس ئېتمەز سىنى ئىللا مەھەببەت.
دۆنەر بەھرى مۇھىتە ئاشىقى زار،
كى ئانۇڭ ھەر ۋىلايەتدە دىلى ۋار.
يۈرى ۋار، پادىشاھى ئىشقە قۇل ئول،
قوماز كىندۇ غەرىبىنى مەلۇل ئول.
ئاچۇقدۇر ئاشىقۇڭ ھەر لەھزە ئەينى،
گۆرۈر بەقدۇقچە بۇدەل ـ مەشرىقەينى.
ئەنىسۇ ھەمدەم ئول ئىشقى مۇفىدە،
سۇرۇرى سىنەدۇر ھەم نۇرى دىدە.
مەھەببەت ئەھلى ھالە دادى ھەقدۇر،
غىزايى رۇھدۇر، گۆزدۇر، قولاقدۇر.
تەجەللى ئالەمىندە رۇزى قىسمەت،
نەسىبى ئولانا ئېردى بۇ دەۋلەت.
ھەر ئادەمدە مەھەببەت زاھىر ئولماز،
ۋىلايەت ھەر كىشىدە سادىر ئولماز.
شۇ توپراقدەكى ئەسلى جەۋھەر ئولماز،
ۋۇجۇدىندە ئانۇڭ سىمۇ زەر ئولماز.
ۋەلى قىسمى ئولانۇڭ رەسمى جىسمى،
ئولۇر گەنجىنەئى ئىشقۇڭ تىلىسمى.
سەرا ـ سەر يېردەۋۇ گۆكدە نەكىم ۋار،
كىمى مەئشۇقۇ كىمى ئاشىقى زار.
بەنەفشە ئاشىقۇ گۈل زاتى مەئشۇق،
مەھەببەتدەن دەگۈلدۇر ھالى مەخلۇق.
كىمى خۇرشىدى ئىشق ئەيلەر سە پۇرشەۋق،
فىغانۇ نالە ئولۇر ئاڭا بىر زەۋق.
مەھەببەت ئاشىقى ئېتمەز مۇشەۋۋەش،
گۈلىستان ئولۇر ئىبراھىمە ئاتەش.
زىيادە ئاشىقۇڭ غەمدۇر سۇرۇرى،
ئولۇرمىش بىھۇزۇر ئولماق ھۇزۇرى.
مەھەببەت ئاتەشنى ئەيلە پىشە،
زەرى خالىس ئىدەر قەلبى ھەمىشە.
مەھەببەت بۇلبۇلى ھەر شاخە قونماز،
گۈمۈش توپراغى ھەر يېردە بولىنماز.
دىل ئول دىلدۇر كى ياقا ئىشقى نارى،
گۆز ئول گۆزدۇركى گۆرە رۇيى يارى.

شەرابى ئىشق ئىلە ئول كىم يىقىلمەز،
جىھاندا ئاغزىنۇڭ دادىنى بىلمەز.
بۇ گۈلزارە ئىرەم دېرسەڭ مۇھەسسەل،
يۈرى كەسبى لىياقەت ئەيلە ئەۋۋەل.
سەئادەت ئاڭاكىم ئاشىق بۇلىندى،
سەرىرى دەۋلەتە لايىق بۇلىندى.
قۇل ئولان ئىشقا ئولۇر غەمدەن ئازاد،
غەمى ئىشق ئەيلەر ئىمىش ئادەمى شاد.
ئىدەر دەرۋىشى بىر دالى خەمىدە،
يۆنەلدۇر دەۋلەتى ھەل مىن مەزىدە.
مەجاز ئېسە دەخى تەرك ئېتمە ئىشقى،
ئولۇر ئايىنە پۇلادى دىمىشقى.
ھەقىقىيە مەجازىدەن يەقىن ئول،
گۈنۈڭ شەۋقىنە ئەيلە زىررەدەن يول.
كى ئاشىقلار بۇ فۇرقەت ئالەمىندە،
ئىدەر مەجنۇن گىبى ئادىنى زىندە.
گىدەر دارۇل ـ بەقايە ھەم ـ چۇ فەرھاد
سۆگىندە ئىشق ئىلە قور بىر ئەيىۇ ئاد.
ۋارۇپ بىر كىشى مەۋلانايى رۇمە،
دېمىش: «ئەي شەيخ ئولان شەھرى ئولۇمە
بەنى قىل مەسنەۋى ئىلمىندەن ئاگاھ.
كەرەم ئەيلە باڭا ئول مۇرشىدى راھ.
ھۈۋەيدا ئەيلە بۇ سىررى نىھانى،
خەيالاتى رۇمۇزى ئاشىقانى.
دېمىش ئول: ئادەمە ۋار يۈرى تەئجىل،
كىتابى ئىشقى ئەۋۋەل ئەيلە تەھسىل.
ئىشۇڭ ئولمايە دېرسەڭ بۇيلە دۇشۋار،
سەبا ۋەش كۇھسارى ئىشقە دۇشۋار.
غىزايى رۇھى گۆزلە بەسلەمە تەن،
چىقار تەن پەنبەسىن جان قولاغىندەن.
رىيازەت بىرلە ئولماق گەرەكدۇر،
مەھەببەت پىشەۋا ئولماق گەرەكدۇر.
ئاڭا كىم ئىشق ئولا ھامىيۇ ھادى،
ئولۇر بۇ كەسرەتۇڭ خەيرۇل ـ ئىبادى.
بۇ تەئزىمە سەزاۋار ئول سەزاۋار،
گىدەر بارى گىرانى غەفلەتى ۋار.
كىشىدە زەۋقى ئىشق ئولسە زىيادە،
بولۇرلار ئەينى ئىلمىنى گۈشادە.
ئەگەر ۋار ئېسە ۋىجدانۇڭدە ھالەت،
كىتابى ئىشقىدەن دىڭلە رىۋايەت.

# يەھيابېي ۋە ئۇنىڭ «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانى

تۇرسۇن ھوشۇر

يەھيابېي (مىلادى 1582 - يىلى ۋاپات بولغان) ئالبان مىللىتىدىن بولۇپ، تۈركىيىدە ياشاپ پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. تولۇق ئىسمى تاشلىجالى يەھيا. دۇكاكىن بەگلىرى نەسەبىدىن بولغاچقا، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دۇكاكىن زادە» سۆزى قوشۇلۇپمۇ ئېيتىلىدۇ. يەھيا بەينىڭ قايسى يول بىلەن تۈركىيىگە كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇ ئىستانبۇلغا كېلىپ، يەنىچەرى كاتىپى شاھ اپ بەينىڭ خىزمىتىگە كىردى. بىر تەرەپتىن ئەسكەرلىكتە پىيادىلەر ئوفىتسېرلىقىغا كۆتۈرۈلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەم ئەلەمدە، ھەم قەلەمدە تەڭ يېتىلدى. ئۇ يازغان شېئىرلىرى بىلەن زامانىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرىنىڭ ۋە ئوسمانلار پادىشاھى قانۇنىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋەخپىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مۆتىۋەللىلىككە قويۇلدى. ئۇنىڭ رۇستەم پاشانىڭ دەسلەپكى باش ۋەزىرلىكىگە توغرا كەلگەن (1553 - 1544) بۇ بەختىيار دەۋرى، شاھزادە مۇستافانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. پادىشاھ بىلەن بىرگە قاتناشقان ئىران سەپىرىدە رۇستەم پاشانىڭ ھىيلىسى بىلەن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن شاھزادە ئۈچۈن «مەدەت مەدەت بۇ جاھانىڭ ھەريانى، ئەجەل قاپقىسى تۈرك ئالدى مۇستافاخانىنى» دېگەن بېيتى بىلەن باشلانغان مەشھۇر مەرسىيىنى يازغاچقا نەزەردىن چۈشتى. ئەمما رۇستەم پاشانىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشى بىلەن جېنىنى ساقلاپ قالدى. رۇستەم پاشا ئىككىنچى قېتىم باش ۋەزىرلىككە سايلانغاندا (1555 - يىلى)، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پادىشادىن ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ، پادىشاھ قانۇنى رۇخسەت قىلمىدى. يەھيابېي ئىستانبۇلدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى چېگرىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ھاياتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىنى بوسنا تامىشۋاردا ئۆتكۈزدى. مازىرى زوۋېرنىكتە.

يەھيابېي ياشلىقىدا شام، پەلەستىن، مىسىر تەرەپلەرنى ئايلىنىپ ھەججازغا باردى. ئۇنىڭدىن باشقا پادىشاھ قانۇنىنىڭ باغداد سەپىرىگە قاتناشقانلىقى (1554-يىلى)، فۇزۇلى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى مەلۇم. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ 1582 - يىلى 90 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغان.

يەھيابېي XVI ئەسىر ئوسمانلار شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، دىۋان ۋە خەمسە ئىگىسى بولغان شائىر ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىزمەت ئۆتىگەندىن باشقا، قەسىدە، دىۋان ۋە خەمسە يازغان. يەھيا بەينىڭ خەمسەسىنى تەشكىل قىلغان ئەسەرلەر: «يۇسۇپ - زىلەيخا» «گۈلشەنى ئەنۋەر» «شاھ ۋە گادايى» «كىتابى ئۇسۇل» ۋە «گەنجىنەئى راز» لاردىن ئىبارەت. مەلۇماتلاردىن قارىغىنىمىزدا يەھيابېي نىزامى، خۇسرەۋ، جامى ۋە نەۋائىيدىن قالسا خەمسە يازغانلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بەشىنچىسى ئىكەن. يەھيابېينىڭ «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانى كىرىش ۋە خاتىمەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 113 كىچىك ماۋزۇغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 5179 بېيىت، 10358 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

«يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنىڭ مەزمۇنى: ئەڭ دەسلەپتە تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان ۋە قۇرئاندا ئەھسەنۇل - قەسەس (ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى) دەپ باھا بېرىلگەن. يۈسۈف قىسسىسى تۈركىي خەلقلەر، ئىران ۋە ئەرەب ئەدەبىياتلىرىدا ئورتاق تېمىغا ئايلانغان بولۇپ، تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يۈسۈپ - زىلەيخا داستانىنىڭ يۈزدىن ئارتۇق نۇسخىسى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، دادىلىرىنىڭ يۈسۈپنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ھەسەت قىلغان قېرىنداشلىرى ئۇنى (يۈسۈپنى) قۇدۇققا تاشلايدۇ ۋە دادىلىرىغا قان يۇقى كۆڭلىكىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. قۇدۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قۇل سودىگەرلىرى تەرىپىدىن چىقىرىۋېلىنغان يۈسۈپ بولسا، مىسىرغا ئاپىرىلىپ قۇل ئورنىدا سېتىلىدۇ. مۇئەللىمىنىڭ ئايالى زىلەيخا، يۈسۈپنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، يۈسۈپمۇ زىلەيخانىڭ ئاشىقلىقىغا قارشىلىق قىلمايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمىگەن ۋە يۈسۈپنى ئەيىبلىك دەپ قارىغان مۇئەللىمى ئۇنى زىندانغا تاشلىتىدۇ. يۈسۈپ زىنداندا تۇرۇپ بىر چۈشكە تەبىر بېرىدۇ. بۇ چۈشنىڭ ئۇدۇل كېلىپ قېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، فىرئەۋىنىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىش ئۈچۈن چاقىرتىلىدۇ. كېيىن زىنداندىن بوشىتىلىدۇ. شۇ ئارىدا بۇرۇنقى مۇئەللىمى ئۆلىدۇ. يۈسۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىنىدۇ ۋە زىلەيخا بىلەن توي قىلىدۇ. تەبىر بېرىلگەن چۈشىمۇ ئەمەلىيلىشىدۇ: زور قەھەتچىلىك باشلىنىدۇ. ئەمما مىسىردا يۈسۈپنىڭ نەسەھەتلىرى بويىچە تەدبىر كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن قىسىنچىلىق بولمايدۇ. قېرىنداشلىرىمۇ يېمەك - ئىچمەك ئېلىش ئۈچۈن مىسىرغا كېلىدۇ. يۈسۈف دەسلەپتە تونۇشلۇق بەرمەيدۇ، خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن تونۇشلۇق بېرىدۇ ۋە دادىسى ياقۇپ بىلەن پۈتۈن ئائىلىسىنى مىسىرغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

بۇ ھېكايە بىر پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاندىكى شەكلى بويىچە ئېلىنغان. گەرچە تۈركىي خەلقلەر، ئىران ۋە ئەرەب سەنئەتچىلىرى ئىشلىگەن «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنىڭ يۈزدىن ئارتۇق نۇسخىسى بولسىمۇ، ئايرىم جايلىرى ھەر بىر سەنئەتچىنىڭ ئۆز چۈشەنچىسىگە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قاراپ ھەر خىل مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ھېكايىنىڭ جەلپكارلىقى ئاشۇرۇلغان. ھەجىم جەھەتتىنمۇ كۆپ پەرقلەر بولغان، يەھيابېينىڭ بۇ داستانى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى، ھەجىم جەھەتتىن بىر قەدەر چوڭ، يەرلىك پۇراقى ئىگە بولغان داستان ھېسابلىنىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەھيابېي بۇ داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. بۇمۇ «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. يەھيابېي ۋە ئۇنىڭ «يۈسۈپ زىلەيخا» داستانى ھەققىدىكى پىكرىمىز ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن راست گەپ قىلىدىغان بولساق، بىزدە سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىق يوقنىڭ ئورنىدا. كەلگۈسىدە سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىقتا قىزىققۇچىلار چىقىپ قالسا، ئۇلارغا بىر ماتېرىيال بولۇپ قالسۇن دەپ، يەھيابېينى تونۇشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ «يۈسۈپ زىلەيخا» داستانىدىن پارچىلار بەردۇق.

# ،،قۇتادغۇبىلىك،، ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى

**شەرىپىدىن ئۆمەر**

ماركسىزم ئاساسچىلىرى ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىنى «ئىنسانىيەت شۇ دەۋرگىچە بېشىدىن كەچۈرگەن ھەممە ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك پروگرېسسىۋ ئۆزگىرىش»① دەپ ئاتاپ، بۇ بۈيۈك تارىخىي ھادىسە، ئالىگىر دانتى لېئوناردۇ داۋىنچى ئالبىرخت دىيۇرىر، ماكاۋېللى ۋولتېر قاتارلىق سەنئەتكار، يازغۇچى ۋە ئالىملارنىڭ پائالىيىتى ۋە يۇقىرىقى ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىجتىمائىي سىياسىي پەلسەپىۋى ئىستىېتىك قاراشلىرى XVIII ئەسىر فرانسۇز مەرىپەتپەرۋەرلىرى روسسو، ۋولتېر، دىدرو، گولباخ، دالامبېر قاتارلىق تارىخنىڭ بۈيۈك سىمالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ئىجادى «فرانسىيىدە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان» ئىنقىلاب (1789 — 1794 - يىللىرىدا بولغان ئىنقىلاب) ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتقان بۈيۈك زاتلار»② ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىگە بەرگەن يۇقىرىقى باھاسىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەشمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ قانداق شارائىتتا قاچان باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىگە توختالغاندا «بىرىنچى كاپىتالىستىك دۆلەت ئىتالىيە ئىدى. فېئودال ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك دەۋرىنىڭ بېشىدا غايەت بۈيۈك، بىر سىيما ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ سىيما — ئىتالىيان دانتى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زامانىنىڭ بىرىنچى شائىرىدۇر.» ③ دەپ كۆرسىتىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ دەۋر (ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى) بىلەن بۇ، دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ سىمالارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دەۋر ئۇلۇغ سىمالارغا موھتاج ئىدى. بۇ دەۋر ئۆز تەپەككۇر كۈچى ۋە ئىختى-

---

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا» 332 - بەت (رۇسچە)؛

② ماركس، ئېنگېلس — يۇقىرىقى كىتاب 363 - بەت

③ يۇقىرىقى كىتاب 332 - بەت

www.uyghurkitap.com



راس خاراكتېرى جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە ئالىملىق جەھەتتىن ناھايىتى ئۇلۇغ سىيما-لارنى يېتەشتۇرۇپ بەردى»، «ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ خاسىيەتلىك نەرسە شۇكى، ئۇلارنىڭ دېيەرلىك ھەممىسى ئۆز زامانلىرىنىڭ زىددىيەتلىك مەنپەئەتلىرى ئارىسىدا ياشىدى. ئەمەلىي كۈرەشلەرگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشتى. ئۇ ياكى بۇ پارتىيە تەرەپكە ئۆتۈپ بىرى سۆز بىلەن يەنە بىرى قەلەم بىلەن، باشقىلىرى بولسا، ھەم قەلەم ھەم قىلىچ بىلەن كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلارنى كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن خاراكتېر پۈتۈكلۈكى ۋە كۈچى شۇنىڭدىن ئىبارەت»①.

يۇقىرىقىلار غەرب ئويغىنىش دەۋرى توغرىسىدىكى ئېنىق ۋە توغرا مەلۇماتلاردىن ئىبارەت. ئەمدى شەرقتە ئويغىنىش دەۋرى بولغانمۇ يوق؟ بولغان بولسا قاچان، قايسى دەۋردە بولغان، غەرب ئويغىنىش دەۋرى شەرق ئويغىنىش دەۋرىگە تەسىر قىلغانمۇ ياكى شەرق ئويغىنىش دەۋرى غەرب ئويغىنىش دەۋرىگە تەسىر قىلغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

غەربتە ئويغىنىش دەۋرى فېئودالىزمنىڭ ئاخىرى كاپىتالىزم فورماتسىيىسىگە ئۆتۈش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇنى ئوچۇقراق ئېيتساق: XV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى فرانسۇز مەرىپەتپەرۋەرلىك دەۋرىگە ئۇلىشىپ فرانسۇز ئىنقىلابى 1789 — 1794 - يىللىرى يۈز بەرگەن فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى تەييارلاشقا ئىدىيىۋى مەنبە بولغان.

شەرقتە ئويغىنىش دەۋرى بولغانمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ماركس بىلەن ئېنگېلس تولۇق تەتقىق قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن. بۇ شەرقتە ئويغىنىش مەسىلىسى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇرژۇئا تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان شۋېيتسىيىلىك ئالىم ئادام مېتسىنىڭ 1922 - يىلى، گېيدېلبېرگدە بېسىلىپ چىققان «مۇسۇلمان رىنسانسى» (1966 - يىلى مۇسكۋا «پەن» نەشرىياتىدا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلىپ چىقتى) ناملىق كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر، شەرقتە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. گەرچە بۇ ئاپتور شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ماركسچە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ماركسچە شەرقشۇناسلار ئۈچۈن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. نەتىجىدە سوۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ شەرق مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش ۋە شەرق پەلسەپە تارىخىدا، شەرق ئويغىنىش دەۋرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كەڭ مۇنازىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ توغرىلىق بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مۇنداق ئەسەرلەرگە: 1944 - يىلى يېزىلغان نوگتىمستېپىگىرىنىڭ «روستاۋېلى ۋە شەرق رىنسانسى»، 1948 - يىلى يېزىلغان ئى. جاۋاشۋېلىنىڭ «گروزىن تارىخى» ۋ. ك. چالاۋانىڭ «ئەرمەن رىنسانسى» (1963 - يىلى) ۋە ئى. فىلىشتىنسكى، ئى. س. براگىنسكى، ۋ. ب. نىكتىن، ئى. ۋ بورودىنا قاتارلىقلارنىڭ IX، XIV ئەسىرلەردىكى پارس، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئويغىنىش دەۋرى ھەققىدىكى

① يۇقىرىقى كىتاب 325 - بەت

ئەسەرلىرى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. جۈملىدىن ۋ. م. ژىرمۇنسكىنىڭ «ئەلىشىر
نەۋائىي ۋە شەرق ئەدەبىياتىدا رىنېسسانس» (1961 - يىل) ماقالىسى ۋە كېيىنكى يىل-
لاردا ئۇلۇغبېك، ئەلى قوشچى ۋە نەۋائىي توغرىسىدا يېزىلغان بىر قاتار ماقالىلەر ئەنە
شۇ تىپتىكى ماقالىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بولۇپمۇ شەرق ئويغىنىش دەۋرىنى 1955 - يىلدىن كېيىن قېتىرقىنىپ تەتقىق
قىلىشقا باشلىغان ئاكادېمىك ئى. ن. كونرادنىڭ بىر قاتار ماقالىلىرىدە شەرق خەلق-
لىرى خۇددى ياۋروپا خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئويغىنىش — رىنېسسانس دەۋرىنى ئۆتكۈز-
گەنلىكى، بۇ خەلقلەر ئويغىنىش دەۋرىنى بەلكى ياۋروپا خەلقلىرىدىن بىرنەچچە ئەسىر
ئاۋۋال (IX ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە) بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى پاكىتلار بىلەن ئىس-
پاتلاپ، پۈتۈن دۇنيا ۋە سوۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.
ئۇنىڭ بۇ توغرىدا يازغان 1966 - يىلى «غەرب ۋە شەرق» دېگەن نام
بىلەن توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

شەرق ئويغىنىش دەۋرى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا مەلۇم بولغان ئەرەب ئىمپېرى-
يەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يېقىن ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدە
بولۇپمۇ ئىران، زاكافكازىيە قاتارلىق تۆرلۈك مەملىكەتلەردە IV — V ئەسىرلەردىن باش-
لاپ ئۇزاق دەۋرلەر داۋام قىلغان قۇللۇق دەۋرى يىمىرىلىپ، فېئودالىق مۇناسىۋەت-
لەر راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

قەدىمكى دەۋر مەدەنىي مىراسلىرى: مىسىر، سۇرىيە ۋە كىچىك ئاسىيادا خېلىلا
ساپ ھالدا ساقلىنىپ قالغانىدى. مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىلا ئېلىنىزم شەرقتە ئىك-
كى ئىلىم مەكتىپى ئارقىلىق كەڭ شۆھرەت قازانغانىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئىسكەندىرىيەدە،
ئىككىنچىسى ئەدىسسىيەدە بولۇپ، ئۇ يەرلەردە چوڭ - چوڭ كۇتۇپخانىلار ئېچىل-
غانىدى. ئۇ يەرلەرگە مەشھۇر ئالىملار توپلانغان بولۇپ، ئۇلار جىددىي ئىلمىي
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئىجادىيەت ئېلىپ باراتتى. بىراق خىرىستىئانلار ماكانى
بولغان ۋىزانتىيەدە ئىلىم ئەھلى «مەجۇسىيلەر» دەپ ئېلان قىلىنىپ تەقىپ ئاستىغا
ئېلىنغىنى ئۈچۈن، نەتىجىدە VI ئەسىرگە كەلگەندە، «ئىسكەندىرىيە» مەكتىپى تارمار
قىلىندى. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي خىرىستىئانلارنىڭ نېستورىئانلىق مەزھىپى
«كۇپپار» دەپ ئېلان قىلىنىشى نەتىجىسىدە «ئەدىسسىيە» مەكتىپىمۇ ئۇجۇقتۇرۇلدى.
نېستورىئانلار مەزھىپىدە بولغان نۇرغۇن ئالىملار باشپاناھ ئىزدەپ ئىران ۋە ئوتتۇرا
ئاسىياغا قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار كېيىن «نىسىبىن» شەھىرىگە يىغىلىپ ئۆز
مەكتەپلىرىنى قايتا تىكلىدى. بۇ جايدا ئۇلار تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە
ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. 529 - يىلىدا يېپىلغان ئافىنا ئاكادېمىيىسىنىڭ تەقىپ سۈر-
گۈنگە ئۇچرىغان ئالىملىرى ئىراننىڭ «جوندىشاپۇر» شەھىرىدە باشقا بىر يېڭى مەك-
تەپكە ئاساس سالغانىدى.

ئىران ئەرەب ئىستېلاسىغىچە ساسانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ ئىقتىسادىي
گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى يۇقىرى دۆلەت ئىدى. ئىراندا بۇ خىل ئىلمىي مەكتەپلەر،

ئىلمىي مەركەزلەرنىڭ ئېچىلىشى ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئېھتىياجلىرىغا ماس كەلگەچكە ئىلىم پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ياخشى قولاي شەرت - شارائىت يارىتىلغانىدى. ئىراندا يۇنان (لاتىن) تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ پارس، سۈرىيە تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى دەل مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىراننىڭ قەدىمكى مەدەنىي ئەنئەنىلىرىگە كەلسەك، ئەرەبلەر ئىستېلاسىغا قەدەر بۇ يەرلەردە ياشىغان ئاھالىلەر ئەرەب ئىستېلاچىلىرىغا قارىغاندا سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ خېلىلا يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇراتتى. تارىختىن بىزگە مەلۇمكى، خارەزم، سۇغدىيانا، مەرغىنان، باكتىرىيە قاتارلىق شەھەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق سىستېمىسى خېلىلا راۋاجلانغان رايونلىرى بولۇپ، ئاھالىسى ئۆز تارىخىنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىلا يۈكسەك مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، مەدەنىيىتى راۋاجلانغان خەلق ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ IX — XV ئەسىرلەردىكى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئېرىشكەن ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلىرى ئەنە شۇ يۇقىرىقى قەدىمىي ئۇتۇقلارنىڭ بىۋاسىتە داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەرەبلەر ئىستېلاسىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىراننىڭ ئەھمانى ۋە ساسانىلار خانلىقلىرى ئارقىلىق ئۆتۈپ كەلگەن قەدىمكى بابىل ئاسترونومىيىسىنىڭ ھەمدە يۇنان ئاسترونومىيىسىنىڭ جىددىي تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىلا بۈيۈك يىپەك يولى بۇ جايلارنى (غەرب بىلەن شەرق) سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە بىر بىرسىگە باغلىغانىدى. ئىككىنچىدىن ئەنە شۇ يىپەك يولى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ جايلاردا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى راۋاجلىنىپ، يۇنان ئاسترونومىيىسىگە قىزىقىش، شۇنىڭدەك ئومۇمەن يۇنان پېنى ئېرىشكەن نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى باشلانغانلىقى بىزگە تارىختىن مەلۇم.

ئەرەب ئىستېلاسىدىن كېيىن مەركەزلەشكەن دۆلەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئالدىنقى پاراكەندە تېررىتورىيىلەرنىڭ بىردىنبىر تىل بىلەن باغلانغان ھالدا سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە مەنىۋى بايلىقلارنى ئۆزئارا ئەركىن ئالماشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ دەۋردە ئەرەب تىلى ھۆكۈمران سىنىپ تىلى سۈپىتىدە دۆلەت تىلى بولۇپ شەكىللىنىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت تىلىغا ئايلانغانىدى.

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىدە كۆپلەپ ئىلمىي ئوچاقلار پەيدا بولدى. بۇ ئىلمىي ئوچاقلار ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىدە بىرىنچىدىن خەلىپىلىك دائىرىسىگە كىرگەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئېرىشكەن ئىلمىي ئۇتۇقلىرى، ئىككىنچىدىن گرېك، رىمنىڭ قۇللۇق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ناھايىتى باي مەدەنىي ئۇتۇقلىرىنى غايىۋى مەنبە قىلىپ، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ يېڭىدىن تۇغۇلغان سىياسىي ئىقـ

تىسادىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا بارلىق كۈچ قۇۋۋەتلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىدە ئىلىم-پەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. سارايلار، مەسچىت-مەدرىسىلەر قېشىدا كۇتۇپخانىلار بەرپا بولدى.

ئىلىم-بىلىم، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلغان سودا-سېتىقى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئەرەبلەر ھىندىستان، جۇڭگو، ۋىزانتىيە، رۇسىيە، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا-سېتىقنى يولغا قويۇپ ۋولگا بويلاپ ئۇزاققا بېرىشقا باشلىدى، بالتىق بويى قىرغاقلىرىغا بېرىپ يەتتى. مەركىزىي ئافرىقىغا كىرىپ، غەربىي ئافرىقا قىرغاقلىرىنى ياقىلاپ ماداغاسكارغا ئۈزۈپ يەتتى. جۇڭگو ۋە شۋېتسىيە ئىمپېراتورلىرىنىڭ سارايلىرى قېشىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئەلچىخانىلىرى قارار تاپتى. بۇ ھال گۈللەپ ياشناۋاتقان ئەرەب خەلىپىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ دۇنياغا يېيىلىشى، ئۇ جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ جۇغلىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى.

خەلىپىلىكنىڭ بىرىنچى ئىلمىي مەركىزى باغداد ئىدى. VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئالىملار، تەرجىمانلار، كۆچۈرگۈچى ئۇستا خەتتاتلار گۇرۇھى، كاللىگرافلار، مىناتورىستلار يىغىلىپ زور كۈچ بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىن چىققان مۇتەپەككۇر زاتلار بولۇپ، خىلمۇ خىل مىللەت ۋەكىللىرى ئىدى. مەسىلەن، بۇ چاغدا ئىلمىي مەركەز بولغان باغداد ۋە دەمەشقتە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان فەرغانى، خارەزمى يۇھاننا ئىبنى ھەيلۇن، فارابى مەرۋەزى، تۈركىي، بەتتۇنى، جاھىزى، نەززىم، كىندى قاتارلىق ئالىملار يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. جۈملىدىن ئەڭ يېقىنقى تەتقىقاتتىن مەلۇمات بەرگۈچى يوروسىشكىنىڭ ئېيتىشىچە: گ. زوتتىر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ماتېماتىك ۋە ئاسترونوملار رويخېتىگە كىرگۈزۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خۇراسان ماۋەرائۇننەھر، باكترىيە، فەرغانىدىن چىققان ئالىملار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شەھەرلىرىدە چوڭ-چوڭ كۇتۇپخانىلار بولۇپ، ئۇلار ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن داۋاملىق تولۇقلىنىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق كۇتۇپخانىلار ھەم تىنىمسىز ھالدا ئىشلەپ تۇراتتى.

خەلىپە ئەل-مۇئمىنىنىڭ ھامىيلىقىدا (813 — 833) باغدادتا «بەيتۇل-ھېكمە» (دارۇل-ھېكمەت) نامى بىلەن ئاتالغان ئۆزىگە خاس ئاكادېمىيە قارار تاپتى. باغدادتىكى ھەممە ئالىملار ئەنە شۇ ئاكادېمىيىگە ئۇيۇشقانىدى. «بەيتۇل-ھېكمە» قېشىدا رەسەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ خادىملىرى ئاسترونومىيىگە دائىر كۆزىتىشلەرنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېلىپ باراتتى. ئىلمىي نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىرىپ تۇراتتى. ماتېماتىكا، جۇغراپىيە جەھەتتە بىر تۈركۈم تەتقىقات ئىشلىرىنى باشلاپ ئەكلىپتىكا قىيالىقى ۋە مېردىئان گرادۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى يېڭىدىن ئۆلچەپ چىقىشتى. ھىندىلارنىڭ ئاسترونومىيىگە دائىر يازغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)

www.uyghurkitap.com

ساھەسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ جانلىنىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. باغدادتىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقتە تۇراقلىق دەۋرلەردە قاھىرە، دەمەشىق، رەي، ئۈرگەنچ، بۇخارا، غەزنە، سەمەرقەند، ئىسپاھان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرمۇ ئىلمىي مەركەزلەر بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئىلىم-پەننىڭ يۈكسىلىشىدە تەرجىمىچىلىك غايەت زور رول ئويناپ كەلدى. چۈنكى مەدەنىيەت ھادىسىسى يەككە-يېگانە ھادىسە ئەمەس بەلكى ئۇ سىنكرىتىك ھادىسە بولۇپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ياراتقان باي مەدەنىيىتىنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈشى، تەسىر قىلىشى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، بېيىپ كامالەتكە يېتىدۇ. بۇ ھادىسە تىل جەھەتتە بىر-بىرىدىن يىراق بولغان خەلقلەر ئۈچۈن پەقەت تەرجىمە ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەرەب خەلىپىلىكى تېررىتورىيىسىدە VII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت تەرجىمىلىرى ئاتالمىش ئەرەب مەدەنىيىتىگىمۇ، ئۆچكەن غەرب ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ، ئوخشاشلا غايەت قۇدرەتلىك بىر تۈرتكە بولدى.

بۇ چاغدا جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا ئىككى بۈيۈك تەرجىمە مەكتىپىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭ بىرى قەدىمكى گرېك-يۇنان ئالىملىرى ياراتقان كلاسسىك ئىلىم-پەن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان، شەرھلەيدىغان ۋە كۆچۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان باغداد تەرجىمە مەكتىپى (ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى) ئىككىنچىسى — ئەرەب تىلىدا يارىتىلغان باي ئىلمىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى غەربىي ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان تولدا تەرجىمە مەكتىپى (بۇ شەھەر ئىسپانىيىدە). ھەر ئىككى تەرجىمە مەكتىپى جاھان ئىلىم-پەن تەرەققىياتىدا مىسلىي كۆرۈلمىگەن بۈيۈك رول ئوينىدى.

ئالىملار ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى بەزى چاغدا تاسادىپىي ۋەقەلەرگە دۇچ كېلىپ يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ نۇسخىلار ئەنە شۇ ئىككى تەرجىمە مەركىزىنىڭ نامايەندىلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەردە ساقلىنىپ قالغاندى. جۈملىدىن تارىخ دولقۇنلىرى توپىلاڭلار تۈپەيلى قەدىمكى گرېك-يۇنان ئالىملىرى ئىجاد قىلغان ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلار دۇنيادىن غايىب بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى ساقلىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجاد قىلغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئالىمقاچان يوقالغان بۈيۈك ئەسەرلىرى تولدا شەھىردىكى تەرجىمانلار خىزمىتى تۈپەيلى لاتىن ۋە يۇنان ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا غەربىي ياۋروپا خەلقلىرى تىللىرىغا قىلىنغان تەرجىمىلەر ئارقىلىق بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

تەرجىمە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىر-بىرىگە باغلىغان، ئۇلارغا ئاساس قۇرغان، بېيىتقان، مىسلىسىز ئۇلۇغ ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بىرلا مىسال: بۈيۈك ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇنەسىر فارابى تەرجىمىسى ۋە شەرھلىرى ئارقىلىق

ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەدىمكى ئۇلۇغ گرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېلنى غەرب باشقىدىن تونۇغان بولسا، شەرقتە فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىستوتېلى، ئىككىنچى ئۇستاز دەپ تونۇلغانلىقى ئەنە شۇ دەۋردىكى قىلىنغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە ئوچۇق مىسال بولالايدۇ. يۇقىرىقى تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم-پەن ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن مۇنداق مەنزىرىنى كۆرىمىز:

بىر تەرەپتىن قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى ئارخىمىد، ئارىستوتېل، پىتولىمى، گېرون، ئۆكلىد، گىپپارخ، يېۋدوس، گىراكلىت، كالىپپ، ۋېتروۋى، مىنلاي، تېئون، ئالكساندىرىسكى، ئارىستارىخ، ساموپلوۋىسكى، تارتانسكى، كېپپ، ئېلدىنىسكىلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇلار ياراتقان نەزەرىيىلەر چوڭقۇر ئۆگىنىلسە ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان ئەبۇلھەسەن ئىبنى ئەبۇ سەئىد ئەبدۇرەھمان ئىبنى يۇنۇس، ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللا خەففاش ئەل ھەسىب ئەل مەرۋەزى، نۇرىددىن ئەل-بەتتاجى ئەش-شىبلى، ئەۋھەدۇز-زەمان ئەبۇل بەرەكات ئەل باغدادى، ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئەل-قاراجايى، ئەھمەد ئەل فازىل ئەل-بۇخارى، پەخرىددىن ئەس-سەئاتايى، ئەل خۇراسانى، ئىسمائىل ئىبنى ئەررازى ئەج-جەزايىرى، ئەبۇسەفىل ۋايجان ئىبنى رۇستەم ئەل-كۆكخىنى، ئەبۇئەلى ئەل-ھەسەن ئىبنى ئەل-ھەيسام ئەل-مىسرى (بەسرى)، ئەبۇلفەتتاھ، ئابدۇراھمان ئەل-مەنسۇر ئەل-خەزانى، ئىبنى ئەش-شارىيى قۇتبىددىن ئەش-شىرازى، مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ مەنسۇر ئەن-نەيرىزى، نەسىرددىن ئەت-تۇسى، ئەبۇ ئوسمان ئىبنى لۇجان ئەبۇ ئەبدۇللا ئەل-خارەزمى، ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيئە، سەيپىددىن ئىبنى رەفىق، ئاكا-ئۇكا بانۇ مۇسالار، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، سابىت ئىبنى كۇرا، يەئقۇب ئىبنى تارىق، ئەل-مەغرىبى، ئەل-ئۇردى، ئەل-ماجىرايىتى، ئەبۇ مەنسۇر ئىبنى خەلدۇن ئەل-ئەسفىرازى، ئەر-رازى، ئىبنى ياقۇت، ئەل-كىندى، ئەر-رۇمى، ئەل-قۇسىشچى، ئەل-كاشى، ئۇمەر ھەيىيام، ئەل-پەرغانى، ئەل-فارابى، ئەل-بەتتۇنى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئىبنى ئىراق، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئالىملارنىڭ پەلسەپە، ماتېماتىكا، مېخانىكا، ئاسترونومىيىگە دائىر ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى ئۆزئارا ئەترىپلىق تەكشۇرۇپ ئۆگىنىلگەنىدى. شەرق ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ھەمكارلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مىللىتى، دىنى، ياشىغان مەملىكەتلىرى بىر-بىرىگە مۇتلەق يات ئەمەس ئىدى. خۇددى شۇ سەۋەبتىن گرېك-يۇنان ئالىملىرى پىلاتون، ئارىستوتېل، پىتولىمى، ئېۋكلىد پۈتۈن شەرق ئىلىم ئەھلىنىڭ تىلىدا ئەفلاتۇن، ئەرەستۇ، باتلىمۇس، ئۇقلىدوسقا ئايلىنىپ كەتكىنىدەك بۈيۈك شەرق ئالىملىرى؛ ئەل-فەرغانى-ئالفىرانۇس، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا-ئاۋىتسىنا، ئەبۇ رەيھان بىرونى ئالبۇرۇنا، ئىبنى باچە-ئاۋىنپەس (ياكى ئاۋىم پاچى)، ئىبنى ئەل-ھەيسەن-ئالگازان، ئەر رازقالى-ئازار خىيېل ئەل-بىترۇجى ئالپىتراگىي، ئىبنى رۇشىد-ئاۋېررۇئەس تەرىقىسىدە ياۋروپا ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۆز ئالىملىرى، بولۇپ قالغانىدى.

مانا بۇ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرق ئويغىنىش دەۋرى

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە مەنزىرىسىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشىدۇر.

ئەرەب ئىمپېرىيىسى VII - IX ئەسىر ئەتراپىدا گۈللەندى، بۇ دەۋردە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. كېيىن قوراللىق كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ئىمپېرىيە ئۆزىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇم ئىستىبداتلىقلىرى تۈپەيلىدىن قارشىلىققا ئۇچرىدى. نەتىجىدە خەلق قوزغىلاڭلىرى ئەۋج ئالدى. ئەبۇ مۇسلىم مۇقەننا، بابەك، زىنچىلار باشچىلىق قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىر بۇ خەلىپىلىكنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ كېلىپ، مۇستەقىل فېئودال دۆلەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. IX - X ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، شىمالىي ئافرىقا، ئەزەربەيجانلار، ئەرەب خەلىپىلىكى بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزمىلار، قاراخانىلار خانلىقلىرى قۇرۇلدى. بۇ دۆلەتلەردە ئويغىنىش دەۋرى مەدەنىيىتى ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە داۋامى تەرىقىسىدە گۈللىنىپ راۋاجلاندى. چۈنكى ئۇ دەۋرلەرنىڭ دۆلەت شەكلى سىستېمىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۇرۇشكە ئېلىپ كەلدى. شۇڭا بۇ جايلاردا ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە رېنېسانس — ئويغىنىش دەۋرىنى داۋاملاشتۇردى. مانا مۇشۇ دەۋر شەرق ئويغىنىش بىرىنچى (IX - XI ئەسىرگىچە) دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

XI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مەيدانغا چىققان سالجۇق تۈركلىرى (1032 -يىلدىن 1198 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە غايەت زور سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى جۈملىدىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى قارام قىلىپ ۋىزانتىيىنى تارمار قىلىپ، كىچىك ئاسىيانى ئۆزىگە قاراتتى. سالجۇق تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى مەلىك شاھنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇك دەۋرىدە مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشنىدى. نىزامۇلمۇلۇك مەلىك شاھنىڭ ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى ئىدارە قىلىشتا، ئىلىم-پەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدا يېزىپ دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقاندى. نىزامۇلمۇلۇك ئالىپ ئارسلان ۋە مەلىك شاھقا باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك، ئەڭ ئاۋات، ئەڭ باي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر باسقۇچقا يەتكەنىدى. بۇ دەۋردە نىزامۇلمۇلۇك نامى بىلەن «نىزامىيە» مەدرىسلىرى دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر، باغداد، ئىسپاھان، بەسرە، نىشاپۇر، ھىرات، مەرۋى، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغانىدى. ھەر بىر مەدرىسىنىڭ چوڭ كىتابخانىلىرى، مۇساپىرخانىلىرى، يېتەرلىك ۋەخپە يەرلىرى بار ئىدى. بۇ دەۋرنى شەرق ئويغىنىشىنىڭ بىرىنچى دەۋرىنىڭ ئاخىرى دېيىشكە بولىدۇ. چىڭگىز موڭغۇل ئىستىلاسى (1206 - 1368) پۈتۈن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ئاسىيانىڭ شەرقىدە چاغاتاي (1227 - 1370) غەربىدە ئالتۇن ئوردا (1227 - 1380) ئاق ئوردا (1226 - 1435) دەۋرلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى (1370 - 1506) مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ماۋەرائۇننەھردە ئۇلۇغبېك يېتەكچىلىكىدە ۋە خۇراسان تېررىتورىيىسىدە ھىراتنى مەركەز

قىلغان ئەلشىر نەۋائى يېتەكچىلىكىدىكى ئىلمىي مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىپ، مەدەنىيەت گۈللەپ ياشنىدى. بۇ دەۋرنى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، غەربتە ئويغىنىش دەۋرى مىلادى XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان. شەرقتە غەربتىن بەش - ئالتە ئەسىر بۇرۇن مىلادى IX ئەسىردىن باشلىنىپ، سىفرال شەكىلدىكى تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، XV ئەسىرگىچە داۋام قىلغان.

شەرق ئويغىنىش دەۋرى غەرب ئويغىنىش دەۋرىگە ئەلۋەتتە تەسىر قىلغان، بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايمىز:

خەلقئارا فىردەۋسى مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى پروفېسسور شاھ ئىسلام شاھ مۇھەممەدوۋ ئەلشىر نەۋائىنىڭ «دىۋانى فانى» ماتېرىيالى ئاساسىدا يازغان «گۇمانىزم - ئەبەدىيلىك يالقۇنلىرى» دېگەن ماقالىسىدە غەربتە ئىلىم - پەننىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن گۇمانىستىك غايىلىرىنىڭ، ئوتتۇرا ئەسىر تۇرغۇنلۇقىدىن كېيىن ئويغىنىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر تەرەققىياتىغا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرى ئاساس بولىدى، دېگەن پىكىرنى تەستىقلىغۇچى بىرقانچە دەلىللەرنى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرىدۇ. بۇ دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

تىبابەت ۋە فارماكالوگىيە ساھەسىدە غەربتە يېڭى دەۋر مەدىنىيىتىنى تەرەققىياتىغا زەكەرىيا ئەر - رازى ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنانىڭ قەدىمكى زامانلاردا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلىرى ئاساس بولغان. ياۋروپا جاراھەت ۋە فارماكالوگىيە ئىلمى ئەنە شۇ ئاساستا تايىنىپ تەرەققىي قىلغان.

كىچىك قان ئايلىنىش دائىرىسىنى ياۋروپالىقلاردىن خېلىلا ئىلگىرى (XII ئەسىردە) دەمەشىق ۋە قاھىرەدە ياشىغان تېۋىپ ئىبنى ئەن - نەفىس كەشىپ قىلغان. بۈيۈك تېۋىپنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسىرىنى XVI ئەسىردە ئىتالىيە ئالىمى ئاندرېئالباكو ئەرەب تىلىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغان. (بۇ مەلۇماتنى نېمىس ئالىمى — دوكتۇر مەيىيارگوف بەرگەن).

خىمىيە ساھەسىدە — ئەبۇرەيھان بىرۇنىنىڭ خىمىيەۋى ماددىلارنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرى ۋە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەنە شۇ يۆنىلىشتىكى تەتقىقاتلارنى باشلىۋېتىشىگە تۈرتكە ۋە دەستۇر بولغان.

ماتېماتىكا، ئوپتىكا، گېئوگرافىيە ساھەسىدە مۇھەممەد ئەل - خارەزمىنىڭ ماتېماتىكىدا جارىي قىلىنغان ئونلۇق ھېسابلاش سىستېمىسى ھەققىدىكى بىلىمىنى جازايىردا ئۆسۈپ يېتىلگەن لېئوناردو داۋىنچى ئۆز ۋەتىنى ئىتالىيىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى پۈتۈن ياۋروپاغا تارقاتقان.

IX ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئىدرىس (گېئوگرافىك) ھەمدە ئىبنى ئەل - ھەيسەم (ئوپتىكاشۇناس) ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدىن لاتىنچىغا قىلىنغان تەرجىمىلىرىدىن كېيىن مەزكۇر پەنلەر ساھەسى لېئوناردو داۋىنچى ۋە كېپلىر تەرىپىدىن

راۋاجلاندۇرۇلغان.

ئىتالىيەنىڭ ئىرانشۇناس ئالىمى ئالېكساندىر بەئۇزانى ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن 70 تىن ئوشۇق ئىلمىي رىساللەرنى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقنى بايان قىلىندۇ①.

فارابى بىلەن ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا يۇنان ئالىمى ئەفلاتون (پىلاتون) ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى ۋە ئۇلارنى شەرھلىدى. بۇ شەرھلەر ئاخىرقى ھېسابتا قايتا غەربكە قايتۇرۇلۇپ، غەربنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا جىددىي خىزمەت قىلدى.

فروفېسسور شاھمۇھەممەدوۋ بىلگىيە ئالىمى دىيوشىن خەمسىنىڭ زەردوش گۇمانىزمغا بېغىشلانغان تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ «ئەفلاتون پەلسەپىسىگە قەدىمكى ئىران پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك فارابى ۋە ئىبنىسىنا ئىجادىي تەسىرىدە كامالەتكە ئېرىشكەن ئەرەب پەيلاسوپى ئىبنى رۇشىد «تاكى شۇ ئەرەب ئۇنى (ئارستونى) تىرىلدۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ۋە جاھالەتكە پېتىپ قالغان ياۋروپاغا ئېلىپ كەلگۈچە ئارىستوتىل قەدىمىي دۇنيا ۋەيرانچىلىقىدا كۆمۈلۈپ ياتقانىدى»② دەيدۇ.

ئالكساندىر بەئۇزانى بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا دانتى دەۋرىدە «مىراجنامە» لاتىن ۋە قەدىمكى ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنى ئالگىردانتى ئالىلقاچان ئوقۇغان. شۇڭا ئا. بەئۇزانى «... شەك - شۈبھە قالمايدۇكى، دانتى ‹ئىلاھىيەت كومېدىيە›، سىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى تۈزۈشتە ئىسلام مەدەنىيىتىدىن خېلىلا پايدىلانغان. ئەمما ‹ئىلاھىيەت كومېدىيە›، سىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى نۇقتىئىنەزەرىدىنمۇ دانتى ئىسلام شەرق تەسىرىدىن خالى قالمىدى»③ ئۆزبېك شائىرى ئەسخەت مۇختار X ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن بىر ئەرەب ئالىمى ۋە شائىرى ئەبۇل ئەلا ئەل - مەئاررىنىڭ «رىسالەئۇل مالائىكا» ناملىق ئەسىرىنىڭ سىيۇژىتى دانتىنىڭ «ئىلاھىيەت كومېدىيە» سىگە ئاساس بولغانلىقىنى بىرمۇنچە پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار پاكىتلار شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ غەرب ئويغىنىش دەۋرىدىن 5 - 6 ئەسىر بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى غايىلىرى غەرب ئويغىنىش دەۋرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئويغىنىش دەۋرى شەرق ۋە غەربتە ئەدەبىي - سەنئەت ھاياتىدا گۇمانىزم غايىسىنى مۇشۇ دەۋر ئەدەبىي ھاياتىدا ئەكس ئەتكەن مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى ئەڭ يىرىك ۋەكىلى قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان X ئەسىر ئۇلۇغ

---

① ئا. بەئۇزانى كىتابىدىن شاھمۇھەممەدوۋ ئالغان ستاتا «گۇمانىزم — ئەبەدىيلىك يالقۇنى» 53 - بەت.

② «گۇمانىزم — ئەبەدىيلىك يالقۇنى» 53 - بەت.

③ يۇقىرىدىقى كىتاب 54 - بەت.

مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكە خاس پانتېزملىق راتسىئونالىزم پەلسەپىسى، ئىلىم ۋە ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش سوتسىئولوگىيىسى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن گۇمانىزملىق كۆز قارىشى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئېپوپېيىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تۆت ئوبراز( كۈنتۇغدى ئىلىك، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش)دا ئاللېگورىك ھالدا مۇنازىرە شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۇلۇغ ئەسىردە: شەرق پەلسەپىسىدە ئۇلۇغ ئويغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، بۈيۈك تاجىك-پارس شائىرى روداكى فىردەۋسىيلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويىغان «ئۇتوپىك جەمئىيەت ئىدىيال شاھ» توغرىسىدىكى گۇمانىستىك قاراشلارنى ئەڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شەرق ئەدەبىياتىدا «بىلىملىك ئادىل شاھ بىلىم ۋە ئەخلاق ئاساسىغا قۇرۇلغان قانۇن بىلەن جەمئىيەتنى باشقۇرسا، خەلق بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن ئېستېتىك ئىدىيالنى ياراتتى. شۇڭا ئۇ بۇنداق ئېستېتىك ئىدىيالنى ئىپادىلىگەن ئەسىرىگە «بەخت-سائادەتكە ئېرىشكۈچى بىلىم» دەپ نام قويىدى.

بۈيۈك ئويغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىك ئىدىيالى ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئويغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇ ياكى بۇ خىل شەكىل بىلەن تا XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى.

ئېستېتىك ئىدىيال دېگەندە بىز نېمىنى چۈشىنىمىز؟ «غايىۋىلىك — ئىدىيالىلىق دېگەنلىك بىر دۆۋە ئايرىم ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىنغان رېئاللىقتىن ئىبارەت» دېگەنىدى گېگىل.

ماركسىزم نۇقتىئىنەزەرىدىن ئالغاندا ئىدىيال ئەڭ قىممەتلىك، مەقسەتكە مۇۋاپىق راۋاجلىنىشقا قادىر، يەنى ئەڭ مۇكەممەل ھايات توغرىسىدىكى، يەنى لېنىننىڭ تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا «مەنىۋى يۈكسەكلىك» توغرىسىدىكى غايىلەر، تاسەۋۋۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن كومپلېكسىدۇر. بۇ بىر پۈتۈن غايىلەر كومپلېكسىنىڭ خاراكتېرى، يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنىنى بەلگىلىگۈچى بىرلەمچى ئاساس ماددىي بايلىق، جەمئىيەتنىڭ رېئال ھاياتىدۇر. ھايات تۇغدۇرغان ئىدىيال، كىشىلەر ئالدىدا ھازىرقى زامان ۋە كېلەچەكنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي مەقسەتلىرىنى، شۇ مەقسەتكە ئېرىشىش يوللىرى ۋە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇنى تۇغدۇرغان ھاياتنىڭ ئۆزىگە قايتا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىدىيال ئىستەك ۋە زۆرۈرىيەتنىڭ ئالىي مىزانى سۈپىتىدە نامايان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ مۇھىم ئىجتىمائىي ۋەزىپىسىنى بېجىرىدۇ. ئىدىيالنىڭ ئاشۇ خاراكتېرىستىكىسى ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئىدىيالغىمۇ، سىياسىي-مەنىۋى ئىدىيالغىمۇ، شۇنىڭدەك ئېستېتىك ئىدىيالغىمۇ مۇتەئەللۇقتۇر. لېكىن بۇ ئومۇمىي سۈپەتلەر دائىرىسىدىكى ئېستېتىك

ئىدىيال ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ جايدا ئەكس ئەتكۈچى نەرسە، گۈزەللىك ئىسپىتىدە، بىۋاسىتە ئىدراك قىلىش مۇمكىن بولغان كونكرېتتى ھېس شەكلىدە نامايان بولىدۇ. شۇڭا ئېستېتىك ئىدىيال، ئىجتىمائىي ئىدىيالغا قارىغاندا ئالاھىدە چوڭقۇر، تەسىرلىك، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېسسىي كۈچكە ئىگە.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىك ئىدىيالى گەرچە ئۇتوپىيە بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ شارائىتىدا غايەت زور ئىلغارلىق بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋى يۆنىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

بەزى ئۆزبېك ئالىملىرى ئېيتقانىدەك شەرق ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن «غايىۋى جەمئىيەت، ئادىل شاھ» ئۇتوپىيىسىنى ئەزەربەيجان مۇتەپەككۇر شائىرى نىزامى گەنجىۋى (مىلادى 1150 — 1214) ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ «ئىسكەندەرنامە» داستانىدا تەسۋىرلىشىچە: ئادىل شاھ، دانىشمەن ئالىم، ماھىر لەشكەر بېشى ئىسكەندەر پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ساياھەتكە چىقىپ، شىمالىي زېمىنلەردىن بىرىگە قەدەم تاشلايدۇ. ئۇ شىمالدا شۇنداق بىر مەملىكەتكە دۇچ كېلىدۇكى، ئۇ مەملىكەتتە ھەممە تەرەپلەر باغۇ - بوستانلار بىلەن ئورالغان، مېۋە - چېۋە، نازۇ - نېمەتلەر ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە مول تالقىن - تۆكتى ...

مال پادىلىرى دالىغا يۇلتۇزدەك يېيىلغان. ئۇلارنى ھېچ پادىچى باقمايدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ھېچ كىشى تەگمەيدىكەن. ئىسكەندەر بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. شۇ ئاردا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر شەھەر كۆرۈنىدۇ. ئىسكەندەر بۇ مەملىكەت بىلەن ياخشىراق تونۇشۇش ئۈچۈن، شۇ شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. شەھەردىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قالىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ دۇكانلىرى خىلمۇ خىل ئېسىل ماللار بىلەن تولغان، لېكىن بۇ دۇكانلاردا ياكى مال ساتقۇچى، ياكى دۇكان قاراۋۇلى يوقمىش، دۇكانلار ئوچۇق، ئىشىكلىرى قۇلۇپسىزمىش. ھەممە تەرەپ گۈزەل، ئابادانچىلىق گويا جەننەتكە ئوخشارمىش. ھاياجانغا تولغان ئىسكەندەر ئادەملەر بىلەن كەپلىشىپ شۇ نەرسىنى ئېنىقلايدۇكى، بۇ يەردە پادىشاھ يوق، تەۋەلىكىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەممە ئادەم بىر - بىرى بىلەن ئاكا - ئۇكا، قېرىنداش بولۇپ ياشايدۇ. بىرىنىڭ مېلىغا يەنە بىرى كۆز قىرىنى سالمايدۇ. ئۆزئارا غەيۋەت - شىكايەت، ھەسەت قىلمايدۇ. يەرلىرىنىڭ ئونۇمدارلىقى ناھايىتى يۇقىرى، ھەممىنىڭ مال - مۈلكى بايلىقى تەڭ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن تەڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىسكەندەرگە پەخىرلىنىپ: «بىزدە بىرەر كىشىنىڭ مېلى باشقىلاردىن كەم ئەمەس، مال - مۈلۈك جەھەتتە ھەممىمىزنىڭ ئۈلۈشىمىز تەڭ» دەيدۇ.

دېمەك يۇقىرىقى ئەلدە ئىقتىسادىي تەڭلىك بۇ ئەل كىشىلىرىنى سىياسىي تەڭلىك ھۆكۈم سۈرگەن مۆتىدىل، گۈزەل، باي، تىنچ ھاياتقا ئىگە قىلغان. ئىسكەندەر شىمالىي ئەلدىكى بۇ تەرتىپ - قائىدىلەرنى كۆرۈپ، چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ۋە شۇ جايدىن كەينىگە قايتىدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيادا ئەنە شۇنداق تۈزۈمنى ئورناتماقچى بولىدۇ. لېكىن ئىسكەن-

دەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋاقىتسىز ئۆلۈم ئۇنىڭغا يول قويماي، ئۇنى بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدۇ. نىزامىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى، پۈتۈن شەرق ئويغىنىش دەۋرى نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، ئەرەب مۇستەملىكىچىلىك بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولغان، تېخى چىڭگىز ئىستېلاسى يېتىپ كەلمىگەن، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەزەربەيجاندا ئۆزىگە خاس داۋاملاشقان بىرىنچى باسقۇچ ھالىتىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. نىزامى گەنجىۋى ئەزەربەيجان ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ داڭلىق، ئەڭ يىرىك ۋەكىلى ئىدى.

يۇقىرىقى ئېستېتىك ئىدېئال ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى باسقۇچى بولغان تۆمۈرىلەر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ (XV ئەسىر) يىرىك ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ زامانىدىشى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «ھىراتنامەئى ئىسكەندەر» داستانىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. بۇ ھالنى ئۇلۇغ شەرقشۇناس ي. ئې. بېرتىلس: «جامى بۇ ئەسەردە نىزامى ئۇتوپىيەسىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى ساقلاشتىن قورقمىدى» دەپ خۇلاسىلىدى. نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتىن نىزامى گەنجىۋى ۋە ئابدۇراخمان جامى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ، ئۆز داستانىدا شاھسىز، سىنىپسىز، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن خالى ھەممە ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىن تەڭمۇ تەڭ باياشات خەلقلەر ئۇتوپىيىك غايىۋى جەمئىيەت تەسۋىرىنى بېرەلمىدى. ئۇ، ئىسكەندەرنى بىلىملىك، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادىل شاھ تەرىقىسىدە تەسۋىرلىدى. «شاھسىز غايىۋى جەمئىيەت» يارىتىشقا ئۇنىڭ سىياسىي ئورنى، ھۇسەيىن بايقارا ئوردىسىدىكى دەسلەپكى مۆھۈردار، كېيىنكى ۋەزىرلىك، سىياسىي مەۋقەسى يول قويمىغان بولسا كېرەك.

نىزامى گەنجىۋىدىن باشلانغان «شاھسىز غايىۋى جەمئىيەت» يارىتىش، ئېستېتىك ئىدېئالى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا XI ئەسىر قاراخانىلار دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ سەركەردىسى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېستېتىك ئىدېئالنىڭ ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلۇشى دېيىشكە بولىدۇ. نىزامى ۋە جامىغا «قۇتادغۇبىلىك» تەسىر قىلمىغان دېگەن خۇلاسىگە ھازىرچە ئاساس يوق. لېكىن تەسىرى بولغان دېگەن خۇلاسىگە ئاساس بار:

بىرىنچىدىن. «بىلىملىك ئادىل شاھ، غايىۋى جەمئىيەت» توغرىسىدىكى ئېستېتىك ئىدېئال شەرق تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق ھالدا بىرىنچى قېتىم XI ئەسىردىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن دۇنياغا مەشھۇر «قۇتارغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەسەر ئۆز ۋاقتىدا دۇنياغا ئەڭ كەڭ تارقالغان. بۇگۈنكى كۈندە ۋولگا بويىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئارقىلىق تېپىلغان چوڭ كۈپ، كوزىلارغا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ھېكمەتلىك شېئىرىي ئۈزۈندىلەرنىڭ يېزىلىپ بېزەلگەنلىكى كەڭ جامائەتچىلىككە ئايان بولدى. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ۋولگا

www.uyghurkitap.com



بويى ساھىلىغا يېتىپ بېرىپ، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارغىلا ئەمەس، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىغا، خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە كولاچىلار قاتلىمىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنىڭ ھېچقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئاغدۇرۇپ بولمايدىغان پاكىتىدۇر.

باشقىرتىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى ئا. خاروسوۋ: «ۋولگا بىلەن ئورال بويىغا ئوتتۇرا ئەسىردىن كەلگەن تۈركىي ئەسەرلەر ئارىسىدا، ئەڭ بۇرۇنقىسى، ھەممە تۈركىي تىللاردىكى ئەدەبىياتلار تارىخى ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىدۇر. بۇ ئەسەر باي، مەزمۇنلۇق بولۇش بىلەن ئۇزاق ئەللەرگە تارقالغان ... ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەۋزەللىكى دۇنياۋى ئەسەر بولۇشىدا بولۇپ، يەر يۈزىدە جۇلالىقراق تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئوتتۇرا ئەسىر كىشىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىپ بارغان ئىنتېللىكتۇئال دۇنياسىنى تەسۋىرلەشتە»① دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاپتور كۆرسەتكىنىدەك «قۇتادغۇبىلىك» بىر مىللەت، بىر دۆلەت ھادىسىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خاس دۇنياۋى ھادىسىدۇر. شۇڭا ئۇ، بەدىئىي تىل جەھەتتىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللار بەدىئىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللاردىكى ۋە باشقا تىللاردىكى ئەدەبىياتلارنىڭ ئېستېتىك يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بەرگەنلىكى ھازىرقى ئەدەبىياتشۇناسلار تەتقىقاتلىرىدا بايان قىلىنماقتا. مەسىلەن، ب. گ. غوپوروۋ ۋە ئا. قاسىمجانوۋلار يازغان «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» دېگەن ئەسىرىدە، گورزىن ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىلى شوتاروستاۋىلىنىڭ «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» داستانىغا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كونكرېتنى تەسىر قىلغانلىقىنى، ئېستېتىك يۆنىلىشىنى «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ② بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» ۋولگا ساھىلىدىن خېلىلا يىراق ئەزەربەيجاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان باشقا تىللىق گىروزىيىگە يېتىپ كېلىپ گىروزىن ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرىپ گىروزىن كلاسسىكى شوتاروستاۋىلى ئىجادىغا تەسىر قىلغان يەردە، ۋولگا ساھىلىنىڭ ئۆزىگە جايلاشقان، «قۇتادغۇبىلىك» تەسىرى ئەڭ قويۇق، چوڭقۇر سىڭگەن، تۈركىي تىللىق ئەزەربەيجان ئېلىگە، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى بولغان نىزامى گەنجەۋى ئەسىرىگە تەسىر قىلماي قالارمۇ؟ يۇقىرىقى پاكىتلار بۇ پىكىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ يىرىك ۋەكىلى XV ئەسىر مۇتەپەككۇرى نەۋائىي ئىجادىغا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېستېتىك ئىدېئالى ئۇنۇملۈك تەسىر قىلغان. نەۋائىي «خەمسە»نىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك «بىلىملىك ئادىل شاھ غايىۋى جەمئىيەت» ئىدېئالى سىڭگەن. بولۇپمۇ بۇ ئىدېئال «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ داستاندا: نەۋائىي مېھمانبانۇ باشلىق جەننەت مىسالى ئەر-

① ئەدەبىيات نەزەرىيىسى 324 - بەت، ئۆزبېكچە.

② «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» موسكۋا رۇسچە 1975 - يىل نەشرى 169 - بەتكە قارالسۇن.

مەن يۇرتىنى تەسۋىرلىگەندە، مېھىنبانۇنى پادىشاھ دەپ ئەمەس، ئادىدىي ھۆكۈمران دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئادىدىي ھۆكۈمران بولسىمۇ، مەملىكەتنى ئەقىل ۋە ئادالەت بىلەن باشقۇرىدۇ.

«زەررىن كەمەرلەر» ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ.

بىلى گەرچە كەمەر تاپماي كەماھى،
ۋەلې زەررىن كەمەرلەردۇر سىپاھى.

بۇ ئورۇندا مېھىنبانۇ باشقۇرۇۋاتقان مەملىكەتنىڭ جەننەتلەرنى قىزغاندۇرىدىغان دەرىجىدە ئاۋات، بايلىقنى: «تەجەممۇل خەيلىدە ئىمكاندىن ئارتۇق» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەردە ھۆكۈمران ئىدىئال، تەرتىپ قائىدىلەردىن، خەلققە پادىشاھلىق زۇلۇمىدىن خالى خىزمەتتىن ئىبارەت بىر سىستېما كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەملىكەت تەڭلىك پىرىنسىپى ئاساسىدا باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىش تەس ئەمەس.

بېرتىلىس: «نەۋائىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› بىلەن تونۇشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق قول يازمىسى ھىراتتىن تېپىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئەلۋەتتە نەۋائىي بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بۇ توغرىلىق بىزدە ھېچقانداق ئېنىق ئىچىش بولمىدى. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋائىي قەھرىمان ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتىل بىلەن قىلغان مۇنازىرىلىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن نەۋائىي يۇسۇپ خاس ھاجىپقا، نىزامىغا قارىغاندا ناھايىتى يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن نەۋائىي بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلدى دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكچى ئەمەس، پەقەت بۇ يەردە ئەنئەنىنىڭ ئەنە شۇ يىراق ‹قۇتادغۇبىلىك› دائىرىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى نېمىشقا تەكىتلىمەيمىز؟!»① دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى.

نەۋائىي بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى پىروفېسسور بېرتىلىسنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس يۇسۇپ زىيا شىرۋاننىڭ 1948 - يىل «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «نەۋائىي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇلىدۇ. «نەۋائىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باخشى، شائىر، يازغۇچىلارغا نەۋائىي كۆپ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1470 - يىلى ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى ئابدۇراخمان تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ئىستانبۇلغا- تۈركىيە سۇلتانىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. بۇ چاغدا نەۋائىي مۆھۈردار ئىدى. بۇ ئىشتا نەۋائىي چوڭ رول ئوينىغانىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، نەۋائىي يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىلەر كودېكسىدىن② تەشكىل

① ي. ئې. بېرتىلىس. «ئالېكساندىروۋ رومانى توغرىسىدا» 181 - بەت رۇسچە 1948 - يىل موسكۋا نەشرى.

② كودېكس - ھەرقانداق يازغۇچى پەيلاسوپنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن كۆز قاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى.

تاپقان «قۇتادغۇبىلىك» قامۇسى بىلەن تولۇق تونۇشقانىكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ نەۋائى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلۇشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، بەلكى، مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئەدەبىياتنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى، راۋاجلىنىش قانۇنىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا قاراخانىلار دەۋرىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى، سىياسىي - ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، پەلسەپە، ئېستېتىك، كوسموتىك، ئىلمىي قاراشلار كودېكسىنى بەدىئىي ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىنسان ئۈچۈن» دېگەن نۇقتىغا توپلىنىپ شەرق ئويغىنىش دەۋرىگە خاس گۇمانىزمنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ يارقىن، ئەڭ تىپىك، بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلەپ بەردى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شەرقنىڭ شاھ ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» دە ئىنساننى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشتۈرۈش ۋە بەختلىك قىلىش ئۈچۈن «بىلىملىك ئادىل شاھ، غايىۋى جەمئىيەت» ئېستېتىك ئىدېئالىنى شەرق تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە مۇكەممەل، سىستېمىلىق ھالدا بىرىنچى بولۇپ ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېستېتىك ئىدېئالى شەرق تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتلار ئۈچۈن ئېستېتىك ئىدېئال يېتەكلىش رولىنى ئويناپ، خىلمۇ خىل شەكىلدە XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «بىلىملىك ئادىل شاھ ۋە غايىۋى جەمئىيەت» ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ كېيىنكىسى شەرق كلاسسىكلىرىدىن نىزامى گەنجەۋى، شوتا رۇستاۋىلى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ئىجادىيەتلىرىگە خىلمۇ خىل يوللار بىلەن تەسىر قىلغانلىقى ھازىرقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولماقتا.

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ ئەڭ داڭدار ۋەكىلى XV ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى «بىلىملىك ئادىل شاھ، غايىۋى جەمئىيەت» نى پۈتۈن ئەسەرلىرىدە، «خەمسە» داستانلىرىدا ئىجادىي ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شەرق ئەللىرى مەدەنىيىتىگە تەسىرى مەسىلىسى تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ مەسىلە شەرق ئويغىنىش دەۋرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ تېما بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرق ئويغىنىش دەۋرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى تېخى ئەمدىلا باشلانغان يېڭى پەن. بۇ پەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا باشلىنىپ ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە ئويغىنىش دەۋرى غەربتىن باشلانغان دېگەن كونا كۆز قاراش ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئويغىنىش دەۋرىنىڭ شەرقتىن باشلانغانلىقى، ئۇنىڭ غەرب بىلەن بولغان تەسىرى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلىرىمىز ئاساسىدا شەرقتە ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى XI ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ قارايمىز.




# ھالۋايى بىمەزە

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولغانكەن. ئۇ كېچە-كۈندۈز پايىپېتەك بولۇپ، ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلىسىمۇ تۇرمۇشنى قامدىيالماپتۇ. ئائىلىسى، بالا-چاقىلىرىنى باقالماپتۇ. دېھقان بىر كۈنى ئايالىغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ئېتىزدا قانچە ئىشلىسەكمۇ كۈنىمىز ياخشىلانمىدى، خوتۇن، سەن بالىلارغا قارىغاچ ئېتىزنىڭ ئىشىنى كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە قىلىپ تۇرغىن، مەن شەھەرگە كىرىپ ئازراق ئىش-ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلاي، — دەپتۇ.

ئايالى ماقۇل بوپتۇ. دېھقان ئازغىنا دەسمايىنى ئېلىپ، تەگرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. بىراق شەھەردىمۇ ئۇنىڭغا قىلغۇدەك بىرەر كەسىپ، ياكى تىرىكلىك يولى تېپىلماپتۇ. ئۆيىگە يېنىپ چىقاي دېسە، قۇرۇق قول چىقىشقا ئايالىدىن خىجىل بولۇپتۇ. ئۇ ئادەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى شەھەردە بىر توپ كارۋانلارغا يولۇقۇپ قاپتۇ. كارۋانلار دېھقاندىن ئەھۋال سوراپتۇ. دېھقان ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كارۋانلار دېھقانغا باشقا بىر مەملىكەتكە بېرىپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان كارۋانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئىللەللاھ» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقا مەملىكەتكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. دېھقان نۇرغۇن مۇشەققەت ۋە رىيازەتلەرنى چېكىپ ئاخىر بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەپتۇ. دېھقان ئۇ مەملىكەتنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆزىگە ئىش ئىزدەپتۇ. بىراق «نەگە بارساڭ قارانىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك، بۇ قەدەر ئاۋات ھەم چوڭ شەھەردىمۇ دېھقانغا قىلىدىغان بىرەر ئىش تېپىلماپتۇ. تىجارەت قىلاي دېسە، بۇ شەھەردە خېرىداردىن تىجارەتچى كۆپكەن، دېھقاننىڭ تىجارىتى زادى ئاقماپتۇ. خىلمۇ خىل ھۈنەر، كەسىپلەرنىڭ ھەممى-

www.uyghurkitap.com

سىنى قىلىپ كۆرۈپتۇ. خىلمۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بېقىپتۇ. دېھقاننىڭ ھۈنەرلىرى ۋە ساتقان نەرسىلىرى بۇ شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تېپىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاقماي، تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىپتۇ. ئىشلار ئاقمىغاندىن كېيىن، ئۇ بايغا چاكارمۇ بوپتۇ، ناۋايغا نىمكارمۇ بوپتۇ، ھەتتا كۈنلۈكچى مەدىكارمۇ بوپتۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن دېھقاننىڭ كۆڭلى ياخشىلانماپتۇ. ئۇنىڭ تاپقان-تەرگىنى قورساق بېقىشتىن ئاشماپتۇ. ھەتتا بۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ باقالماي، ئاچ-زارلىقتا قاپتۇ. دېھقان ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۆز ئېلىدە قالغان خوتۇن-باللىرىنى ئويلاپ قاتتىق غەمگە چۆكۈپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. كېچىلىرى ئوي-خىيال بىلەن تۈنىنى تاڭغا ئۇلايدىغان بوپتۇ. ئويلا-ئويلا ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كەپتۇ. دېھقان ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا خىيالىغا كەلگەن ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ.

ئۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ، بىر قاچا قوناق ئۇنى تېپىپتۇ. ئۇنى بىر قاچا سوغۇق سۇغا چېلىپتۇ. تازا ئىلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى قازانغا قۇيۇپ، ئوت قالاپ قاينىتىشقا باشلاپتۇ. قازان قايناپ راسا قويۇق ئوماچ تەييار بوپتۇ. دېھقان بۇ ئوماچقا تۇزمۇ قويماپتۇ، ئوتياشمۇ سالماپتۇ. پەقەت سۇ بىلەن ئۇننى ئىلەشتۈرۈپ قاينىتىپلا تەييارلاپتۇ. ئوماچ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر قاچىغا تۆكۈپ سوۋۇتۇپتۇ. ئاندىن قازانغا يەنە سۇ قۇيۇپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى سېلىپ قاينىتىپتۇ. غازاڭ تەمى چىققاندىن كېيىن، سۈيىنى بىر ئىدىشقا قاچىلاپتۇ. ئاندىن بىر قول ھارۋىسىنى تەييارلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋۇتۇلغان ئوماچنى ئۆكتۈرۈپ جايلاشتۇرۇپتۇ. ئوماچ ھارۋا ئۈستىگە سوپۇن قۇيۇلغاندەك قۇيۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا غازاڭ سۈيى قاچىلانغان ئىدىشنى قويۇپتۇ.

دېھقان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ، بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ، كىشىلەر قارىسا، ھارۋا ئۈستىدە ساپسېرىق سوپۇندەك بىر نەرسە تۇرغان. كىشىلەر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— قانداق نەرسە بۇ؟

— يەيدىغان نەرسە، — دەپتۇ دېھقان، — ساتقىلى ئېلىپ چىقتىم.

— بىز بۇ شەھەردە ئەزەلدىن بۇنداق غىزانى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز، — دەپتۇ ئۇلار يەنە، — ئىسمى نېمە بۇ غىزانىڭ؟

— ئىسمى ھالۋايى بىمەزە، — دەپتۇ دېھقان، — بۇنداق غىزا تېخى بۇ شەھەردە ئېتىلىپ باقمىغان. بۇ بىر يېڭىلىق. قېنى خېرىدارلار يېڭىلىققا ئېغىز تېگىڭلار! بىر پىيالىسى بەش تەڭگە!

كىشىلەر بۇ يېڭى يېمەكلىككە قىزىقىپ، يەپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ، دېھقانغا ھەر بىر كىشى بەش تەڭگىدىن بېرىپتۇ. دېھقان ھالۋايى بىمەزەنى بىر چەتتىن كېسىپ، قاقتەك-جىگدىدەكتىن قىلىپ توغراپتۇ. ئاندىن ئۇنى ھەر بىر پىيالىگە ئىككى-ئۈچ تالدىن سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپتىن بىر قوشۇق يوپۇرماق سۈيى ئېلىپ قۇيۇپتۇ. خېرىدارلاردىن بىرى قىزىقىپ:

— ئۇستىگە قويغىنىڭىز قانداق سۇ؟— دەپتۇ.

— شەربەتى لاۋزا،— دەپتۇ دېھقان، ئاندىن بۇ غىزالارنى خېرىدارلارغا ئۇزىتىپتۇ. خېرىدارلار بۇ غىزادىن ئازراق ئاغزىغا سېلىپتۇ. بىراق ئۇنى بەزىلەر تۈكۈرۈۋېتىپتۇ، بەزىلىرى تەستە يۇتۇپتۇ.

— قانداق نەرسە بۇ؟! نېمانداق تېتىقسىز؟!— دەپتۇ خېرىدارلار چۇقىرىشىپ.

— ئېيتتىمغۇ، ھالۋايى بىمەزە دەپ، تېتىقسىز بولمىسا «ھالۋايى بىمەزە» دەپ ساتاتتىممۇ؟!— دەپتۇ دېھقان.

— سۆيىنىڭ بەتتامىلىقچۇ بۇنىڭ؟!— دەپتۇ يەنە بەزى خېرىدارلار.

دېھقان ئۇلارغا:

— مەن باشتا ئېيتتىمغۇ. «شەربەتى لاۋزا» دېگەن بەتتام بولماي، تەملىك بولاتتىمۇ، ئەمىسە؟!— دەپتۇ.

كىشىلەر:

— بولدى، پۇلىمىزدىنمۇ كەچتۇق، بۇنداق نەرسەڭنى يېمەيمىز!— دەپ غۇدۇڭشىغان پېتى كېتىپ قاپتۇ.

ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن دېھقاننىڭ خېرىدارلىرى كەملەپ قالماپتۇ. شەھەردىكى ھەممە خالايىق بۇ يېڭى غىزانى كۆرگەندىن كېيىنلا، بەش تەڭگە خەجلەپ، ئۇنى تېتىپ بېقىشقا ھەۋەس قىلىشىپتۇ. دېھقاننىڭ سودىسى كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىپ، خېرىدارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ غىزاسىنى بىر يېگەن كىشى ئىككىنچى قېتىم كەلمەپتۇ. ئەمما ئۇنى تېتىپ باقمىغان كىشىلەر بىر نۆۋەت يەپ بېقىش ھەۋەسىدىن زادىلا يانماپتۇ. كىشىلەر بۇ غىزانىڭ بەتتاملىقىدىن رەنجىشسە، دېھقان ئۇلارغا ئىلگىرىكى خېرىدارغا بەرگەن جاۋابىنى بېرىدىكەن. كىشىلەر شۇندىن كېيىن لام-جىم دېمەستىن، كېتىپ قالىدىكەن. دېھقان ھەر كۈنى چارەك ئىششەك قوناق ئۇندا بۇ غىزانى ئېتىپ ئېلىپ چىقىۋېرىپتۇ. ھەر كۈنلۈك ئېلىپ چىققىنى شۇ كۈنىلا سېتىلىپ تۈگەيدىكەن. دېھقان:

— كېلىڭلار، كېلىڭلار! ھالۋايى بىمەزەيۇ شەربەتى لاۋزا، يېمىگەنلەر ئارماندا قالدۇ، يېگەنلەر پۇشايماندا!— دەپ ۋارقىراپ تۇرىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەھەرنىڭ ئۇششاق باللىرىدىن تاكى مۆتىۋەر زاتلىرىغىچە ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن يەپ كۆرىدىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇ سودا بىلەن دېھقاننىڭ ھال-كۈنى بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى شەھەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى ۋە ياساۋۇللىرى بىلەن شەھەرنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، بىر دوقمۇشتا نۇرغۇن ئادەمنىڭ يىغىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر كىشى: «كېلىڭلار، ئېلىڭلار! يېڭىلىق غىزا، ھالۋايى بىمەزەيۇ شەربەتى لاۋزا! يېمىگەنلەر ئارماندا قالدۇ، يېگەنلەر پۇشايماندا!» دەپ توۋلاپ، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل غىزانى سېتىۋاتقۇدەك. پادىشاھمۇ بۇ غىزاغا قىزىقىپ قاپتۇ. بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ غىزاغا ئېغىز تېگىپ باقماقچى بوپتۇ.

— ھەر بىرىمىزگە بىر پىيالىدىن بەر،— دەپتۇ پادىشاھ.

www.uyghurkitap.com



دېھقان ھەممەيلەنگە بىر-ئىككى تۇغرامدىن ھالۋايى بىمەزەنى تۇغراپ، ئۈستىگە شەربەتنى لاۋزىدىن قۇيۇپ، تەگشەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر-ۋۇزىرلار ۋە ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسى بۇ تائامدىن ئاغىزغا بىرلا ئېلىپتۇ. ئەمما ئۇنى يا يۇتالماپتۇ، ياكى تۆكۈرەلمەپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە قارىغىنىچە چەكچىيىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇنى ئاغزىغا ئېلىپتۇ-يۇ، لېكىن يۇتالماي قاپتۇ، ھەمراھلىرىغا قارىسا، ئۇلارمۇ ئېغىزىغا ئالغاننى يۇتالماستىن پادىشاھقا قاراپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۆزى ئەگەر ئۇنى يېمەي تۆكۈرىۋەتسە، ھەممەيلەننىڭ تۆكۈرىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئاغزىغا سالغىنىنى زورلاپ



يۇتۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئاغزىدىكىنى چىداپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

پادىشاھ دېھقانغا:

— پۇلۇڭنى ئوردىغا بېرىپ ئېلىۋال، — دەپ قويۇپ، ھەمراھلىرى بىلەن كېتىپتۇ.

دېھقان كەچكە يېقىن سودىسىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بارايمۇ-بارمايمۇ؟ دەپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. باراي دېسە، پادىشاھنىڭ غەزىپىلىنىشىدىن قورقۇپتۇ، بارماي دېسە، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئورۇندىمىسا بولمايدىكەن. ئاخىر «تەۋەككۈل» دەپ بېرىپتۇ.

مۇلازىملار دېھقاننى شاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. دېھقان شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شاھ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئاندىن:

— سەن نېمىشقا بۇنداق لاۋزا تائامنى ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان پادىشاھنىڭ بۇ سوئالىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ بۇ شەھىرىڭىزدە مۇشۇ تىجارەتتىن باشقا كەسىپنى قىلسام كۈن ئالالمىدىم. بۇنى مەن ئامالسىزلىقتىن ساتتىم. لېكىن لاۋزا، بىمەزە ئىكەنلىكىنى ئالدىن دەپ قويۇپ ساتتىم. مېنىڭ بۇ غىزايىمنى بىر قېتىم يېگەنلەر ئىككىنچى قېتىم كەلمىدى. لېكىن يەپ باقمىغانلار كېلىپ تۇردى. سودام بارغانسېرى روناق تېپىپ، كۈنۈم ياخشىلىنىپ قالدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق پەرمان قىپتۇ:

— ساڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال-دۇنيا بېرەي، بۇنداق لاۋزا تائامنى مېنىڭ مەملىكىتىم تەۋەسىدە ئەتكۈچى بولما، ئۆز ئېلىڭگە قايتىپ كەت.

دېھقان ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ دېھقانغا نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بېرىپتۇ. دېھقان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مىرزىئەخمەت مەھمۇت
رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم ئىبراھىم

# سىناق

زامانلارنىڭ زامانىسىدا سەرتىپ ئىسىملىك خوتۇنپەرەس بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ يۇرت ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈزەللەرگە كۆز قىرىنى سالدىكەن - دە، بىر ئامالار بىلەن ئۇلارنى ئىنىدەككە كەلتۈرىدىكەن. لېكىن ئۇ ئالغان قىز - چوكانلارنى ئۇزۇن ئۆتمەي ھەرخىل باھانەلەر بىلەن قويۇۋېتىپ يەنە باشقىنى ئالدىكەن. ئۇ ئاخىرقى قېتىم چىنار ئىسىملىك ئەقىللىق، پەرىزات سۈپەت بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ.

سەرتىپ چىنارنى ئەمرىگە ئالغان كۈنىدىن باشلاپ ھەر كۈنى باشقا ئاياللارغا ئىشلىتىپ تىلىغا جارى بولۇپ كەتكەن بىر يۇرۇش چىرايلىق گەپلەر بىلەن ماختاشقا باشلاپتۇ. بۇرۇن ئالغان خوتۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆكۈپ، ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

چىنارغا ئېرىنىڭ بۇ مىجەزلىرى زادىلا ياقماپتۇ، بىراق يېڭىياچى توي قىلغاچقا يۈز تۇرانە بىر نېمە دېيەلمەپتۇ، سەرتىپنىڭ ئاغزى چىنارنى ماختاشتىن توختىماپتۇ، ئۇ ھەر كۈنى مۇنداق دەيدىكەن:

— ئاھ، خۇدايىم ماڭا ئىككى قوللاپ بەرگەن خوتۇن. سەن خويمۇ گۈزەل، خويمۇ ئەقىللىق. سېنىڭ ئاتاڭ كۈن، ئاناڭ ئايمۇ، ياكى پەرىدىن تۆرەلگەنمۇ؟ سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئالدىدا جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەرمۇ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا مەن ساڭا ئەۋلىيالارغا چوقۇنغاندەك چوقۇنىمەن. ئاھ جېنىم، سېنى ئېلىپ كۆڭلۈم ياشاردى. ئۆمرۈم ئۇزاردى. بىراق سەن بىلەن بۇرۇنراق تونۇشمىغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىمەن. ئېسىت، بۇرۇنقى تايىنى يوق خوتۇنلار بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، شۇلارنىمۇ خوتۇن دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى مەن سەنسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن. خۇدايىم ئىككىمىزنى ھەرگىز ئايرىمىسۇن. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كېتىپ، سەن قالساڭ ئالغىنىكى، سەن مېنىڭ ئالدىمدا كېتىپ قالساڭ، ماڭا بۇنداق جاننىڭ كېرىكى يوق. شۇ زامان مەنمۇ ئۆلۈپ گۆرۈڭدە ھازىر بولىمەن. ئۆلۈم نۆۋىتى ئالدى بىلەن ماڭا كەلسۇن، جېنىم خوتۇن سەن ئۆلمە، سەن ياشا — دەيدىكەن - دە، ئەسەبىيلەرچە خوتۇنىنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە سۆيمىگەن ھېچ يېرى قالمايدىكەن.

چىنار بۇنداق گەپلەردىن بېزار بولۇپ سەسكىنىپتۇ ھەم ئېرىدىگە بولغان ئىشەنچىسى، ئېتىقادى سۇسلىششقا باشلاپ، ھەرخىل گۇمانلاردىن خالى بولالماپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئېرىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ياخشى دېمەي ھەممىنى قاغاپ كەمسىتكەنلىكىگە غەزىپى كەپتۇ. شۇڭا ئۇ ئېرىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. بۇ ھەقتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ.

سەرتىپ سودىگەرچىلىك بىلەن بىر نەچچە كۈنلۈك سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، چىنار بىتاب

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېرىگە:

— قەدىرلىكىم، مەن خېلى كۈنلەردىن بېرى ساقىسىز بولۇپ ئىلىك-سىلىك يۈرۈيمەن. پۇت-قولۇمدا ماغدۇر يوق. ئۆزۈمچە هازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەكلا بولۇپ كۆڭلۈم بەك يېرىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ، ئەرۋاهلار ياتقۇزمايۋاتىدۇ. جان بار يەردە قازا بار دەپ، ئەجەلگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. سىلى مېنى مۇشۇ هالەتتە تاشلاپ قويۇپ سەپەرگە چىقىپ كېتىشكە يۈرەكلىرى قانداق چىداركىن، — دەپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

سەرتىپ چىنارغا:

— جېنىم خوتۇن، ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە. يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ، ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما. ئىنسان دېگەن ئاغرىيدۇ، ساقىيىدۇ، ئاغرىغانلىكى ئادەم ئۆلۈۋەرمەيدۇ، سېنى خۇدايىم ئۆز پاناهىدا سالامەت قىلىدۇ، مېنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىمنى ئاللادىن تىلەپ ئولتۇر. مەن هەپتە-ئون كۈنگە قالماي قايتىپ كېلىمەن. ئوقەت قىلمىسام، يېتىپ يەۋەرسەك تاغدەك پۇل بولسىمۇ تۈگەيدۇ، — دەپتۇ-دە، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

چىنار ئېرىنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆز پىلانى بويىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ شەهەرگە يېقىن بىر سەهراغا يوشۇرۇنۇپتۇ. چىنارنىڭ يېقىنلىرى سەرتىپكە «ئايالىڭىز سىز كېتىپ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلدى. مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان هامان تېزدىن قايتىپ كېلىڭ» دېگەن خەۋەرنى بېرىۋېتىپ، يالغاندىن هازا ئېچىشىپ سەرتىپنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

سەرتىپ قايتىپ كەپتۇ. بىرنەچچە كۈنگىچە مەهەللە جامائەت ئالدىدا ئانچە-مۇنچە يىغلاپ، هەسرەت چەككەن بوپتۇ. بىراق ئۇ چىن كۆڭلىدىن قايغۇرۇپ كەتمەپتۇ. ئۇ «جاهاندا خوتۇن دېگەن شۇلمىدى؟ چۆنتەكتە پۇللا بولسا چىناردىنمۇ چىرايلىقىنى ئالمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

سەرتىپ چىنارنىڭ نەزىرىسىنى قىلغان كۈنى قارىلىق تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، توي بولىدىغان يىگىتتەك ياسىنىپتۇ. هەمدە نەزىرگە كەلگەن ئايال مېهمانلارغا يەر ئاستىدىن بىر-بىرلەپ قاراشتىن سىرت، يېنىدا مېهمان كۈتۈۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ قۇلىقىغا «كەلگەن مېهمانلارنىڭ ئىچىدە ئېپىمدە لايىق بولسا كۆز-قۇلاق بولۇپ قويارسەن» دەپ پىچىرلاپتۇ. نەزىرنىڭ ئەتىسىلا بىرقانچەيلەن سەرتىپنى گەپكە سېلىپ:

— سەرتىپ ئاداش، ئايالىڭ ئۆلدى، نەزىرىسىمۇ بېرىلىپ بولدى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. ئەمدى غەم-قايغۇنى تاشلاپ، بۇندىن كېيىنكى هاياتىڭنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋالغىن. بويتاق قالغاندا ئايال كىشى بەرداشلىق بەرگەن بىلەن، ئەر كىشىگە تەس...، — دەپتۇ.

سەرتىپكە بۇ گەپلەر خۇش يېقىپ كەتكەچكە خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

— سەرتىپ سېنىڭ تەلىيىڭ بار نېمە جۇمۇ، — دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرەيلەن سۆز باشلاپ، — مۇشۇ ئاياغ مەهەللىگە تۇتاش يېزىدا ئانار ئىسىملىك بىر چوكان بار. بىراق خېلىدىن بېرى ني-ني ئاتىقى چىققان سودىگەرلەر ئانارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرۈشىدۇ، — دەپ سەرتىپنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى يېقىپتۇ.

سەرتىپ ئانارنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئايالىنىڭ قىرقى نەزىرىسىنى بېرىشكىمۇ تاقەت قىلالماي ئانارنى كۆرۈش خىيالىدا هېلىقى قىزىتقان كىشىلەرنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

تونۇشتۇرغۇچىلار سەرتىپنى ئانار بار يېزىغا باشلاپ بېرىپتۇ. بۇلار بىر

دەرەخنىڭ دالدىسىدا چوكانىنىڭ سىرتقا
چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا
ئانار يۈزىنى رومىلىدا يېرىم-ياتا ئەتكەن
هالدا چىقىپتۇ-دە، بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ
ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

سەرتىپ ئانارنى يىراقتىن بىر كۆ-
رۈش بىلەن تەڭ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ،
ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. شۇ زامان ئانارنىڭ
ئۆيىگە كەينى-كەينىدىن ئەلچىلەرنى كىر-
گۈزۈپتۇ. ئەپسۇسكى ئانار سەرتىپنىڭ
تەلىپىنى رەت قىلىپ ئەلچىلەرنى ياندۇرۇ-
ۋېتىپتۇ. بىراق سەرتىپ ئىرادىسىدىن يان-
ماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئانارنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. توختىماي
ئەلچى كىرگۈزۈپ ئانارنىڭ بېشىنى ئاغرى-
تىۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئانار:

— بولىدۇ، مەن سەرتىپكە تېگەي.
بىراق مېنىڭ قويغان ھەرقانداق شەرتىمنى
ئادا قىلىشى كېرەك، — دەپتۇ. ھەم
تويلۇقنى ئېغىر ساپتۇ.

سەرتىپ «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت
سۆزىدىن يانماپتۇ» دەپ، ئەسلى-ۋەس-
لىمىدىن ئايرىلسامۇ بۇ گۈزەل جانانىنى
قولۇمغا كەلتۈرمىگۈچە قويمايمەن» دەپ
ئانارنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى بىرمۇ بىر
هازىرلاپتۇ ۋە ھەشەمەت بىلەن توي قىلىپ
ئانارنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

توي كېچىسى ئانار يۈزىنى ئاچماي
جامالىنى سەرتىپكە كۆرسەتمەپتۇ. لېكىن
ناز-كەرەشمە بىلەن سەرتىپنى ئۆزىگە
مەپتۇن قىپتۇ. سەرتىپ ئانارنىڭ ۋەسلىگە
يېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆپكىسىنى
باسالماي يەنە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەش-
كە باشلاپتۇ. ئۇ:

— ئاھ گۈزەللەرنىڭ سەردارى،
جېنىمنىڭ جانانى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى
گۈزەل مەلىكەم، مەن ئەمدىلا مۇرادىمغا
يەتتىم. ۋەسلىڭىزگە يېتىپ ئۆلسەم ئارمى-
نىم يوق...، — دەپ ئاغزىدا ياد بولۇپ
كەتكەن بىر يۈرۈش گەپلىرىنى تەكرار-
لاشتىن سىرت، ئانارنىڭ ئايىغىغا باش
قويۇپ پۇتلىرىغا سۆيۈشكە باشلاپتۇ.
ئانارنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ تاقىتى-تاق
بولۇۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ،
سەرتىپنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى
كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سەرتىپ بارغانسېرى
تېتىقسىزلىشىپ:

— قەدىرلىكىم، مەن ئۆمرۈمدە يەتتە
خوتۇن ئالغان بولسامۇ لېكىن خۇدايىم
شۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىدىنمۇ مېنىڭ
بەختىمنى بەرمىگەنىدى. مەن بۈگۈن
پەقەت سىزدىنلا ھەقىقىي بەختىمنى تاپتىم،
ئارزۇيۇمغا يەتتىم، مۇرادىم ھاسىل بولدى.
ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق. ئاھ گۈزەل
جانانىم، مەن پەقەت تاقەت قىلالمىدىم.
جامالىڭىزنى بىر كۆرسەتسىڭىز، دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئانار سەرتىپنىڭ قىلىۋاتقان بىمەنە
گەپلىرىگە چىداپ تۇرالماي يۈزىنى
ياپقان رومالىنى شۇنداق ئاچقانىكەن،
سەرتىپ چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئاغزى گەپكە
كەلمەي كۆزى ئوچۇق كەتكەن جەسەتتەك
بىر ھازا قېتىپلا قاپتۇ.

چىنار غەزەپلىك كۆزلىرىنى
سەرتىپكە تىككىنىچە:

— ۋوي نومۇسسىز، مېنى تونۇدۇڭ-
مۇ؟ مەن كىم دەپ باقە؟ سېنىڭ ماڭا بول-
غان ئەقىدەڭ شۇنچىلىكمىتى؟ كونىلاردا
«ئارقىدا ماختىماي ئالدىدا ماختىغاندىن
قورق» دېگەن بىر تەمسىل بار. مەن
سېنىڭ «تاتلىق» گەپلەر بىلەن ماختاش-
لىرىڭغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتىم. شۇڭا
يالغاندىن ئۆلۈپ باقتىم. مانا ئەمدى
سېنى بىلدىم. قان بىلەن كىرگەن خۇي
جان بىلەن چىقىدۇ، دەپتىكەن. ئەمدى
سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق! — دېگىنىچە
ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۆيدىن ئاخۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئايگۈل مۆيدىن.

www.uyghurkitap.com

# ھېكايەتلەر

(«ئەجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل مەۋجۇدات» تىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت

## ئادىل ھۆكۈم

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ناماز ئۆتەش ئۈچۈن تاغ ئۈستىدىكى بۇلاق بېشىغا كەلدى-دە، تەرەت ئېلىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا بىر ئاتلىق ئادەم بۇلاق بېشىغا كېلىپ يۈكتاقلىرىنى قويۇپ، بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى. ئەمما قايتارىدا ھەميىنىنى ئۇنتۇپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن بىر پادىچى بۇلاق بېشىغا كېلىپ سۇ ئىچتى. ھېلىقى ئاتلىق ئادەمنىڭ ھەميىنىنى ئېلىپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىر دەم ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوتۇنچى بىر يۈدە ئوتۇن بىلەن بۇلاق بېشىغا كەلدى. ئوتۇننى بىر ياققا قويدى-دە، سۇ ئىچىپ بۇلاق يېنىدا يېتىپ دەم ئېلىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئاتلىق ئادەم ھەميىنىنى ئىزدەپ بۇلاق بېشىغا چىقتى. ئۇ كىشى ئوتۇنچىغا:

— ھەميىنىمنى بەر! — دېدى.

ئوتۇنچى:

— مەن ھەميان كۆرمىدىم، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرىدا قاتتىق جېدەل پەيدا بولدى. ئاتلىق ئادەم ئوتۇنچىنى ئۆلتۈردى. بۇ ھالنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، بۇ قازا ھەققىدە ھۆكۈمىڭ قانداقتۇر، ئادالىتىڭ نېمىدۇر؟ — دېدى.

شۇئان تەڭرىدىن ۋەھى كەلدى:

— ئەي مۇسا، ئاڭلىغىن! ھەميانىنى ئۇنۇتقان ئادەمنىڭ ئاتىسىنى ئوتۇنچى ئۆلتۈرگەن. ئەمدى قىساسىغا ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئوتۇنچى ئۆلتۈرگەن كىشى (ئاتلىق ئادەمنىڭ ئاتىسى) نىڭ پادىچىغا ھەميانىنىڭ ئىچىدىكى پۇل مىقدارىدا قەرزى بار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قەرزى بالىسىدىن ئادا بولدى.

## چىن دېڭىزى ھەققىدە ھېكايەت

سودىگەرلەردىن بىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، چىن دېڭىزى ناھايىتى دەھشەتلىك دېڭىز بولۇپ، بىر كۈنى سەپەر قىلىش ئۈچۈن بۇ دېڭىزدا كېمىدە ئولتۇردۇم. كېمە يۈرۈپ دېڭىز ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ، كېمىنى ماڭغان نىشانىدىن ياندۇردى. كېمە ھەر تەرەپكە داۋالغۇشقا باشلىدى. بىز ئەس-ھوشۇمىزنى يوقاتتۇق. كېمىدە كامالەتكە يەتكەن بىر مۇئەللىم بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئەما ئىدى. ئۇ بىزدىن توختىماي:

— دىققەت قىلىڭلار! نېمە پەيدا بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورايتتى. بىز ھەر تەرەپكە قارايتتۇق ۋە نېمە بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتۇق. مۇئەللىم ھەمىشە كېمىدىكى ئارغامچىلارنى يىغدۇراتتى. كېمىدىكى خالايىق:

— مۇئەللىم، ئەسكى ئارغامچىلارنى يىغىپ يۈرگىچە، يولغا يارىغۇدەك نەرسە يىغسىڭىز بولمامدۇ، بۇ ئىشلىرىڭىزدىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ — دېيىشىپ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرەتتى.

مۇئەللىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆز ئىشىنى داۋام قىلاتتى ۋە بىردەم-بىردەم: «قاراڭلار پەيدا نېمە بولدى؟» دەپ سورايتتى. كېمىدىكىلەر بۇ نۆۋەت:

— دېڭىزدا بىر قارا قۇش پەيدا بولدى، سۇ يۈزىدە، — دەپ جاۋاب بەردۇق.

مۇئەللىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ داد-پەرياد قىلىپ:

— ھەممىمىز ھالاك بولىدىغان بولدۇق! — دېدى.

كېمىدىكىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەۋەبىنى سورىدى. مۇئەللىم:

— مېنىڭ ئېيتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. نېمە بولىدىغانلىقىنى ھازىرلا بىلىسىلەر، — دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن بىز ئاجايىپ-غارايىپ بېلىقلارنىڭ دېڭىز ئۈستىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، ئەس-ھوشۇمىزنى يوقىتىپ، ھاياتىمىزدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزدۇق. بىر-بىرىمىز بىلەن خوشلاشتۇق. مۇئەللىم بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى بىلىپ:

— ئەگەر كېمىدىكى ماللارنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرسەڭلار، سىلەرنى بۇ ھالاكەتتىن خالاس قىلىمەن، — دېدى.

— ئەگەر بىزنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ساق-سالامەت ساھىلغا چىقارسىڭىز مالنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە رازىمىز. بۇ سىزگىمۇ ھالال بولار، — دېيىشتۇق بىز.

مۇئەللىم ئۆزى يىغدۇرغان ئارغامچىلارنى ئەكەلدۈرۈپ بىرنەچچە قاچا ياغنى ئارغامچىغا تۆكتى، ئاندىن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى كېمىگە باغلاتقۇزدى. يەنە بىر ئۇچىنى بولسا دېڭىزغا تاشلىدى. بۇ چاغدا شۇنداق كۆپ بېلىقلار ئارغامچا ئەتراپىغا ئولىشىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلمىدى. مۇئەللىم يەنە بۇيرۇق قىلىپ كېمىدىكى گۆشلەرنى پارچە-پارچە قىلىپ ئۇلارنىمۇ ئارغامچىغا باغلاپ، بىر ئۇچىنى كېمىگە باغلاپ يەنە بىر ئۇچىنى دېڭىزغا تاشلىدى ۋە كېمىدىكى پارچە تۆمۈر ۋە ياغاچلارنى ئېلىپ بىر-بىرىگە ئۇردى. بۇ چاغدا كېمە ھەرىكەتكە كەلدى. مۇئەللىم

ئۇرۇشنى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئاخىرى كېمە قايىنامدىن چىقىپ دېڭىزدا قايتا راۋان بولدى. ئارغامچىلار كېسىپ تاشلاندى.

## ئىسكەندەرنىڭ ئەجدىھانى ھالاك قىلىشى

ھىندى دېڭىزىدىكى سەنىن دېگەن ئارال ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، بۇ ئارالدا تاغلار، ھەرخىل دەل-دەرەخلەر ۋە گۈزەل قورغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. قورغانلارنىڭ پەشتاقلىرىمۇ ئىنتايىن ئېگىز ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە بۇ ئارالدا ناھايىتى دەھشەتلىك بىر ئەجدىھا پەيدا بولدى. ئارال ئەھلىلىرى ئىسكەندەرگە:

— بۇ ئەجدىھا چارۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى، بىزنىڭ ھەر كۈنى ئىككى كالىنى ئەجدىھا كېلىدىغان جايغا ئاپىرىپ بېرىش ۋەزىپىمىز بار، بۇ كالىلارنى ھەر كۈنى ئەجدىھا كېلىپ يەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق ئەجدىھا قەسىرىمىزگە كېلىپ ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ يىراقتىن خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش پەيدا بولۇپ، كۆزلىرىنى چانىقىدىن چىقارغان ھالدا ئاغزىدىن ئوت چىقىرىپ، ھەرقانداق نەرسىنى يۇتۇپ كېتىدۇ، — دەپ شىكايەت قىلدى.

ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ كالىنى تۇلۇم قىلىپ سويدۇردى. كالا تېرىسىنىڭ ئىچىگە گۈڭگۈرت، تۆمۈر، ياغ، ھاك قاتارلىقلارنى تىقىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىلمەك ئورناتتى. ئاندىن كالىنى ئەجدىھا كېلىدىغان جايغا ئۆرە قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ئەجدىھا كېلىپ بۇ تېرىنى يۇتتى. تولۇمغا تىقىلغان نەرسىلەر تارتىشىپ، بىر دەمدىن كېيىن ئەجدىھانىڭ ئىچىدە ئوت ياندى. ئىلمەكلەر بوشاپ ئەجدىھانىڭ ئۈچ-باغرىنى قامىللىدى. بىرھازادىن كېيىن ئەجدىھا يىقىلدى.

ئەھلى-ئالەم كېلىپ ئەجدىھانىڭ ئاغزى ئوچۇق ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈشتى. پۈتۈن ئارال ئەھلى خۇشال بولۇپ، ئىسكەندەرگە نۇرغۇن ھەدىيەلەر تارتۇق قىلىشتى.

## ئاجايىپ قۇش

ئىسپاھانلىق بىر كىشى ماڭا مۇنداق ھېكايەت سۆزلەپ بەردى:

مەن كۆپ قەرز بولۇپ قېلىپ، بۇ قەرزلەرنى تۆلىيەلمەي، ئاخىرى ئىسپاھان شەھىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتىم.

بىر كۈنى بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندىم. كېمە نەچچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن، دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ كېمىنى يولدىن ئازدۇردى ۋە پارس دېڭىزىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا دېڭىز دولقۇنلىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىشقا باشلىدى. كېمىدە مەندىن باشقا يەنە كۆپ سودىگەرلەر ۋە بىر مۇئەللىممۇ بار ئىدى. سودىگەرلەر مۇئەللىمدىن:

— ئەي مۇئەللىم، سىز بۇ دولقۇن-

لاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپا-
لارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
مۇئەللىم ئۇلارغا:
— ئەگەر ئىچىڭلاردا بىرەرسى چە-
قىپ ئۆزىنى كۆيۈپچىلىك ئۈچۈن قۇربان
قىلسا، ئىنشائاللا بۇنىڭ پايدىسى باشقى-
لارغا ئۆتۈپ، بۇنىڭدىن باشقىلار سالامەت
قالار، — دېدى.
مەن بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن:
— ئەي بۇرادەرلەر، مەن تىرىكلىك-
نىڭ قاتتىقلىقىدىن جېنىمدىن تويغان.
ئەمدى مۇشكۇلچىلىك ئۈچۈن جېنىمنى
پىدا قىلىشقا رازىمەن. قېنى ئېيتىڭ.
نېمە قىلىشىم كېرەك. بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇن-
داي، — دېدىم مۇئەللىمگە قاراپ.
— سەن ئاۋۇ ئارالغا چىقىپ، ئۇ يەر-
دىكى دۇمباقنى ئۈچ كېچە-كۈندۈز توخ-
تىماي ئۇر. شۇ چاغدا كېمە قايناملىدىن
چىقالايدۇ، — دېدى مۇئەللىم.
مەن ئۇلارغا:
— مېنىڭ ئىسپاھاندا نۇرغۇن ئادەم-
لەرگە قەرزىم بار. سىلەر مەن ئۈچۈن
ئۇلارغا قەرزنى تۆلەپ تەسەككۇلار ۋە مەن
ئۈچۈن خەيرى-ئېھسان قىلساڭلار، — دەپ
شەرت قويدۇم.
ئۇلار شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلىپ،
چوقۇم ئادا قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى.
ماڭا ئۈچ كېچە-كۈندۈزگە يەتكۈدەك
ئوزۇق-تۈلۈك بەردى. مەن جەزىرىگە
چىقىپ دۇمباقنى ئۇرۇشنى باشلىدىم.
ئۈچىنچى كۈنى كېمە ھەرىكەتكە
كېلىپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى.
شۇنداق قىلىپ مەن بۇ ئارالدا يال-
غۇز قالدىم. جەزىرىدىكى بىر تۈپ دەرەخ-
كە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ دەرەخ شۇن-
داق ئېگىز ئىدىكى، بۇنداق كاتتا دەرەخ-
نى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپمۇ باق-
مىغانىدىم. دەرەخنىڭ تۈۋىدە خۇددى
سۇپىغا ئوخشاش بىر جاي بار بولۇپ
ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم. كەچ كىرگە-
نىدى، بىر غەيرىي ئاۋازنى ئاڭلىدىم.
ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسام، ئادەمنىڭ
قورققۇسى كەلگۈدەك شۇنداق چوڭ بىر
قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، ھېلىقى چوڭ دە-
رەخ ئاستىدىكى سۇپىغا قوندى. شۇ چاغدا
بىلدىمكى ئۇ جاي شۇ قۇشنىڭ ئۇۋىسى
ئىكەن. مەن بۇ قۇشنىڭ تۇرقىدىن قورق-
تۇم. ئۆزۈمنى پىنھان جايغا ئالدىم. بىر
كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. قۇش قانات-
قۇيرۇقلىرىنى ئېقىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ
كەتتى. كەچ كىرگەندە يەنە ئۇچۇپ كې-
لىپ، ھېلىقى سۇپىغا قوندى. بۇ چاغدا
مەن ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆرە
تۇردۇم. ئۇ ماڭا ھېچقانداق خىرىس قىل-
مىدى. تاڭ ئاتتى، قۇش يەنە ئۇچۇپ كەت-
تى. كەچ كىرگەندە كېلىپ يەنە ئۆز جا-
يىغا قوندى. بۇ نۆۋەت مەن ئۇنىڭدىن
قورقمىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.
يەنە بىر كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. قۇش
بۇرۇنقىدەكلا قانات-قۇيرۇقلىرىنى تۈزەش-
تۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇچۇشقا
تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، دەرھال
ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇتىغا ئېسىلدىم.
قۇش مېنى كۆتۈرگىنىچە ئاستا ئاسمانغا
قاراپ كۆتۈرۈلدى. قۇش شۇ تەرىزدە نەچ-
چە كېچە-كۈندۈز ئۇچتى. قۇش ئۇچۇۋا-
تاتتى. مەن تۆۋەنگە قارىدىم: دېڭىزنىڭ
مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قاينىمىدىن باشقا
ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم. مەن بۇ چاغدا:
«قولۇمنى قويۇپ بېرىپ بۇ دۇنيانىڭ رەن-

www.uyghurkitap.com

جىددىن بىراقلا قۇتۇلاي» دەپ ئويلىدىم. لېكىن سەۋرى قىلدىم. قۇش يەنە نەچچە كۈن ئۇچتى. مەن يەنە تۆۋەنگە قارىدىم. بىر چوڭ گۈمبەزنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىسىنى كۆردۈم. قۇش ئاستا-ئاستا تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. قۇش گۈمبەزگە يېقىنلاشتى ۋە قونۇشقا تەمشەلدى. شۇ ئەسنادا قولۇمنى قويۇپ بېرىپ گۈمبەزنىڭ ئۆگزىسىنى ساق-سالامەت تۇتۇۋالدىم. قۇش ئۇچۇپ كەتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە يېنىمغا كەلدى. ئۇلار مېنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ مېنىڭ تىلىمنى بىلىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ كېلىپ مەندىن ئەھۋال سورىدى. مەن بولغان ۋەقەلەرنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردىم. پادىشاھ ھەيران قالدى. مەن پادىشاھ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇم. پادىشاھ ماڭا نۇرغۇن پۇل-ماللارنى ئىنئام قىلدى. بىر كۈنى مەن ساياھەت قىلىپ دېڭىز ياقىسىغا باردىم. بىر كېمىدە ھېلىقى سەپەرداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە سورىدى. مەن:

— ئەي خالايىق، مەن ئۆز جېنىمنى سىلەرنىڭ نىجاتلىقىڭلار ئۈچۈن پىدا قىلغانىدىم. ئەمدى تەڭرى ماڭا خالاسلىقنى بەردى. يەنە تېخى نۇرغۇن پۇل-مالمۇ بەردى. مەقسىتىمگە سىلەردىن بۇرۇن يەتكۈزدى، — دېدىم. خالايىق مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئېلىشتى. باشتىن ئۆتكۈزگەن ھېكايەمنى تەبرىكلەشتى.

## ئاجايىپ ئارال

سودىگەرلەردىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلدى:

— بىر كۈنى مەن كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقتىم. كېمە دېڭىز دولقۇنىغا ئۇچراپ، داۋالغۇشقا باشلىدى. ئاخىرى مېنى «مەھتەر» دېگەن ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى. مەن بۇ ئارالغا چىقىپ قارىدىم، ئارالدا ئادەملەر كۆپ ئىكەن. بۇ يەردە خېلى زامان تۇردۇم. جەزىرىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇلپەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگەندىم. بىر كۈنى كەچتە جەزىرىدىكى خالايىقلارنىڭ داد-پەرياد قىلىشىپ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇلار كۆكنىڭ بۇرجىكىدىكى بىر يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ يۇلتۇز بىزنىڭ بېشىمىزنىڭ ئۇدۇلىغا كەلسە، بۇ يەردىكى ھەرقانداق نەرسە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋەقە ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ، — دېدى.

دەرھەقىقەت، ئۇ يۇلتۇز كۈندىن-كۈنگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. جەزىرىدىكى خالايىقلار مال-دۇنيالىرىنى كېمىلەرگە قاچىلاپ كېتىشتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتىم. ئۇ يۇلتۇز بۇ جايدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىشتى. دېگەندەك جەزىرىدىكى ھەممە نەرسىلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار يەنە يېڭىباشتىن ئۆي-ماكانلىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

## زەۋرا ئارىلى

بىر سودىگەر زەۋرا ئارىلى ھەققىدە مۇنداق ھېكايەت قىلدى.

بۇ ئارال چىن شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، ئارالدا تاشتىن ياسالغان بىر شەھەر بار. بىر كۈنى بىز شۇ شەھەرگە باردۇق. ئۇ شەھەردىن ھەرخىل غەيرىي ئاۋاز ۋە غۇلغۇلا كېلەتتى. ئۇ يەرگە ھېچكىم بارالمايدىكەن. شەھەرنىڭ ئۇدۇلىدا تاتلىق سۇ بولۇپ، ئۇ سۇدىن كافۇرنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىكەن. شەھەر يېنىدا بىر تاغ بار بولۇپ، تاغ ئۈستىدىن بىر پارچە ئۇلۇغ ئوت كۆككە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. تاغدىكى ئوت يېنىپ تۇرغان جايدا يىلان بار ئىكەن. ئۇ يىلان ھەر يىلى بىر قېتىم سىرتقا چىقىدىكەن. زەڭگىنىڭ پادىشاھلىرى بۇ يەرگە مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇ يىلانلارنى تۇتىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ بەدىنىگە سۈركەيدىكەن. بۇ ياخشىلىق ۋە راھەت ئېلىپ كېلىدىكەن. ئەگەر سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئۇ يىلاننىڭ تېرىسىنى يەرگە يېيىپ ئۈستىدە ئولتۇرسا كېسىلى ساقىيىدىكەن. پادىشاھلار بۇ يىلان تېرىلىرىنى بىر-بىرىگە سوۋغا قىلىشىدىكەن.

ھىندى پادىشاھلىرى ئوردىلىرىدا بۇنداق يىلان تېرىلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا ھىندىلاردا سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئادەتتىكى ھىندىلارمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولسا، پادىشاھ خەزىنىسىدىن بۇ خىل تېرىدىنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىدۇ.

## قۇشلار بىلەن جەڭ

رۇملۇق بىر كىشى ماڭا مۇنداق رىۋايەت سۆزلەپ بەردى.

بىر كۈنى قۇزلەم دېڭىزىدا سەپەر قىلىۋېتىپ كېمىمىز پاچاقلىنىپ كەتتى. مەن بىر پارچە تاختايغا چىقىۋالدىم. سۇدا لەيلەپ قالدىم. شامال مېنى «بەھاناس ھەسرۇلقاقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى. قارىسام بۇ ئارالدا بىر خىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەددى-قامىتى بىر گەز ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ بىر كۆزى كور ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالدى-دە، باغلىغان پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ مېنى زىندانغا قاماشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەپەسكە ئوخشايدىغان بىر جايغا ئاپىرىپ قامىدى. مەن قەپەسنى سۇندۇرۇپ قاچتىم. ئەمما ئۇلار مېنى يەنە تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. بارا-بارا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ جەڭ تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىدىم:

— بىزنىڭ قۇش دۈشمىنىمىز بار، ئۇ قۇشلار ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا كېلىپ بىز بىلەن جەڭ قىلىدۇ، — دېيىشتى.

دەرھەقىقەت، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن توپ-توپ قۇشلار بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر خىل سۇ قۇشلىرى بولۇپ، بۇ يەر-

دىكەن ئۇلارنى «غەرابىق» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز مۇشۇ قۇشلار» دېدى. بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ بىر كۆزىنى مۇشۇ قۇشلار چوقىلاپ كور قىلغانىكەن. مەن قورالىمنى ئېلىپ قۇشلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتىم. قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھەيۋىتىمدىن قورقۇپ قاچتى. ئۇلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ماڭا تولىمۇ ئىززەت-ھۆرمەت قىلىشتى.

## ئىت باشلىق ئادەم

ياقۇپ بىننى سەرراج بىننى ئىسھاق مۇنداق ھېكايەت قىلدى: مەن يۇزلىرى تاتىلانغان بىر ئادەمنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق ھېكايەت قىلىپ بەردى.

بىر كۈنى بىز كېمە بىلەن سەپەردە ئىدۇق، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ بىزنى بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى. بىز بۇ ئارالدا شۇنداق بىر خىل ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۆردۇقكى، ئۇلارنىڭ بېشى ئىتنىڭ بېشىغا، تېنى بولسا ئادەمنىڭ تېنىگە ئوخشايدىكەن. بىز ئارال بويىدىكى كېمىگە چىقىۋالدۇق. نۇرغۇن سەگسارلار① يېتىپ كەلدى. ئۇلار يىراقتىن بىزگە قاراپ تۇردى. ئۇلاردىن بىر قىسمى قوللىرىغا تاياق ئېلىپ كېلىپ بىزنى خۇددى قوينى ھەيدىگەندەك كېمىدىن جەزىرىگە ھەيدەپ ماڭدى. بىز يولدا نۇرغۇن ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆردۇق. ئۇلار بىزنى ھەيدەپ كېلىپ، ئايرىم ئۆيلەرگە سولىدى. مەن سولانغان ئۆيدە بىزنىڭ خىلىمىزدىكى بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتىمۇ ئاجىز كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇ:

— بۇ سەگسارلار تۇۋمى يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەر بولسا ئېلىپ كېلىپ، بىزگە يېگۈزىدۇ. بىز سەمرىگەندىن كېيىن ئارىمىزدىن سېمىزلىرىمىزنى تاللاپ سويۇپ يەيدۇ. مەن ئاغرىق ۋە ئورۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىت باشلىقلار ماڭا خىرىدىس قىلمىدى.

بۇ سەگسارلارنىڭ ئەتە ھېيتى بولىدۇ، شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ جايدىن غايىب بولىدۇ. ئەگەر جېنىڭنى قۇتۇلدۇراي دېسەڭ شۇ پەيتتە قېچىشىڭ كېرەك، مەن سەن بىلەن بىللە قاچاي دېسەم قۇۋۋەت-مادارىم يوق. ئەگەر قاچماقچى بولساڭ، مەن ساڭا بىر توپ دە-



① سەگسار — رىۋايەتلەردىكى ئىت باشلىق، ئادەم تەنلىك مەخلۇقات.

رەخىنى كۆرسىتىپ بېردي، سەن قېچىپ
شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋال. سەگسار-
لار ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمگە چې-
قىلمايدۇ، — دېدى.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىمدىن
دەس تۇردۇم-دە، كېچىلەپ قېچىپ شۇ
دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. سەگسارلار
قوغلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، مېنى
دەرەخ ئۈستىدە كۆرۈپ، قايتىپ كەتتى.
مەن سەگسارلاردىن قۇتۇلۇپ بۇ ئارالدا
يۈردۈم. ئارالدا دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ
ئىكەن. بىر تۈپ چوڭ دەرەخ ئۈستىدە
ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرغانلىقى-
نى كۆردۈم ۋە شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە
چىقتىم. دەرەخ ئۈستىدە ناھايىتى چىراي-
لىق ئادەملەر ئولتۇرغانىكەن، مەنمۇ ئۇلار-
نىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ
تىلىنى بىلمىدىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ تىلىمنى
بىلمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلاردىن
بىرى كېلىپ قولىنى گەدىنىمگە ئالدى ۋە
بوينۇمغا مىنىپ پۇتلىرى بىلەن مېنى
قاتتىق قىستى. مېنى پۇتلىرى بىلەن قوز-
غىلىشىمغا ئىشارەت قىلدى. بۇ چاغدا
مەن ئۇنى گەدىنىمدىن ئېلىپ تاشلاشقا
ھەرىكەت قىلدىم. ئۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرى
بىلەن مېنى تاتىلىدى. مەن ئۇنى دەرەخ-
لەر ئۈستىدە ئېلىپ يۈردۈم. ئۇ گەدىنىمدە
ئولتۇرۇپ دەرەخلەردىن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ
يەيتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مېنىڭ ھالى-
تىمنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلىشاتتى. بىر
چاغدا دەرەخنىڭ بىر تال شېخى ئۇنىڭ
كۆزىگە كىرىپ كەتتى. مەن دورا شەربىتى
ياساپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ دورىنى ئىچىپ
مەست بولۇپ پۇتلىرى بوشىشىپ كەتتى.
ئۇشتۇمتۇت ئۇنى گەدىنىمدىن ئېلىپ يەر-
گە تاشلىدىم-دە، ئاخىرى قېچىپ قۇتۇل-
دۇم. يۈزۈمدىكى تاتۇق ئىزلىرى ئەنە شۇ-
نىڭدىن قالغان.

## سۇ ئادەملىرى

ئەبۇ ھەمەدان يەئنىبى مۇنداق رى-
ۋايەت قىلدى.

شام دېڭىزىدا ئىنتايىن چوڭ بې-
لىقلار ياشايدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بې-
لىقلارنى چوڭ ئىلمەك ۋە ئارغامچىلار بى-
لەن ئۇۋۇلايدۇ. بىر كۈنى خالايىقلار شۇ
تەرىقىدە ناھايىتى چوڭ بىر بېلىقنى دې-
ڭىز قىرغىقىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. خا-
لايىقلار كۆردىكى، بۇ چوڭ بېلىقنىڭ قو-
لىقىدىن رەڭگى ئاپئاق، چاچلىرى قىزىل
ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز چىقتى. قىز-
نىڭ بېلىدە نېپىز پەردىسى بار بولۇپ،
خۇددى تامبالغا ئوخشاش كىندىكىدىن بې-
لىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. بېلىقچىلار ئۇ
قىزنى بېلىقنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ چىقار-
دى. شۇ ھامان قىز قوللىرىنى بېشىغا
ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئاللا-تۇۋا كۆ-
تۈردى-دە، ئۆلدى. مەن بۇنداق ۋەقەلەر-
نى يەنە بىرقانچە كىتابلاردىمۇ كۆرگەنمەن.

## نۇشىرۋان بىلەن دېڭىز ئادىمى

نۇشىرۋان پادىشاھ تۈركلەر بىلەن
بىر قېتىملىق جەڭدە دېڭىزدا تۇغان باغ-
لىدى. تۇغانىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن
ئۇنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، تەگرىگە شۈكۈر-

www.uyghurkitap.com

سانالار ئوقۇدى ۋە خۇشال بولۇپ تەختەنى تۇغاننىڭ بىر تەرىپىگە قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇپ:

— ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، سەن ماڭا ئىلھام بەردىڭ. بۇ تۇغاننى ياساپ تۈركلەر بىلەن غالىب جەڭ قىلىشىمغا مەدەت بەردىڭ. مېنى ئەمدى ئۆز مۇقامىڭغا يەتكۈزگەيسەن، — دېدى. ئاندىن كېيىن بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ چاغدا دېڭىزدىن خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش قارا تۇمان پەيدا بولۇپ، ئالەمنى قاپلىدى. بۇ قارا تۇمان نوشىرۋاننىڭ قەستىگە چۈشتى. ئۇنىڭ چېرىكلىرى يانى تارتىپ تەييار بولدى. نوشىرۋان ئويغىنىپ چېرىكلىرىگە:

— ئوقيا ۋە ياراقلىرىڭلارنى تاشلاڭلار، مەن ئۆزلۈكۈمدىن جۇدا بولغىلى ئىككى يىل ئالتە ئاي بولدى. تەڭرى ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەچكە بۇ تۇغاننى ياساپ پۈتتۈردۈم. بۇنداق ئۇلۇغ ئىش مېنىڭ قولۇمدا تامام بولدى. ئەمدى مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر سۇ ھايۋىنى تەرىپىدىن ھالاك بولىمەن، — دېدى. پۈتۈن لەشكەرلەر قورال-ياراقلىرىنى تاشلىدى. شۇ چاغدا دېڭىزدىن بىر ئادەم چىقتى ۋە نوشىرۋان ئادىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پادىشاھ، بىلگىنكى، مەن مۇشۇ دېڭىزدا ياشىغۇچىلاردىن بىرى بولىمەن. ئىلگىرى بۇ يەردە كۆپ پادىشاھلارنىڭ بۇ تۇغاننى ياسىغانلىقىنى كۆرگەنمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولغان. ماڭا تەڭرىدىن پالانى شەھەردىن پالانى پادىشاھ كېلىپ بۇ يەردە تۇغان بىنا قىلىدۇ، ئۇنى ھېچقانداق ئادەم ۋەيران قىلالمايدۇ دەپ خەۋەر كەلگەنىدى. ئۇ پادىشاھ سەندۇرسەن. تەڭرى قىلغان مۇشەققەتىڭگە ئوبدان ئەجىر بەرسۇن، — دېدى-دە، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ نە ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ياكى دېڭىزغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

## سۇ ئادىمىنىڭ سۆزى

شام دېڭىزىدا سۇ ئادەملىرى كۆپ ياشايدىكەن. ئۇلار پات-پات دېڭىز يۈزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. دېڭىز يۈزىگە چىققاندا ئۇلارنىڭ بېلىدىن يۇقىرى تەرىپى سۇ ئۈستىدە، قالغان تەرىپى بولسا سۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇ ئادەملىرىنىڭ سۇدىن تاشقىرى چىقىشى ئەرزانچىلىق ۋە تىنچلىقنىڭ دەللىلى ئىمىش.

سۇ ئادەملىرىدىن بىرىنى بىر پادىشاھ تۇتۇۋېلىپ يەنە بىر پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۇ ئادىمىنىڭ سۆزىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بىلەلمەپتۇ. ئاخىر بۇ سۇ ئادىمىگە خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بالىسىدىن سورىماقچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلاردىن بىر پەرزەنت تۇغۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ بالىسى چوڭ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ سۇ ئادىمىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سۆز سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭ بالىسىدىن:

— ئاتاڭ نېمە دەيدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ

ئۇنىڭ بالىسى:

— ئاتام سىلەرگە ھەيران قاپتۇ. ئۇ: «ھەممە ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى ساغرىسىدا ئىكەن، ئەمما بۇلارنىڭ قۇيرۇقى بېشى ۋە يۈز كۆزلىرىدە ئىكەن» دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بېستون تېغى ھەققىدە رىۋايەت

بېستون تېغى ناھايىتى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھەمەدان بىلەن مەلۋان دېگەن شەھەرنى ئايرىپ تۇراتتى. بۇ تاغنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈچ كۈن كېتەتتى. بۇ تاغ تېشىنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر ئىدى.

ئەجەمنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئۇ تاغنىڭ تېشىنىڭ قاتتىقلىقى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر قىلىنغان:

خۇسرەۋ دېگەن بىر پادىشاھنىڭ شىرىن ئاتلىق، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر مەلىكىسى بار ئىدى. بۇ شەھەردە فەرھاد ئىسىملىك بىر تاش يونۇغۇچى يىگىت بار بولۇپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى شىرىن شىكارغا چىقىپ تاغ باغرىغا كەلگەندە فەرھاد ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولدى. بۇنىڭدىن خانىش پەرۋىز خەۋەر تاپتى. پەرۋىز ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا مەسلىھەت قىلىپ.

— ئەي ۋەزىرلەر، فەرھادنى مۇشۇ ھالدا يوقىتاي دېسەم خەلقئالەم ئالدىدا ھۆرمىتىم چۈشەر، زىندانغا تاشلاي دېسەم ئۇ بىگۇناھتۇر. ئۇنى قانداق قىلىپ بۇ ئاشىقلىقتىن تەرك قىلغىلى بولار؟ — دېدى.

ۋەزىرلەردىن بىرى:

— ئەي خانىش، بۇنىڭ ئۈچۈن فەرھادنى بىر ئىشقا سالماق كېرەك. ئۇنى قەسابە تېغىنى چېپىشقا سېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنىڭدا سەرپ بولغاي، ئەگەر ئۇ مۇشۇ ئىشتا ئۆلسە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولار. ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن نەچچىلىگەن يىللارنى سەرپ قىلىپ ئاخىرى قېرىدىلىق يېتىپ زەئىپلىشىپ تۈگىشەر، — دېدى.

ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزى پەرۋىزنىڭ دىلىغا ياقتى، فەرھادنى ھازىر قىلىپ:

— ئەي فەرھاد، بېستون تېغى ھەمدان بىلەن مەلۋان شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى يولنى توسۇپ تۇرماقتا. سەن ئۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ يول ئاچ، ئۇ يولدىن ئۆتكىلى ۋە قايتىپ كەلگىلى بولسۇن، — دەپ بېستون تېغىنى كۆرسەتتى.

— ئەي پادىشاھ، مەن ئۇ تاغنى سىزنىڭ يولىڭىزدىن يۆتكەي، بۇنىڭ شەرتى شىرىننى ماڭا ياتلىق قىلامسىز؟ — دېدى فەرھاد.

خۇسرەۋ بىلەن پەرۋىزنىڭ «ياق» دېيىشكە ئامالى قالمىدى.

فەرھات پادىشاھ ئوردىسىدىن چىقىپ بېستون تېغىغا كەلدى. ئۇ چوڭ بىر قورام تاشقا شىرىننىڭ سۈرىتىنى، ئۇنىڭ چۆرىسىگە كېنىزەك ۋە خىزمەتكارلارنىڭ سۈرىتىنى، سۈرەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بولسا پەرۋىزنىڭ «شەبدىز» دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق ئېتىغا مىنىپ تۇرغان سۈرىتىنى ئويدى. فەرھاد بۇلارنى شۇنداق ئۇستا ماھارەت بىلەن ئويدىكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەم «بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھۈنەر ئەمەس. بۇ چوقۇم جىننىڭ ھۈنىرى» دەپ قالاتتى. ئاندىن فەرھاد يەنە شىرىننىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ پولات كەتمىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاغ چېپىۋاتقان سۈرىتىنى ئويدى.

فەرھاد تاغنى چېپىشقا باشلىدى. ئۇ بېستون تېغىدىن يىگىرمە ئاتلىق ئادەم

uyghurkitap.com


توغرىسىغا ئۆتەلىگۈدەك يول ئالدى.
فەرھاد كېچە - كۈندۈز تاغ قازاتتى. قازغان تاشلىرىنى كېچىلىرى توشۇپ تاغ ئېتىكىگە ئېلىپ باراتتى. فەرھاد ئالدى بىلەن كىچىك مۇنار شەكلىدە قېزىپ ئاد-



دىن ئۇنى ئۆرۈيدىكەن. ئاندىن چوڭ - چوڭ تاشلارنى بىردىن-بىردىن توشۇپ تاغ ئېتىكىگە تىزىدىكەن.

شەيخ نىزامى بۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر يازغانىكەن:

چۈشەتتى ھەر جايدىن تاش پارچىلىرى،
كۆرگەن ئادەملەر چىشلەيتتى قولىن.
تاش بىلەن تۆمۈرمۇ ھەيران بۇ ئىشتىن،
قالدى تەئەججۈپتە كۆك، ھەيران زېمىن.

بىر كۈنى پادىشاھ سىپاھىلىرىدىن بىرى بىستۇن تېغىغا كەلدى ۋە فەرھادنىڭ قازغان تاغلىرىنى كۆردى. ئۇ ھەيران بولغىنىچە ئوردىغا قايتىپ ئەھۋالنى پەرۋىزگە ئېيتتى.

— ئەگەر فەرھاد مۇشۇ تەرىقىدە تاغ تېشىدىغان بولسا پات ئارىدا تاغدىن بىر يول ئېچىپ بولىدۇ، — دېدى.

پەرۋىز بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلدى ۋە:

— دەرھال فەرھادقا «شىرىن ئۆلدى» دەپ خەۋەر قىلىڭلار. ئۇ قىلغان ئىشلىرىنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى.

پادىشاھ سىپاھىلىرى بېرىپ فەرھادقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

فەرھاد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ئاھ!» دېگىنىچە تېشە (تاش قازغۇچى ئەسۋاب) سىنى تاشقا قاتتىق ئۇردى. تېشە تاشقا پاتتى. فەرھاد بېشىنى تېشەگە ئۇردى ۋە ئالەمدىن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

## خاسىيەتلىك تاش

بىر كۈنى سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىك:

— مېنىڭ مەملىكىتىم سۇلايمان بىننى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەملىكىتىدىنمۇ كەم ئەمەستۇر. مەندە بار بايلىق يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر پادىشاھتا يوقتۇر، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ يېنىدىكىلەردىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىزدە بىر پادىشاھتا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نەرسىدىن بىرى يوق، — دەپتۇ.

سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىك:

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ بىر كامالەتكە يەتكەن ۋەزىر

بولۇشى كېرەككى، خۇددى سىزنىڭ خەلەپىلىكىڭىز ئاتا-بوۋىڭىزدىن تاكى سىزگىچە، داۋاملىشىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ ۋەزىرلىكى ئاتا-بوۋىسىدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇشى شەرت، — دەپتۇ.

— سەن مۇشۇ شەرتلەرى ھازىر بولغان ۋەزىرنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ

— بىلىمەن. ئۇ جەئفەر بىننى بەرمەكىدۇر، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — ئۇنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى شىردىن بابەكنىڭ زامانىغىچە ۋەزىر بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭدا ۋەزىرلىك بابىدا ئاتا-بوۋىسى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن كىتاب بولۇپ، ئۇ ۋەزىرلىكتە شۇ كىتاب ئارقىلىق كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى پادىشاھلاردىن كۆپ دىششۋارچىلىق كۆرگەچكە، ئۇمۇ ھازىر ۋەزىرلىك ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ بەلختە يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ. سىزگە شۇ كىشىدىن بۆلەك ئادەم ۋەزىرلىككە لايىق ئەمەس، — دەپتۇ.

ئابدۇلمەلىك بەلخ ھاكىمىغا: «جەئفەر دەرھال دەمەشىققە ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزىتىلسۇن. ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك تىللا كەتسە كەتسۇن.» دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ جەئفەر دەمەشىققە كېلىپ پادىشاھ سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىكنىڭ خىزمىتىگە كىرىپتۇ. سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىك جەئفەرنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ كېلىشكەن چىرايى ۋە قامىتىگە قاراپ، كۆڭلىدە جەئفەرگە قارىتا چوڭقۇر مېھىر پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا چاقىرىپتۇ. جەئفەر پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا، پادىشاھ سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىك قاتتىق غەزەپ بىلەن:

— يوقال كۆزۈمدىن، قوپ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇئان ياساۋۇللار جەئفەرنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ جەئفەرنى نېمە سەۋەبتىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا:

— ئەي پادىشاھ، جەئفەرنى ئۆزىڭىز ئىززەت-ئىكرام بىلەن چاقىرتىپ كەلدىڭىز. ئەمدىلىتە يولسا بۇنى قوغلاپ چىقاردىڭىز. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۇلايمان بىننى ئابدۇلمەلىك:

— ئەگەر ئۇنى يىراق جايدىن چاقىرتىپ كەلمىگەن بولسام ئىدى، ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولاتتىم. بۇ بەدبەخت مېنىڭ قېشىمغا زەھەر ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بىرىنچى سوۋغىسى زەھەر بولدى، — دەپتۇ.

ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ:

— ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقسام، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئابدۇلمەلىك سوراشقا ئىجازەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەئفەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي جەئفەر، پادىشاھ سېنىڭ يېنىڭدا زەھەر بار دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟ — دەپتۇ.

جەئفەر:

— شۇنداق، ئۇ زەھەر ھېلىمۇ يېنىمدا بار، — دەپتۇ.

— سەن نېمە ئۈچۈن زەھەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ يېقىنى.

—چۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز پادىشاھلاردىن كۆپ ئازابلارنى تارتقان. ئەگەر مەنمۇ بۇ پادىشاھتىن ئاشۇنداق ئازابلارنى تارتقىدەك بولسام، بۇ زەھەرنى ئىچىپلا تۈگەشمەن دەپ يېنىمدا ساقلىغانمەن، —دەپتۇ جەئفەر.

جەئفەرنىڭ بۇ سۆزىنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، جەئفەرنىڭ ئېھتىياتچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ۋەزىرلىك لىباسىنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ جەئفەر پادىشاھ ئوردىسىدا دىۋان-پۈتۈك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ پادىشاھنىڭ ماختىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپتۇ.

بىركۈنى جەئفەر پادىشاھتىن:

—ئەي پادىشاھ، سىز پېقىردا زەھەر بارلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ —دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

—مەندە «زەرئى» دېگەن تاشقا ئوخشايدىغان ئىككى شارسىمان تاش بار، بۇلارنى ھەرگىز يېنىمدىن ئايرىمايمەن، چۈنكى بۇ تاشلاردا شۇنداق خىسلەت باركى، قاچانلا بولمىسۇن يېنىمغا زەھەر كەلسىلا بۇ تاشلار ھەرىكەتكە كېلىدۇ. سەن كىرىشىڭ بىلەنلا بۇ شارەكسىمان تاش ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. يېنىمدا ئولتۇرغانىڭدىك، ھەر ئىككىلا تاش ھەرىكەتكە كېلىپ بىر-بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئوردىدىن چىقىپ كەتكىنىڭدىك، تاشلار ھەرىكەتتىن توختىدى، —دەپ تاشلارنى جەئفەرگە كۆرسىتىپتۇ. قارىسا دېگەندەك «زەرئى» دېگەن تاشقا ئوخشايدىغان تاشلاردىن ئىكەن.

## ئۈزۈم ھەققىدە رىۋايەت

كۈنلەردىن بىركۈنى جەمشىد ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى جەمشىد ئۈچۈن ئوۋ ئىزدەپ تاغ ئىچىدە پاراكەندە بوپتۇ. بۇ تاغدا ساپ-ساپ ئۈزۈملەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. لەشكەرلەر بۇرۇن ئۈزۈم كۆرۈپ باقمىغانلىقتىن ئۇنىڭ قانداق گىياھ ۋە مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ. ئۈزۈملەردىن ئۈزۈپ جەمشىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. جەمشىد ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ:

—تاغدا زەھەرلىك گىياھلار كۆپ بولىدۇ. بۇمۇ بەلكىم شۇ خىلدىكى گىياھ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلاردىن ئۈزۈپ ئېلىڭلار. ئۇنى ساقلاپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارغا بېرىپ، تەركىبىنى سىناپ كۆرەيلى، —دەپ لەشكەرلەرگە ئۈزۈملەردىن ساپ-ساپ ئۈزدۈرۈپ، ئۇنى سىقىپ سۈيىنى بىركوزىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئۈزۈمنىڭ سۈيى يول بويى چايقىلىپ تازا ئاچچىق بوپتۇ. جەمشىد ئوردىغا كېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا زورلۇق بىلەن ئۈزۈمنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈپتۇ. ئۈزۈمنىڭ سۈيى ناھايىتى ئاچچىق بولغاچقا مەھبۇس ئاران ئىچىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بۇنى كۆرۈپ: «بۇ مەھبۇس ھازىرلا ئۆلىدىغان بولدى» دېيىشىپتۇ. مەھبۇس يەنە ئازراق ئىچكەندىن كېيىن ئەكسىنچە ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى قولىغا ئۇرۇپ چاۋاك چېلىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. ئەتراپتىكىلەر كۆرۈپ: «زەھەر ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆلىدىغان بولدى» دېيىشىپتۇ. ئەمما مەھبۇس ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ قىززىپ كېتىپتۇ. خالا-

يەقلار ئۇنىڭغا يەنە ئىچكۈزۈپتۇ. مەھبۇس يېقىلىپتۇ ۋە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. خالايىقلار: «ئۇ ئۆلدى» دېيىشىپتۇ. ئەمما بىرھازادىن كېيىن ئويغىنىپ:

— ئۇ زەھەردىن يەنە بەرسەڭلار، — دەپتۇ. خالايىقلار ھەيران بولۇپ يەنە بېرىپتۇ. مەھبۇس ھېچنېمە بولماپتۇ. بەلكى بارغانسېرى روھلىنىپ خۇشكەيىپ بوپتۇ ۋە ئەتراپتىكىلەرگە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ جەمشىد بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ ئىچىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن خۇش لەززەت تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەردە ئۈزۈم تاللىرىنى يېتىشتۈرۈشكە بۇيرۇق قىپتۇ.

## لىمون دەرىخى ھەققىدە رىۋايەت

ئەبۇ جەئفەر بىننى ئابدۇللا سەيپى بەسرى مۇنداق رىۋايەت قىلدى:

سارايىنىڭ يېنىدا بىر بۈك-باراقسانلىق باغ ياساتقانىدىم. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ باغدا ناھايىتى چوڭ ۋە ئۇزۇن چاريىلان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ چاريىلاننىڭ دەستىدىن سارىيىمغا چۈشكەن مېھمانلار باغقا سەيلىگە كىرەلمەس بولدى. مەن چار يىلاننى يوقىتىش ئۈچۈن بىر ياش مۇساپىر يىگىتنى چاقىردىم. ئۇنىڭغا چاريىلاننىڭ دەھشىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. ئۇنى يوقاتقاندىن كېيىن نۇرغۇن مال-مۈلۈك بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ، دورىلىرىنى تەييار قىلىپ باغقا كىردى. ئۇ دورىسىنى ئوتقا سېلىپ تۈتۈن چىقاردى. چاريىلان تۈتۈننىڭ پۇرىقى بىلەن ئۇۋىسىدىن چىقتى. يىگىت چاريىلاننى كۆرۈپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتتى. چار يىلان كېلىپ ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈردى. بۇ خەۋەر دەرھاللا پۈتۈن ئەتراپقا تارقالدى. كىشىلەر چاريىلاننىڭ دەستىدىن بۇ يەرگە كېلەلمىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەممۇ چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساراي ۋە باغنى بىرمەزگىل تاشلىدىم. بىر كۈنى بىر يىگىت كېلىپ چاريىلاننى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇ يىگىتكە:

— سىزنىڭ چار يىلاننى تۇتۇشىڭىزنى خالىمايمەن. چۈنكى يېقىندا بىر يىگىت كېلىپ يىلاننى تۇتماقچى ئىدى، ئۆزى ئۆلدى دېدىم.

يىگىت:

— ئۇ مېنىڭ قىرىندىشىم ئىدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن يىلاندىن ئۇنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ۋە مېنىڭ باغقا باشلاپ كىرىشىمنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغقا باشلاپ كىرىپ، ئۆزۈم ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇنى كۆزەتمەكچى بولدۇم. ئۇ يېنىدىن دورىلىرىنى چىقىرىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ، يالىڭاچ بەدىنىگە دورىلارنى سۈرتتى. يەنە بىر خىل دورىسىنى چىقىرىپ، چار يىلاننىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئۇدۇلىغا قويدى. چار يىلان خۇددى پۇرژىنىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ چىقتى. يىگىت چار يىلاننىڭ ئالدىغا باردى. چار يىلان قاچتى. يىگىت يىلاننى قوغلاپ قۇيرۇقىدىن تۇتتى. شۇئان چار يىلان بېشىنى كەينىگە بۇراپ يىگىتنىڭ قولىنى چاقتى. يىگىت قاتتىق سەكرەپ داتپەرياد قىلىپ يىقىلدى. چار يىلان ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. خالايىق ئۇنى

www.uyghurkitap.com

سەرتقا ئېلىپ چىقتى. شۇ كېچىسى ئۇ يىگىتمۇ ئۆلدى. چار يىلان ئەتراپتىكى خالايىقلارنىڭ ھاياتىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە باشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ دەستىدىن يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشتى.

مەن شۇ پەرىشانلىق ئىچىدە يۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، بىر يىگىت ئۆزىنىڭ چار يىلاننى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىككى يىگىتنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قورقۇتماقچى بولدۇم ۋە چار يىلاننى تۇتۇشقا ئۇنىمىدىم. ئەمما ئۇ:

— ئۇ ئىككىسى مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ خۇنىنى ئالىمەن، يا ئۇلارغا قوشۇلىمەن، — دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى.

مەن ئاخىر ئۇنى باغقا باشلاپ كىرىپ، ئۆزۈم ئۆگزىگە چىقىپ تۇردۇم. ئۇ يېنىدىن بىر خىل ياغ چىقىرىپ، ئۆزى يالىڭاچلىنىپ، ياغنى پۈتۈن بەدىنىگە نەچچە نۆۋەت سۈردى. ياغ ئۇنىڭ بەدىنىدىن تامچىلاپ تۇراتتى. ئاندىن ياغنى ئىچتى. چار يىلان ئۇۋىسىدىن چىقتى. يىگىت بىلەن ئېلىشتى. چار يىلان ئۇنىڭ باشمالتىقىنى چىشلىدى، ئەمما كار قىلمىدى. يىگىت شۇئان ئۇنىڭ بويىنىدىن قاتتىق قامالاپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن باغلاپ سېۋەتكە تاشلىدى ۋە دەرھال يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ باشمالتىقىنى كېسىپ تاشلىدى ۋە باغدىن ساق-سالامەت چىقتى. بىز ئۇنى تەبرىكلەشتۇق. ئۇ بىر كىچىك بالىنىڭ لىمون دەرىخىنىڭ تايىقىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ يەردە لىمون دەرىخى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ بۇ شەھەردە لىمون دەرىخى دېگەن سامانىنىڭ ئورنىدا، مەن سىزگە ئۇنىڭدىن كۆپلەپ بېرەي، — دېدىم-دە، ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ لىمون دەرىخىنىڭ سۈيىنى ئىچتى. يېغىنى چىقىرىپ بەدىنىگە كۆپلەپ سۈرتتى. شۇنداق قىلىپ چار يىلاننىڭ زەھىرى ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. ئۇ:

— مېنىڭ چار يىلاندىن سالامەت قېلىشىم باشقا نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى لىمون دەرىخىدىن بولغان. ئەگەر بۇرادەرلىرىم لىمون دەرىخىنى تېپىشنى بىلگەن بولسا، ئۆلمەس ئىدى، — دېدى. ئاندىن چار يىلاننىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ قايناتتى. ئۇنىڭ سۈيىنى شىشىگە سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

## ياخشىلىقنىڭ سىرى

بىر كۈنى نۇشىرۋان پادىشاھ تەختتە داد سوراپ ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىزلا تەخت ئاستىدىن بىر چوڭ يىلان چىقتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما پادىشاھ نۇشىرۋان ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق قىلىپ:

— ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇنىڭ دادى بار، — دېدى. يىلان ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. پادىشاھ:

— ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىڭلار، — دېدى.

خالايىق يىلاننىڭ ئىزىدىن ماڭغانىدى، يىلان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئاندىن يەنە مىدىرلاپ قۇدۇق ئىچىگە كىرىپ قايتىپ چىقتى. خالايىق

قۇدۇققا بېرىپ قارىسا قۇدۇق ئاستىدا بىر ئۆلۈك يىلاننىڭ دۈمبىسىدە يوغان بىر سېرىقئېشەك ياتقان. خالايىق ئۇزۇن بىر تال تۆمۈر زىنجىر ياساپ، سېرىقئېشەكنى سانجىپ ئالدى-دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ھەممە ۋەقەنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ بىلدىكى ئۆلۈك يىلان ئۇ يىلاننىڭ جۈپتى بولۇپ، ئۇنى سېرىقئېشەك چېقىپ ئۆلتۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ يىلان ئالدىغا دادغا كەلگەنىكەن. پادىشاھ نۇشىرۋان سېرىقئېشەككە جازا بەردى.

يەنە بىر كۈنى نۇشىرۋان شۇ ھالەتتە داد سوراپ ئولتۇرغانىدى. ھېلىقى يىلان ئوردىغا يەنە كىردى ۋە تەخت ئالدىغا كېلىپ ئاغزىدىن ئۇششاق قارا ئۇرۇقلارنى تاشلىدى. نۇشىرۋان ئۇرۇقلارنى تېرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئۇرۇقلارنى ئېلىپ بىلدىكى، يىلان بۇ ئۇرۇقلارنى ئۆزىنىڭ ساقايمىغان زۇكام ۋە مېڭە ئاغرىقى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىكەن. نۇشىرۋان ئۇرۇقلارنى يېگەنىدى ساقايدى.

دەرھەقىقەت، كىمكى بىرىگە ياخشىلىق قىلسا، ھامان بىركۈن ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قايتار. خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك:

كىشى چاتقال ئەكسە ئاچچىق تاپار
ۋەلې نەيشەكەر① ئەكسە شېكەر تاپار

## لايىق جاۋاب

ھىندىستان پادىشاھى نۇشىرۋانغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «پۈتۈن پارس زېمىنىنى بېسىۋالىمەن» دەپ كۆرەڭلەپ، پادىشاھ نۇشىرۋاننى قورقۇتماقچى بوپتۇ. نۇشىرۋان بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ ئەسەبىي سۆزگە قارىتا ئاقىلانە جاۋاب بەرمەك لازىم» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ھىندىلىك ئەلچىنى چاقىرتىپ قولىغا بىر تال كەبىرنى② ئېلىپ:

— دۆلىتىڭىزلاردا بۇ گىياھتىن بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— بار، خارابىلىقتا بولىدىغان بۇنداق گىياھ دېگەن ئېلىمىزدە تولا گەپ،— دەپتۇ ئەلچى.

ئەمىسە، پادىشاھىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭكى، پادىشاھىڭىز ئالدى بىلەن ئۆز مەملىكىتىنى ئاۋات قىلىپ، ئاندىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە قەست قىلسۇن، يەنە شۇنى بىلسۇنكى، ئەگەر مەملىكىتىمنىڭ قايسىبىر يېرىدىن بۇ گىياھنى تېپىۋالىدىغان بولسام، شۇ يەرنىڭ ھاكىمىغا قاتتىق جازا بېرىمەن،— دەپ ئەلچىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

## بېخىللىق بابىدا ھېكايىلەر

مەۋسەل دېگەن يەردە بىر مۇددەرىس بار ئىدى. خالايىقلارنىڭ مەدرىسكە ئېلىپ كەلگەن نەپەقىلىرىگە بازاردىن نەرسىلەرنى ئېلىپ پىشۇرۇپ يەيتتى. بىر

---

① نەيشەكەر— شېكەر قومۇشى

② كەبىر— بىرخىل گىياھ. ئېيتىلىشىچە ئۇ خارابىلىق يەرلەردە، چۆللۈكلەردە ئۈنەرمىش. كەبىر ئۈنگەن يەرگە ئىمارەت سالسا كەبى، ئۇنى چىرىتىپ تاشلارمىش.

كۈنى ئوخشاشلا شۇ تەرىقىدە ئاش پىشۇردى. ئەمما بىر خىزمەتكارى مۇدەررىسنىڭ تاۋىقىنى چېقىپ قويىدى. شۇڭا بازاردىن بىر يېڭى تاۋاق سېتىۋېلىپ كەلدى. تاماق تەييار بولۇپ يېيىشكە تەمشەلگەندە مۇدەررىس تاۋاققا قاراپ:

بۇ مېنىڭ تاۋىقىم ئەمەسقۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىرى:

— ئۇ تاۋاقنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئورنىغا بۇ يېڭى تاۋاقنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مۇدەررىس خىزمەتكارغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ:

— سەن ماڭا كۆپ زىيان سالدىڭ. ئىلگىرىكى تاۋىقىمدا ئۇزۇن مۇددەت تائام يەپ، مايلار سىڭىشىپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە سەن ئۇنى سۇندۇرۇپسەن. بۇ تاۋاققا بىرمۇنچە مايلار سىڭىپ زىيان بولىدىغان بولدى، — دېدى.

× × ×

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى. پولنى ئاياپ، دائىم ئەرزان دەپ قوينىڭ كاللىسىنىلا يەيتتى.

— نېمە ئۈچۈن قوينىڭ كاللىسىنىلا يەيسەن؟ — دەپ سورىغىنىمدا ئۇ:

— قوينىڭ كاللىسىدا پايدا كۆپ؛ بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ باھاسى ناھايىتى ئەرزان. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ كۆپ نەرسىلىرىنى يېگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىنى يېگەندە، كۆز روشەن بولىدۇ. قۇلىقىنى يېگەندە قۇلاق ئىتتىك بولىدۇ. قىسقىسى تىلى، كېكىردىكى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوينىڭ كاللىسىدا بار. بۇ پايدىلار قوينىڭ گۆشىدىمۇ يوق، — دېدى.

× × ×

بىر بېخىل ئادەم بار ئىدى. دوستى ئۇنىڭغا:

— مېنى بىرەر قېتىممۇ مېھمان قىلمىدىڭ، — دېدى.

— سېنى مېھمان قىلمايمەن، — دېدى بېخىل.

— نېمىشقا؟

— سەن نەچچە ئادەمنىڭ تامىقىنى يەيدىكەنسەن. مېھمان بولغىنىڭدا ئاغزىڭنىڭ توختاپ باققىنىنى كۆرمىدىم، — دېدى بېخىل. دوستى ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنى مېھمان قىل. مەن ھەر كاپام تاماق يېگەندە سەندىن ئىجازەت ئېلىپ يەي. بىر كاپام يەپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىنچى كاپامنى يەي، قانداق؟

— ئۇنداقتىمۇ بولمايدۇ، بىلىشىڭ كېرەككى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئالىي ھىممەت باغلىغان ئادەم، ھەرگىز نەپسىگە ئۆزىنى ئۇرمىغاي، — دەپتۇ بېخىل. شېئىر:

بەلكى دۇنيا لەئىم بەدگىردار،
خاكداندۇر يەر ئېرسەڭ مۇردار.
ئاڭا مەغرۇر تەۋانگەر دەرۋىش،
شاھ ئانداغ خىيال گەنج ئەندىش.
مار نەقشىن ئېرۇر دەۋلەتى دەھر،
نەرم دېمە ئۇنىڭ ئىچى پۇر زەھر.



# رىۋايەتلەر

## يۈز بېيىتى بىر پۇل ئىكەندە

بىر كۈنى ھەزرىتى مىر ئەلىشىر زامان شائىرلىرىنىڭ پېشقەدىمى خوجا ئاسافىگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، مۇبارەك تىلىنى بايانغا كەلتۈرۈپ ئېيتتى:

— مەن ساڭا ھەيران بولىمەنكى، ئۆتكۈر زېھنىڭ ۋە يۇقىرى تالانتىڭ بار تۇرۇقلۇق، شېئىر يېزىش بىلەن كەم شۇغۇللىنىسەن، ھەممە ۋاقتىڭنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىسەن.

— ھازىر مەن بارغانسېرى كۆپرەك شېئىر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن. مەسىلەن، تۈنۈگۈن ئاخشام ئىككى پۇللۇق شام يېنىپ تۈگىگىچە ئىككى يۈز بېيىت يازدىم، — دېدى ئۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەلىشىر:

— دېمەك، ئۇ تىزمىلىرىڭىزنىڭ يۈز بېيىتى بىر پۇل ئىكەن - دە! — دېدى.

## بويۇنىمۇ يۈكتىن خالاس قىلىش

مەۋلانا سانىي زالىم كىشى ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغلاردا ئۇ بېشىغا يوغان سەللە يۆگەپ يۈردى. قىسقىسى ئۇنىڭ يېقىمسىز قىلىقلىرى ساھىبقىراننىڭ (ھۈسەيىن بايقارانىڭ) قۇياشتەك نۇرلۇق دىلىغا روشەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلىپ، بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى. ھەزرىتى مىر ئەلىشىر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پادىشاھقا قاراپ، مۇنداق دېدى:

— باش يۈكىنى يېنىكلەتتىڭىز، ئەمدى بويۇن يۈكىنىمۇ يېنىكلىتىڭ!

## ئېيتىڭىزنى شۇنىڭدىن ئارتۇققا ئالمىدى

بىر كۈنى ساخاۋەت مەيدانىنىڭ ئىگىسى مىر ئەلىشىر بۇرۇنقى ئەقىللىق ئادەملەردىن ئۆزىنىڭ قىزىق كۆرۈنۈشى ۋە ئاجايىپ سۆزلىرى بىلەن مۇمتاز ۋە مۇستەسنا بولغان مەۋلانا شاھابىددىن مۇدەۋۋىنىغا مەرھەمەت يۈزىسىدىن يۈز تەڭگىگە ئەرزىيدىغان بىر ئات ئىنئام قىلدى. بۇ ئىلتىپات مۇناسىۋىتى بىلەن مەۋلانا شاھابىددىن ئۆزىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ خاس كىشىلىرى قاتارىدا ھېسابلاپ، خىز-

مەت ۋەمۇلازىمەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

مەسىلەن، ھەر قاچان ئاتقا مىنىپ بىرەر جايغا بېرىشقا توغرا كەلسە، ئۇمۇ خىزمەتتە بولاتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆي ئىشىكىدىن بىردەممۇ نېرىغا سىلجىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، لۇتىپ كېرەم مەنبەسى بولغان ئەلىشىر بەكمۇ تەڭلىكتە قالدى. بىراق ئۆزىنىڭ ئالىي خۇلقى مەۋلانانىڭ دىلىنى ئاغرىتىشقا ۋە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئۆز مۇلازىمىتىدىن قايتۇرۇشقا يول قويمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، خىزمەتچىلەردىن بىرى ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوغرىلىق قىلىش تەرىقىسىدە مەۋلانا تەرەپكە ئەۋەتىلدى. ئۇ ئاتنى ئېلىپ، تېزلىك بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋەتتى. مەۋلانا ئۇ ئادەمنى راستتىنلا ئوغرى دەپ ھېسابلىدى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ، ئىككى تاش يولنى پىيادە ماڭدى. ئاتتىن ھېچ خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەدىن ھەيران بولۇپ، ئىززەت دېگىنى بولغان ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا يۈگۈردى، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق كەيپىياتىنى ئە.: قىلدى.

— بىز ئېتىڭىزنىڭ باھاسىنى بېرەرمىز، شۇ شەرت بىلەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئات ساقلىمايسىز ۋە ئاتقا مىنگەن چاغلىرىڭىزدا بىزگىمۇ باش ئاغرىقى بولۇپ بەرمەيسىز، — دېدى ئالىي ھەزرەت.

ئۇ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. شۇ چاغدا ئەمىر ئات ئوغرىلىغان ئادەمگە:

— مەلۇم مىقدار ئاقچىنى مەۋلاناغا بېرىڭ، — دېدى. ئۇ كىشى مەۋلاناغا توقسەن تۆت تەڭگە ساناپ بەردى. مەۋلەۋىي تەئەججۈپلىنىپ:

— ئىنئام قىلىنغان ئاقچا يۈز تەڭگە بولۇشى كېرەك ئىدى. نېمە سەۋەبتىن ئالتە تەڭگە كەم؟ — دېدى.

ھازىر تۇرغانلاردىن بىرى:

— ئېتىڭىزنى شۇنىڭدىن ئارتۇققا ئالمىدى، — دېدى.

## ئۆلۈكىمۇ بىر بالا، تىرىكىمۇ!

مۇزىكا پېنىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى بولغان مەۋلانە ئەلىشاھ بىر كۈنى مىر ئەلىشىر ھەزرەتكە ئەرز قىلىپ:

— سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزدىن ۋە مەرھەمىتىڭىزدىن ئۈمىد شۇكى، ۋەخپە باشقۇرغۇچىلىرى ئالتە ئايلىق ئىش ھەققىمنى بىراقلا بەرسە، ھەر ئايدا خىزمەتچىلەرگە باش ئاغرىقى بولۇپ يۈرمىسەم، — دېدى.

ئالىي ھەزرەت جاۋاب بېرىپ:

— مەۋلانا، — دېدى، — ئۆمرىڭىزدىن ئالتە كۈن قالدىمۇ يوقمۇ، بىزگە نامەلۇم، سىز نېمە ئۈچۈن ئامانەت ئۆمۈرگە شۇنچىۋالا چوڭ ئېتىقاد قىلىپ، كەلگۈسىدىكى ئالتە ئايلىق ئىش ھەققىڭىزنى تەلەپ قىلىسىز؟

مەۋلەۋىي جانابلىرى:

— سىز پەرمان چۈشۈرۈڭ، ئۇ پۇللارنى بېرىۋەرسۇن. قازارا، ئۆلۈپ قالسام، گۆر-كېپەنلىكىمگە ياراپ قالار، — دېدى.

— ئۆلۈكىمۇ بىر بالا، تىرىكىمۇ بىر بالا، دېگىنى سىز ئىكەنسىز-دە، — دېدى ئالىي ھەزرەت.

www.uyghurkitap.com

## ئۇستاز ئېھتىرامى

ئەگەردە ھەزرىتى مىر ئەلىشىر ئۆز قابىلىيىتى ۋە زېھنىي كۈچىنىڭ ئارتۇقلۇقى جەھەتتىن ھەر ئىككى تىلدا، يەنى تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا شېئىر يېزىشقا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تالانتىنىڭ مايىللىقى پارسچىغا قارىغاندا تۈركچىگە ئارتۇقراق ئىدى.

مەۋلانا لۇتفى سۆز بابىدا يېگانە دەۋران ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم شېئىرنى تۈركىي تىلدا ئۇنىڭدىن ياخشىراق يازالمىغان. ھەزرىتى مىر ئەلىشىر ئەمدىلا چوڭىيىپ، يىگىتلىك دەۋرى باشلانغان چاغلار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ لۇتفىنى يوقلاپ باردى. لۇتفى:

— ئۆزىڭىزنىڭ نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن بىرەر غەزەلنى ئوقۇش بىلەن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئۇ ھەزرەت بىر غەزەل ئوقۇدى، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلىك ئىبارە مانا مۇنۇ:

ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بۇيلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش.

مەۋلانا لۇتفى بۇ يالقۇنلۇق غەزەلنى ئاڭلاش بىلەن ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمۈپ، مۇنداق دېدى:

— خۇدا ھەققى، ئەگەر مۇمكىن بولسىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون-ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىنى مۇشۇ غەزەلگە تېگىشەتتىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلايتتىم.

## كەمتەرلىك

سۇلتانى ھۇسەيىن بايقارانىڭ سەلتەنەت تېگىنىڭ دەسلەپكى يوروشقا باشلىغان دەۋرلىرىدە، شاھ سۆپەت ئەلىشىرگە ئەمىرلىك دىۋانىدا مۆھۆر بېسىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ ھەزرەت بۇ مەنسەپكە ئۆزىنىڭ مەيلى يوقلۇقى تۈپەيلىدىن، پادىشاھقا ئەرز قىلدى:

— ھازىرمۇ مەن نەۋاب① ۋە سىرداشلىرىڭىز جۈملىسىدىن ھېسابلىنىمەن. رەسىم-يوسۇنغا رىئايە قىلىپ تۇرماي، ھەممە ئەمىرلەردىن يۇقىرى ئولتۇرىمەن. ئەگەر ئەمىرلىكنى قوبۇل قىلسام، تۆرىلىك تەرىقسىگە رىئايە قىلىش يولى بىلەن بارلاس كاتتىلىرىنىڭ مېنىڭدىن يۇقىرى تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ، ئۇ ھالدا، بۇ مەنسەپ مېنىڭ مەرتىۋەمنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولىدۇ؛ ئۈمىد قىلىمەنكى، مېنى مۆھۈر بېسىشتىن قۇتقۇزسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ۋە مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئاسايىشلىق بىلەن بېجىرىپ تۇرسام.

دوستىنى قەدىرلەيدىغان ساھىبقىران جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— قابىلىيەتلىك قامىتىڭىزنى ئەمىرلىك سەرپاسى بىلەن بېزىمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس. سىزنىڭ بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلغانىدىن كېيىن، بارلاس ئەمىرلىرى مې-

① سارايغا خاس كىشى مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

نىڭدىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ، دېگەن گېپىڭىز نا توغرا. چۈنكى سۇلتان بەدىئۇز زاماندىن باشقا ھەربىي باشلىقتىن ھېچكىم سىزدىن يۇقىرى بولمىسۇن دەپ، ھۆكۈم چىقىرىمەن. لېكىن سىز بىلەن دوستلۇق ۋە يېقىنلىق دەۋاسىدا بولغان ئەمىر مۇزەپپەر بارلاسقا، ئەگەر خالىسىڭىز، سىزدىن ئىلگىرى مۆھۈر بېسىشقا رۇخسەت بەرسىڭىز، ياق دېسىڭىزمۇ ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

قىسقىسى، ئالىي ھەزرەت پادىشاھنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ھەزرەت بىلەن ئەمىر سەيد ھەسەن ئەردەش بىر كۈندە مەنسەپ لىباسلىرىنى كىيىپ، مۆھۈر باسىدىغانلىقلىرى مۇقەررەر بولدى.

ھەممەيلەننىڭ خىيالىدا، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق، تەدبىرلىك ئەمىر ھەممىدىن يۇقىرىغا مۆھۈر باسىدۇ، دېگەن پىكىر ئايلىناتتى. بىراق شۇ كۈنى ئادەت بويىچە ئۇ ھەزرەتنىڭ ئالدىغا ياخشى كۈندە مۆھۈر بېسىش ئۈچۈن نىشان ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ھەزرەت:

— نىشان ئەمىر سەيد ھەسەنگە بېرىلسۇن، ئاۋۋال ئۇ كىشى مۆھۈر باسسۇن، دېدى. ئەمىر سەيد ھەسەن بولسا، ھۆرمەت ئىزھار قىلىپ، نىشاننى يەنە ئەمىرگە قايتۇردى. ھەزرىتى ئەلىشىر قەغەزنى ئېلىپ، كەمتەرلىك يۈزىسىدىن شۇنداق جايغا مۆھۈر باستىكى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەككە ھېچكىم مۆھۈر باسالمىدى.

## چۇمۇلە

بىر كۈنى ھەزرىتى مىرئەلىشىر دېگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈندىلىك ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، نامازغا كەلمىگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي، تېز قەدەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي باغچىسىغا قاراپ يول ئالدى، بىرەر جايدىمۇ توختىماستىن يېتىپ باردى. ئۇ چاغدا ئەمىرنىڭ ئالدىدا بولغان ئادەملەر ھەيران بولۇشتى. ئالىي ھەزرەت ئۇلاردىكى بۇنداق ئويىنى بىلىپ، گۆھەر چاچقۇچى تىل بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن مەسچىتكە كېلىۋاتقىنىمدا پالانى جايدا تەرەت ئالغانىدىم، ناماز سېپىدە تۇرغىنىمدا يەلكەمدە بىر چۈمۈلە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ... بىلدىمكى، تەرەت ئالغان يېرىمدە ئۇ ماڭا چاپلاشقانىكەن. مۇبادا، ئۇ مېنىڭ يەلكەمدىن چۈشۈپ، ئازار يېسە ۋە ئۆز ئۇۋىسىنىڭ يولىنى تاپالمىسا، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەن، دەپ قورقتۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدىن كېيىن تېزلىك بىلەن تەرەت ئالغان جايغا بېرىپ، ئۇنى ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا قويدۇم ۋە ئازار يەتكۈزۈش تەشۋىشىدىن قۇتۇلدۇم.

ئالىي ھەزرەتنىڭ خىزمەتچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غايەت رەھىمدىللىكىدىن ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمدى ۋە تىللىرىنى رەھمەت ئېيتىشقا ئاچتى.

## چېدىرغا چاڭگا قۇرغان قۇش

ھۇسەيىن بايقارا بىر يىلى مەرۋى شەھىرىدە قىشلىغىنىدا ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ بىللە ئىدى. بىر قارلىغاچ ئۇ ھەزرەتنىڭ چېدىرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈردى، ئۇنىڭغا ھېچكىم ھالاقىت بەرمىگەچكە، ئۇ يەرگە چاڭگا سېلىپ، تۇخۇممۇ تۇغدى. سەييارىلەر پادىشاھى (قۇياش) ھۇت قىشلىقىدىن ئىززەت ۋە شەرەپ مەنزىلىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، سۇلتانى ساھىبقىرانمۇ پايتەخت ھىراتقا يۆتكەلمەكچى بولدى. قارلىغاچ بولسا، تېخىچە تۇخۇم بېسىۋاتاتتى. ھەزرىتى مىرئەلىشىرنىڭ زاتى شەپقىتى ۋە تەبىئىي مەرھەمەتى شۇنى تەقەززا قىلدىكى، قارلىغاچ تۇخۇم چىقىرىپ، باللىرىنى چوڭ قىلغۇچە چېدىرنى قىمىرلاتماي، شۇ پېتىچە قالدۇرۇشنى، ئاساسەن چېدىرنى مۇداپىئەت قىلىپ تۇرۇشنى خوجا ھەسەن بەختىيارغا تاپشۇردى. قارلىغاچ باللىرىنى ئۇچۇرما قىلغاندىن كېيىن خىزمەت ھەققى ئۈچۈن چېدىرنى ئۆزى بىللە ئەپكېتىشنى بۇيرۇدى. مەزكۇر خوجىمۇ بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ جانىۋار باللىرىنى چوڭ قىلىپ ئېلىپ كەتكۈچە ساقلاپ تۇردى.

## مىرئەلىشىر بىلەن ئاغرىقچان ئادەم

مىرئەلىشىرنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ، سالامەتلىكىنىڭ يامانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ:

— مەۋلانا مىرئەلىشىر، سىز كۆپنى كۆرگەن، دانا ئادەمسىز، شائىرسىز، ئادالەتپەرۋەر ئەمىرسىز. ئەمما تېۋىپلىقتىن خەۋىرىڭىزنىڭ يوقلۇقى بەك يامان-دە، — دەپتۇ.

نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مىرئەلىشىر.

— ئىشقىلىپ، ھەممە، يېرىم ئاغرىيدۇ، ئازراقمۇ ماغدۇرۇم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىڭ بىر شىپاسى بار، — دەپتۇ مىرئەلىشىر، — كۈندۈزدە ئەتىگەندە بىر ناماز ۋاقتى، چۈشتە بىر ناماز ۋاقتى، كەچقۇرۇن يەنە بىر ناماز ۋاقتى كەتمەن بىلەن يەر چېپىڭ. قالغان چاغدا ئۆز كەسپىڭىز بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىڭ، ئىنشائاللا، پاتلا ساقىيىپ كېتىسىز...

ئارىدىن بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم يەنە مىرئەلىشىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىپ:

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، تونۇدۇم. خوش، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — دەپتۇ مىرئەلىشىر.

ئاتتەكمەن. شائىردىنمۇ تىۋىپ چىقىدىكەن ئەمەسمۇ. سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە قىلىۋىدىم؛ كېسەلدىن پۈتۈنلەي خالاس بولدۇم، — دەپتۇ ئۇ كىشى مەمنۇن بولۇپ.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: خەلىم سالىخ

تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئەل دېيسە نەۋائىينى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ

www.uyghurkitap.com



# تۆگە بىلەن ئات



(مەسەل)

بۇرۇن ھەر تۈرلۈك ھايۋاناتلار ئۈملىشىپ، ئىجىل-ئىناق ياشايدىكەن. بىرسىنىڭ ئىشىغا يەنە بىرسى ئارىلاشمايدىكەن. بارنى تەڭ يەيدىكەن تالاشمايدىكەن. بىرسىنىڭ ئەيىبىنى بىرى ئاچمايدىكەن. ھېچبىر ھايۋان ياقا يۇرتلارغا قاچمايدىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ يىللار ئۆتۈپتۇ ئات بىلەن تۆگە يوقىلاڭ ئىش تۈپەيلى مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. گەپنى ئاۋۋال تۆگە باشلاپتۇ:

سەن ئۆزۈڭنى مەغرۇرلىنىپ دەيدىكەنسەن ئات،
بۇ ئالەمدە ھەممىمىزدىن سۆلەتلىك بىر زات،
لېكىن نەپسىڭ بېسىلمايدۇ، قىلىقلىرىڭ يات،
تارقىتىسەن بەد بۇي پۇراق ئەتراپقا پات-پات.

بۇ قىلىقىڭ جامائەتكە زادى ياقمايدۇ،
شۇڭا سېنى يوقلاپ ھېچكىم كېلىپ باقمايدۇ.
يەنە تېخى جاڭگاللىقنى سورايمەن دەيسەن،
بىلىپ قويغىن، بۇ ئارزۇيۇڭ ھەرگىز ئاقمايدۇ.

خۇدا بىزنى بۇ دۇنياغا تەكشى تاراتقان،
ئەتىۋارلاپ نەسلىمىزنى ئازراق ياراتقان؛
لەرزان قەدەم تاشلاپ ماڭساق جىمى ئادەملەر،
زوقمەنلىكتە كۆزلىرىنى بىزگە قاراتقان.

نەقىشلەنگەن تاسمىلارنى تېڭىپ مەيدەمگە،
چۇچۇلىلىق كىمخاپ توننى يېپىپ گەۋدەمگە،
شاھزادە ھەم مەلىكىنى ئېلىپ دۈمبەمگە،
ئاتالىمەن سەپەر توتۇپ ئۇزاق مەنزىلگە.

تەئەللۇقمەن ئەزەلدىنلا ئوردىغا، بايغا،
سەن يارالغان ئىشلەش ئۈچۈن نامرات ـ گادايغا،
مەن ماڭىمەن كۆللەر ئويۇپ قۇم باسقان جايغا،
سەن يۈرۈيسەن مىلىنىپلا پاتقاقتا ـ لايغا.

تۆگىنىڭ سۆزلىرىگە ئاتنىڭ قورسىقى كۆپۈپتۇ، شۇڭا كۆڭلىگە كەلگەننى ئايىماي ئوتتۇرىغا تۆكۈپتۇ.

ئات دەپتۇ:

گەپ قىلمىسام ئەزۋەيلەيسەن ھەدەپ گاس ماڭلاي،
قىلە يەنە گېپىڭ بولسا، قېنى مەن ئاڭلاي.

بىلىپ قويغىن مېنىڭ يېمەم بېدە ۋە قوناق،
سېنىڭ يېمىڭ ئاچچىق يانتاق، تىكەنلىك قامغاق.

قورسىقىڭغا قاچىلانغان نەچچە زەمبىل پوق.
ھەر پۇتۇڭغا ئېسىلغاندۇر بىر چارەك چورۇق.

ئوتتۇنچىلار ئىتتاپ تۇرۇپ ئوتۇن ئارتىدۇ.
قىر چىقىرىپ قورسىقىڭدىن تانا تارتىدۇ.

ماڭمىساڭ تېز بادرا بىلەن سالار يوتاڭغا،
دەم ئالدۇرماي ئاپارغانچە سولار قوتانغا.

يېتىلەيدۇ تۇمشۇقىڭدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ،
چىرقىرايسەن چىدالماستىن سوزۇپ ۋە ئۈزۈپ.

مۇنداق چاغدا يەيسەن يەنە ئىگەڭدىن تاياق،
شۇ ئەلەمدە ھەممە يەرگە چىتلايسەن ماياق.

بېخىللىقىڭ، كاجلىقىڭدىن سېيىپ ئارقاڭغا،
قىلچە مىراس قالدۇرمىدىڭ بالا ـ چاقاڭغا.

بۇ سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاپ چىدىيالمىغان. تۆگە «باب!» دەپ پۈركىگەنچە ئاتنى قوغلاپ كېتىپتۇ. شۇندىن بويان ئۆزى تەنھا قۇملۇقلارنى ماكان ئېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى لوپنۇر ناھىيە دۆڭقوتان يېزىسىدىن: ئەبەيدۇللا ھۆسىيىن

رەتلىگۈچى: نۇرمەھەممەت زامان

رەسىم ئىشلىگۈچى: نىجات نۇرمەھەممەت

www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىيات پېشىۋاسى — شۇكۇر يالقىن

مۇنەۋۋەر تۇردى

خەلقىمىز ئارىسىدىن ھەر قايسى دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى، شارائىتلىرى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاشلا ئۆز ھاياتىنى، پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى ئۆگىنىش، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتقا بېغىشلىدى، بۇ جەرياندا ياراتقان ئىلمىي نەتىجىلىرى ۋە ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن خەلقىنىڭ قەلب ئەينىكىدە بۈيۈك سىمالارغا ئايلاندى.

شۇكۇر يالقىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئەنە شۇنداق پېشىۋالاردىن بىرى.

شۇكۇر يالقىن 1916 - يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنت شەھىرىدە ئۆزبېك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى مۇھەممەددىن ھاجى شەرق ئىلمىدىن خېلى خەۋەردار، ئەرەب، پارس، ئۇردۇ تىللىرىنى پۇختا بىلىدىغان، گەرچە ئۆزى ئەدىب بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىقىدىغان، تۈركىيە، گىرېتسىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىنى كەزگەن، ھىندىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان مەشھۇر تېۋىپ، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. شۇكۇر يالقىن ئەنە شۇ مەدەنىيەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئالتە ياشقىچە شۇ ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدى. ئوتتۇرا مەلۇماتنى بولسا ئەينى دەۋردە خېلى ئاتاقلىق چىققان «ئۇلۇغبېك»، «نەۋائى» ناملىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئالدى.

ئاتىسى مۇھەممەددىن ھاجى شۇكۇر يالقىننىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئائىلىدە ئۆزى بىۋاستە تۈركچە «مەرىپەتنامە»، چاغاتايچە «سەباتۇل - ئاجىزىن» پارسچە «مەسنەۋىيى شەرىف» قاتارلىق بىر قانچىلىغان كىتابلارنى ئوقۇتتى. ئۇنىڭدىن باشقا شۇكۇر يالقىن ئەينى زاماندا بابا رەھىم مەشرەب ئىلىم تەھسىل قىلغان «كوكۇلداش مەدرىسىسى» دە بىر قانچە مەزگىل ھېساب ۋە دىنى ئەقائىددىن دەرس ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي قازاقىستاننىڭ ئاقمولا شەھىرىدىكى «لېنىن» ناملىق تاتار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، موسكۋا ئىككىنچى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ شەرق ئەدەبىياتى سىنىپىغا كىرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە شۇكۇر يالقىن ئۆزىنىڭ شەرق ئەدەبىياتى، شەرق ئاپتورلىرى ھەققىدە ئىگىلىگەن بىلىمى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچە-

لارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. شۇنداق قىلىپ 1936 - يىلى ئىنستىتوتنى تۈگەتتى.

شۇكۇر يالقىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھاياتى ئاساسەن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قاتار شەھەرلىرىنى ئارىلىدى، تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، لېنىنگراد (ھازىرقى سان پېتېربورگ)، قازان، ئۇفا، قىرىم (ئاساسەن يالتا)، كافكاز (باتۇمى ۋە باكۇ شەھەرلىرى)، چېليابىنسك قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرلەردە قىسقا بىر مەزگىل ساياھەتتە بولدى. شۇكۇر يالقىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ھازىر بۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم، گۇيا قاچاندۇر كىنولاردا كۆرگەندەك غۇۋا خاتىرىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ» دەيدۇ.

شۇكۇر يالقىن ئىنستىتوتنى تۈگىتىپ، تاشكەنتكە قايتىپ كەلگىنىدە، ئاتىسى مۇھەممەددىن ھاجى خېلى بۇرۇنلا تاشكەنتتىن قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا شۇكۇر يالقىنمۇ ئاتىسىنى قوغلىشىپ ئەنجان ۋە ئوش شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى.

قەشقەردە ئاتىسى مۇھەممەددىن ھاجى تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. شۇكۇر يالقىن بىر تەرەپتىن يەرلىك «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل ئاي) جەمئىيىتىنىڭ سەھىيە بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەردىكى مەدرىسلەرگە بېرىپ زەرىپ قارى ھاجىم، خۇدابەردى دامۇللام... قاتارلىق مۇدەرىسلەردىن ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى گىرامماتىكىسىدىن دەرس ئالدى. بۇ مۇدەررىسلەردىن تاتار تىل ئالىمى ئەھمەد ھادى مەقسۇدى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يېڭى ئۇسۇلدىكى «شىفاھىيە»، «ئىستىفتاھ»، «ئىستىكمال» ۋە «ئەرەبىيەت» قاتارلىق دەرسلىكلەر ئاساسىدا ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى. ئۇندىن باشقا ئۇلۇغ پارس شائىرى خوجا ھافىز شىرازى دىۋانىنى، ئۇنىڭ ھەربىر غەزىلىنىڭ شەرھىسىنى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى. ئومۇمەن شۇكۇر يالقىننىڭ قەشقەردىكى ھاياتى ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلەش شۇنداقلا، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇۋېلىش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە يىللار بولدى.

شۇكۇر يالقىن قەشقەردىكى ھاياتىنى ئەسلەپ: «قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن چاغلىرىمدىلا، مىللىي تومۇر، تىل، دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزبېك مىللىتى بىلەن تولىمۇ يېقىن قېرىنداش خەلق بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن چاپسانلا ئۆزلىشىپ كەتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە زادى ياتلىق ھېس قىلمىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسى ماڭا ئۆز بولدى. بۇ ھالەت، بۇ مۇناسىۋەت كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىم جەريانىدا بارغانسېرى قويۇقلاشتى ۋە مۇستەھكەملەندى» دەيدۇ.

شۇكۇر يالقىن ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1936 - يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ، چۆچەككە كېلىدۇ. چۆچەك شەھىرى گەرچە كىچىكرەك، ئاھالىسى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى باشقا شەھەرلەردىن خېلى يۇقىرى تۇراتتى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش،

www.uyghurkitap.com



مائارىپ ئىشلىرى، گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش، تىياتىر - كونسېرت قاتارلىق مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىمۇ باشقا شەھەرلەردىن خېلى ئالدىدا تۇراتتى. شۈكۈر يالقىن بۇ شەھەردە، ئۆزى كېلىپ چۈشكەن تەرەققىيپەرۋەر تۇغقىنى - مىرزاھىد بايىنىڭ ئائىلىسىدە ۋە شۇ ئائىلىنىڭ كىتابخانىسىدا تاتار، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك ۋە قازاق ئەدەبىياتىغا ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن ۋە غەرب كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن ھېسابلانغان شېكسپېر، فلوبېر، بالزاك، موپاسسان، زولىيا، ۋىكتور ھيوگو، ژول ۋېرن، ئاندېرسىن، بايرون، گيوتې، كاللىنز ھەم ئا.س. پۇشكىن، چېخوپ ... قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن، شۇنداقلا، ئوسمانلى تۈرك ئەدەبىياتىدىن نامىق كامال، يەھيا كامال، مۇھەممەد ئاكىف، تەۋفىق فىكرەت، جەنابى شاھابىددىن، رىشاد نۇرى گۈنتېكىن قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئائىلىگە مېھمان بولۇپ ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان يۇقىرى تەبىقە زىيالىيلار، مائارىپچىلار، ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر ئومۇمەن دۇنيادىن خەۋەردار ئەرباپلار بىلەن تونۇشتى. شۈكۈر يالقىن بۇ ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ: «بۇنداق خانىداندا تۇرۇشۇم — مېنى دۇنيادىن ئانچە - مۇنچە خەۋەردار بولۇش، بىر قانچە نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى» دەيدۇ.

شۈكۈر يالقىننىڭ بۇ خىل تۇرمۇشى ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى. شىڭشىسەي شۈكۈر يالقىننىڭ ئاتىسىنى ئۈرۈمچىگە تۇتۇپ كېتىپ، 1938 - يىلى تۈرمىدە ھالاك قىلدى. ئۆي - جاي، مال - مۈلكىنى، جۈملىدىن ئۆزى تۇرغان ئائىلىدىكى بەش مىڭ پارچىغا يېقىن كىتاب - ژورناللارنى «مۇسادىرە» دېگەن نام بىلەن بۇلاپ كەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شۈكۈر يالقىن روھىي جەھەتتىن ئازاب، ماددىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شۈكۈر يالقىننى كاتىپلىق خىزمىتىگە ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملىققا بەلگىلەپ، تۇرمۇشىغا ياردەملەشتى. بەزى مەكتەپلەردە دەرسمۇ ئۆتتى. كېيىن يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا يۆتكىلىپ باردى.

1944 - يىلى شۈكۈر يالقىن غۇلجىدىن چۆچەككە بېرىپ، قايتىشىدا، گومىنداڭ ھەربىيلىرى تەرىپىدىن «غۇلجا ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى» دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە تاشلاندى. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مىللىي ئىنقىلاب باشلىنىپ قالغانىدى.

شۈكۈر يالقىن بىر يىلدىن كېيىن گۇناھسىز دەپ قارىلىپ، تۈرمىدىن قويۇۋېتىلدى. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە شىخونى ئازاد قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئىلى، چۆچەك يوللىرى ئېتىلىپ شۈكۈر يالقىن غۇلجىغا قايتىپ كېتىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ شۈكۈر يالقىن ئۈرۈمچىدە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا

«11 بىتتىم» نوزۇلۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۈكۈر يالقىن ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىدە دەرسلىك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىنچە، شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى، پىداگوگىكا پەنلىرىدىن دەرس ئۆتتى. قوشۇمچە ئوغۇللار سىفەن، قىزلار سىفەن مەكتەپلىرىدىمۇ تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتتى. ئۇندىن باشقا شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنى ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملەشتى.

1949 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى — «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىش - پائالىيەت دائىرىسىمۇ خېلى كېڭەيتىلدى. شۈكۈر يالقىننىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي خىزمىتى دوستلۇق جەمئىيىتىدە بولدى. قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنىستىتوتىغا دەرس بېرىپ تۇردى. كېيىن شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ دائىملىق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا روس سوۋېت ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتتى. كېيىنچە، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەركىبىدىكى دراما تىياتىر ئۈمىكىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

1955 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. قوشۇمچە رۇسچىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەرنىڭ مۇھەررىرلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. شۈكۈر يالقىننىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ۋە غەرب ئاتالغۇلىرىدىن مول مەلۇماتى بولغانلىقى ئۈچۈن، نەشرىياتنىڭ قەدىرلىشىگە، سازاۋەر بولدى. شۈكۈر يالقىن بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: «ھەقىقەتەن، خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن ئىككى يىلغا يېقىن جەريانىنى مېنىڭ خىزمەت ھاياتىمدا ئەڭ ئالدىراش، ئەڭ چاپالىق، ئەڭ ھالال ئىشلىگەن دەۋر دەپ ھېسابلىسام بولىدۇ» دەيدۇ.

شۈكۈر يالقىن 1957 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلدى. شۇ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پوئېزىيە، دراماتورگىيە سېكسىيەلىرىدە ئىشلىدى.

ئەپسۇسكى، شۈكۈر يالقىن 1957 - يىللاردىن كېيىن ئېلىمىزدە يامرىغان «سول» چىل خاتا ئىدىيە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان چېكىدىن ئاشقان «سول» ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئون نەچچە يىل ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى شۈكۈر يالقىنغا مەملىكىتىمىزدىكى مىليونلىغان زىيالىلار قاتارى يېڭى ھايات بەخش ئەتتى. شۈكۈر يالقىن يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە قايتىپ كېلىپ، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشتى.

شۈكۈر يالقىن ئۆزىنىڭ 75 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي مېھنىتى بىلەن رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك

www.uyghurkitap.com



خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئەدەبىيات پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

شۈكۈر يالقىن 30 - يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەت سېپىگە كىردى. 60 يىل مابەينىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆپلىگەن تۈر، ژانىرلىرىدا ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى ۋە ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن بەدىئىي ئەسەرلەرنى ياراتتى ۋە بۇ ساھەدە ئۆزىگە خاس بەلگىلىك ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈردى. يەنى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئاجايىپ يۇمۇرلۇق شېئىرىي ئەسەرلەرنى؛ خىلمۇ خىل ئوبراز ۋە خاراكتېرلار يارىتىلغان تەسىرلىك ھېكايىلەرنى؛ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، باي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا ئىگە بولغان 19 پارچە سەھنە ئەسىرىنى ۋە «نەسىردىن ئەپەندى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ سالماقلىق ھەسسىسىنى قوشتى.

شۈكۈر يالقىن پەقەت كامالەتكە يەتكەن بىر ئەدىب، دراماتۇرگ سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى سۈپىتى بىلەن تونۇلغان مۇتەخەسسىستۇر.

شۈكۈر يالقىن ئەدەبىياتنىڭ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى ھەم ھاياتىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ھالدا بىر تەرەپتىن ئىجادىي مېھنەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بىر مۇنچە سەمەرىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

XIX - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىن ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1937 - يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدە «ئۇلۇغ پۇشكىن ھاياتى ۋە ئىجادىي يولى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالا تەييارلاپ، كونسۇلخان كلۇبىدا ئوقىدى. بۇ ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسى «يېڭى شىنجاڭ» ژورنىلىغا بېسىلدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر يۇقىرىقى ژۇرنال ۋە چۆچەك گېزىتىدە ئۇيغۇر ھەم خەنزۇ تىلىدا ئېلان قىلىنغانىدى.

دەل شۇ مەزگىلدە پۇشكىن ھەققىدە يازغان ئۇزۇن بىر پارچە ماقالىسى ۋە پۇشكىن شېئىرلىرىدىن تەرجىمىلىرى يۇقىرىقى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

چۆچەكتىكى يەرلىك تولۇقسىز ئۆزبېك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىغا پۇشكىن ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ۋەقە ھادىسىلەردىن چوڭ يىغىندا لېكسىيەلەر سۆزلىدى.

1949 - يىلى يازدا دۇنيا خەلقئارا تىنچلىق كومىتېتى تەرىپىدىن پۇشكىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارادا 15 كۈنلۈك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەشكىل قىلىنىدى. شۈكۈر يالقىن بۇ كومىتېتقا ئاساسلىق يېتەكچى سۈپىتى بىلەن كىرگۈزۈلدى ۋە خاتىرىلەش پائالىيىتى داۋامىدا پۇشكىن ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تۈرلۈك

تېمىلاردا يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، شىدالو، رۇس كۇلۇبى، سوۋېت كونسۇلخانىسى كۇلۇبى ۋە شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇدى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە ئا. س. پۇشكىن ھەققىدە كۆپ قېتىم تەپسىلى توختۇلۇپ، لېكسىيەلەر سۆزلىدى.

رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ئا. پ. چېخوپ ئەسەرلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنگەن شۈكۈر يالقىن چېخوپنى «ھېكايىچىلىقىنىڭ ئاتىسى» سەرلەۋھىسى بىلەن مەتبۇئاتتا تونۇشتۇردى. شۇنىڭدەك، چېخوپ ھېكايىلىرىدىن «ئورۇق ۋە سېمىز»، «ئات فەمىلىيىلىك»، «چىقتى» قاتارلىقلارنى رۇسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مەتبۇئاتلاردا كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى.

1941 - يىلى چۆچەكتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقى خاتىرىلەندى. بۇ قېتىمقى خاتىرىلەش يىغىنىنى ئېچىش، نەۋائىي ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى تەشكىللەش، نەۋائىي ئەسەرلىرى بويىچە، ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەردە، شۈكۈر يالقىن تەشەببۇسچى تەشكىللىگۈچى ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن خىزمەت قىلدى. مەزكۇر پائالىيەت داۋامىدا شۈكۈر يالقىن نەۋائىينىڭ ھاياتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. ۋە نەۋائىينىڭ ئىجادىي يولى توغرىسىدا بىر پارچە، چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى. كېيىنكى يىللاردا نەۋائىينىڭ تۆت غەزىلىگە تەخمىس يازدى.

1948 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زىيالىلار تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۈيۈك تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاينى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا شۈكۈر يالقىن «ئابدۇللا توقاينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي يولى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ئىلمىي ماقالە تەييارلاپ، دوكلات بەردى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ۋە تېخنىكوملارنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتلىرىغا دەرس بېرىۋاتقان مەزگىللەردە كۆپ قېتىم توقاي ھەققىدە تەپسىلى توختالدى.

ئابدۇللا توقاينىڭ بىر قانچە شېئىرلىرىغا نەزىرەلەر يازدى.

شۈكۈر يالقىن شەرقنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى مىرزا ئابدۇلقادىر بېدىل (1644 - 1721) نىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىنى زور ھەۋەس بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ۋە بېدىل شېئىرلىرىنىڭ ئايرىم بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا قايتىدىن ئىشلەپ، مۇرەببە شەكلىگە ئۆزگەرتتى، ھەمدە ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلدى.

شۈكۈر يالقىن ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلى (مۇھەممەد سۇلايمان باغدادى) نىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇنى فۇزۇلىشۇناس دېسەك، ئارتۇق كەتكەن بولمايدۇ. شۈكۈر يالقىن «فۇزۇلىينىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك ماقالە يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدا فۇزۇل-

نىڭ مىللىي، قەبىلىۋى تەۋەلىكى، ئىجادىي پائالىيىتى، شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، دۇنيا قارىشى، شەخسىي تەبىئىتى، ئەلشىر نەۋائىي بىلەن بولغان ئەدەبىي مۇناسىۋىتى.... قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىلمىي رەۋىشتە ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى.

شۈكۈر يالقىن مەشھۇر پارس شائىرى خوجا ھاپىز شىرازى غەزەللىرىدىكى تىرەن مەنا ۋە يۈكسەك ئەدەبىي ماھارەت ئۈستىدە قەشقەردە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسىدا ئىككى نۆۋەت ئالاھىدە توختالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا شۈكۈر يالقىن نەۋائىي دەۋرىدىن سەل بۇرۇنراق ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرلاردىن لۇتفى، ئاتايى ۋە سەككاكى غەزەللىرىدىن بىر قانچىسىغا تەخمىس يازدى.

شۈكۈر يالقىن 1985 - يىلى شىنجاڭ داشۆدە ئېچىلغان چاغاتاي تىلى كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا چاغاتاي تىلىدىكى ئەرەبچە ئىلمىي ئىستىلاھلار توغرىسىدا بىر مۇددەت دەرس بەردى.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۈكۈر يالقىن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان پېشىۋالاردىن بىرى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشىگە ئۇستاز سۈپىتى بىلەن ياردەم بېرىپ كەلدى. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرىدىن، خۇسۇسەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن شۈكۈر يالقىننىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ كەلمىگەنلەر ناھايىتى ئاز دېيىشكە مۇبالىغە بولماس. شۈكۈر يالقىن ئۆزىنىڭ كىتاب - ماتېرىياللىرىنى شۇ كەسپىنىڭ ئەھلىلىرىدىن زادىلا ئايىمايدۇ. بۇ ھەقتە شۈكۈر ئاكىدىن تارلىق، بېخىللىق كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ئۇ ئەمەل تاماسىدا بولمىغان، يازغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلمىغان.

1992 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۆزبېك ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە بۇ ھۆرمەتلىك ئەدەبىيات پېشىۋاسى، تالانتلىق دراماتورگ، شائىر شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا تەبرىكلىدى. شۇ تەبرىكلەش يىغىنىدا شۈكۈر يالقىن «ئەدەبىيات پېشىۋاسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك دراماچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى» دەپ تەرىپلەندى.

دەرھەقىقەت، شۈكۈر يالقىن بىر ئۆمۈر بەدىئىي ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيۈپ، غەرەزسىز ھالدا تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھەقتە ماكسىم گوركى: «ئالىمنىڭ ئەمگىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مۈلكى. شۇ سەۋەبتىن ئىلىم - پەن ئەڭ غەرەزسىز سەپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەنىدى.

بىز شۈكۈر يالقىننىڭ مەيلى شېئىرىي ئەسەرلىرىنى، مەيلى دراملىرىنى، مەيلى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقىغىنىمىزدا، ياكى باشقىلار ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋۇجۇدقا چىققان دەل جاۋاب ھېكايەت، لەتىپىلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆز قەلبىمىزنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى ھېس قىلىمىز. بېشىمىزنى ئېگىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىرىنى تەستىقلايمىز. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز قەلبىمىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمىز.

شۈكۈر ئاكىنىڭ تېنى سالامەت، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!

# بىر ئىلىم مۇخلىسىنىڭ ئارزۇسى

(شىنجاڭ داشۆ پروفېسسورى شەرىپىدىن ئۆمەر توغرىسىدا)

هەسەن سېلىم

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر پروفېسسورى — شەرىپىدىن ئۆمەر 40 يىلدىن ئارتۇق هاياتىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخچىسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى، يازغۇچى، ئۇ زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساهەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى.

شەرىپىدىن ئۆمەر 1934 - يىلى ئىلىدا كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئائىلىسى بىلەن موڭغۇلكۈرە ناهىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن. 1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىگە ئىگە زاپاس ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش نىشان قىلىنغان بۇ بىلىم يۇرتىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر قوللىنىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىي پەنلەر بويىچە دەرس ئۆتۈلگەچكە، شەرىپىدىن ئۆمەر ئۆزىنىڭ بىلىدىگە بولغان هەرخىل سەنلىكى بىلەن بىرقەدەر چوڭقۇر بىلىم ئىگىلىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن كومپارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا شەرىپىدىن ئۆمەردەك بىلىمگە تەشنا ياشلارنىڭ بەختى ئېچىلدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا بىلىم يۇرتىنى ئەلا پۈتتۈرگەن شەرىپىدىن ئۆمەر 300 ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا قوبۇل قىلىنىپ ئورۇمچىگە كەلدى ۋە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق ئەمدىلا مۇنتىزىملىشىشقا باشلىغان شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە، شۇ چاغدىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. هەم ئوقۇغۇچى هەم ئوقۇتقۇچى بولۇش شارائىتى شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ كەسپىنى پۇختا ئىگىلەپ تالانت ئىگىسى بولۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مەكتەپ رەهبەرلىكى ۋە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىدى.

1952 - يىلى شەرىپىدىن ئۆمەر ئانا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ شامغا ئوخشاش جاپالىق ئەجرى ئارقى-

www.uyghurkitap.com



لىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىلىنى بىلىم بىلەن يورۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى رەسمىي باشلاندى. ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «مەن ئۆزۈمنى خۇددى شىنجاڭ داشۆدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەكلا ھېس قىلىمەن. چۈنكى مېنىڭ ياشلىقىم، خۇشاللىقلىرىم، ھەسرەتلىرىم، قىسقىسى ئۆمرۈم ھازىرغىچە مانا مۇشۇ بىلىم ئوچىقىدا داۋاملاشماقتا».

ھەقىقەتەنمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىقلارنى ئوقۇتقۇچىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىسى ئارقىلىقلا يەڭگىلى بولاتتى. شۇڭا شەرىپىدىن ئۆمەر دەرسلىك، كونسىپېك، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل شارائىتتا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ تەييارلىق قىلىپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق ۋە ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى.

ياش تالانتلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ يېڭى خىزمەتنى بۇنداق ئىجتىھات بىلەن باشلىشىنى مەكتەپ پارتكومى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈپ، ئۇنى 1954، 1955-يىللىرى سوۋېت قازاقىستاندىن شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن يازغۇچى، ئاتاقلىق نەشرىياتچى جاردەم تىلەكوۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەسىس قىلىنغان ئاسپىرانتلىق كۇرسىدا سوۋېت ئەدەبىياتى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇتتى. شەرىپىدىن ئۆمەر بۇ كۇرستىمۇ تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئوقۇدى. ئۇ تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ زالىدا ماياكوۋىسكىنىڭ «لېنىن پوئېمىسى» ھەققىدە دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، «سوۋېت ئەدەبىياتىدىن ھەرقانداق سورۇندا لېكسىيە ئوقۇشقا لاياقەتلىك» دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ۋەقە بىلەن شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ھاياتىدىكى تەتقىقات ساھەسىگە قويغان بىرىنچى قەدەم باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ئا. م. گوركىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن 1956-يىلى شىنجاڭدىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (ساگو)غا ئەڭ كۆپ ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى. بۇ قېتىم چىقىرىلغان 45 ئوقۇغۇچى، بەش نەپەر ئاسپىرانت قاتارىدا ئوقۇشقا ئېۋەتىلگەن شەرىپىدىن ئۆمەر بىر يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا بەش يىل ئۆتۈلىدىغان 24 دەرستىن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ لاياقەتلىك بولۇپ مۆجىزە ياراتتى. ئۇنىڭغا ساگو پارتكوم ۋە مەكتەپ مەمۇرىيىتى «شەرىقنىڭ يۇلتۇزى» دەپ نام ئالغان پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ۋاھىد زاھىدوۋنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋ. زاھىدوۋ شەرىپىدىن ئۆمەردىن ساگودا بىرقەدەر تەپسىلىي ئۆتۈلىدىغان، مۇكەممەل بولغان «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسىنى پۇختا ئۆگىنىپ كەلگۈسىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى مەيدانغا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلدى. شەرىپىدىن ئۆمەر بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆتمۈش تارىخى يول كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۈگۈنكى كۈننىڭ ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئۈچۈن كۆۋرۈك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىل-

دى. ئىسقىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىستىقبالغا ئىگە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت شەرىپىدىن ئۆمەردە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى پۇختا ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى دەرسىنى تەسىس قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. ساگو مەكتەپ رەھبەرلىكىگە بۇ ھەقتە تەلەپ قويدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى بىلىدىغان ئالىم، ئاكادېمىك مالوۋ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ساگو شەرق فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى مۇھەممەت ئاخۇنوۋدىن ئاڭلىغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىزلىرىغا ئاساسەن ماتېرىيال توپلاش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ ئۇلۇغۋار نىشان يولىدا كۈرەش قىلىشقا باشلىدى.

ئەپسۇسكى، 1958 - يىلى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئوڭچىل ئوپپورتونىزم ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەتكە قاتناشتۇرۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسى شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل پاراسەتكە تولغان، ئالماستەك چاقناپ تۇرغان 20 يىللىق ياشلىق باھارىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا سەرپ قىلىشتىن مەھرۇم قىلدى. لېكىن بۇنداق بوران - چاپقۇنلار ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەنىلا ئۆگىنىش، ماتېرىيال توپلاش كويىدا بولدى.

11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگو تارىخىدا ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، تارىخنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ئىلىم - پەن تەتقىقات ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە گۈللەپ - ياشناش دەۋرىگە كىردى. كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مول مەزمۇنلۇق مەنبەلەر قېزىلىپ ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش يولغا قويۇلدى. جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 1980 - يىلدىن باشلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات دۇنياسىدا تېخى مەلۇم بولمىغان، ئەسىرلەرنىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلار قېزىلىپ، رەتلىنىپ ئېلان قىلىندى، نەتىجىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دۆلەتتىن ھالقىپ خەلقئاراغا يۈزلەندى. «بۇلاق» مەجمۇئەسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تۈرلۈك شەكىل ۋە ژانىردىكى كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە يېزىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا ئۆزىمىز ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتىنى ياراتتى. بۇ شەرىپىدىن ئۆمەردەك تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ھەقتە پېشقەدەم پروفېسسور مۇنداق دەيدۇ: «بۇلاق» تۈركىي خەلقلەرنى ئۆگىنىشتە شۇنىڭدەك ئوتتۇرا

ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسلىرىنى تەسىس قىلىشىمىزدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇ پەن - تەتقىقات ساھەسىنىڭ قىممەتلىك «گۆھىرى» گە ئايلاندى. «بۇلاق» ژۇرنىلى خەلقئاراغا تارقىتىلىپ كۈندىن - كۈنگە ئابرويى ئاشتى. ئۇ شىنجاڭنى جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇشۇنداق ياخشى ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ يارىتىلىشى پېشقەدەم ئالىم ئەھلىنى چەكسىز خۇشال قىلدى. ئۇ ئۈمىدكە تولغان ھالدا، غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئۆز مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تەتقىقات سېپىگە ئاتلاندى. مەكتەپ تەشكىلىگە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى دەرسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ھەمدە بۇ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسىنى بەلگىلەش، ئوقۇتقۇچىلاردىن پىكىر ئېلىش خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلىدى. نەتىجىدە 1979 - يىلى 9 - ئايدا خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەلپى، جۇملىدىن شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ چارەك ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت كۆڭلىدە پۈككەن ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، شىنجاڭ داشۆدە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دەرسى تەسىس قىلىندى.

نۇقتىلىق داشۆلەرنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈركىي تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىدىن ئاسپىرانت تەربىيىلەپ ئۇلارغا ئۇنۋان بېرىشنى يولغا قويدى. شەرىپىدىن ئۆمەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانتلارغا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسى ئۆتتى. ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسلىك قوللانمىسى ساكو قارىمىقىدىكى شەرق ئىنىستىتۇتىغا چىقىرىلدى. ئەلۋەتتە بۇ نەتىجىلەرنى شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ئەمگىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سىياسىي ۋە ماددىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى 80 - يىللاردىن باشلاپ روناق تېپىپ، گۈللەپ ياشناش دەۋرىگە كىردى. بۇ جەرياندا ئۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېرىكلار»، «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە نەزەرىيىسى»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابتا ئاپتور ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ غايەۋى مەنبەسى بولغان خەلق فولكلورىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىكى ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدىن تاكى 1911 - يىلقى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەريانىدىكى ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆزىگە خاس تەھلىلىي شەكىل بىلەن يورۇتۇپ بەردى. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى تومى

1982 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلىرىدە بىر تۇتاش ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بۇ كىتاب 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇزۇن مۇددەت ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان بۇ ئىجتىھاتلىق پېشقەدەم ئاسپىرانتقا 1982 - دوتسېنت ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «قۇتاتغۇبىلىكنىڭ بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا»، «شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى — يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت تەسىرى» ۋە «12 مۇقام تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ داشۆ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويدى.

پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى شەرىپىدىن ئۆمەر ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كەڭ دائىرىدىكى تېمىلاردا مەلۇم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ قەلىمى پىشقان يازغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلدى. ئۇ 1951 - يىلى 8 - مارتتا «ئالغا گېزىتى»گە بېسىلغان «سىڭلىمغا» دېگەن تۇنجى شېئىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا پوئېزىيە ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغىنىدىن باشلاپ، ھازىرغىچە «كاككۇك يەنە سايرىدى»، «ئىجادكارلار»، «تۆمۈر ئادەم»، «مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ھەيكەل بار»، «ئاخىرەت» قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن پوۋېست، ھېكايە، فېلىيەتونلارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 1986 - يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «ئالۋاستى» ناملىق ساتىرىسى، 1993 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «بۇ نېمىنىڭ كۆلەڭگۈسى» ناملىق ئەسەرلىرى بۇ ئىككى گېزىتخانا تەشكىللىگەن شۇ يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك ئەسەر قىلىپ باھالاندى.

شەرىپىدىن ئۆمەر فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1986 - يىلى ئۇنىڭغا فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە پروفېسسور ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن بۇ شەرەپلىك نام بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنسېرى كەمتەر بولۇپ، تەتقىقات قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەسىرىمۇ كېڭەيدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ داشۆ ئۇيغۇر ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مەسئۇلۇقى شۇنىڭدەك ئاسپىرانت تەربىيىلەشتىن باشقا يەنە «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» ۋە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «بۇلاق» ژۇرنىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

پېشقەدەم پروفېسسور شەرىپىددىن ئۆمەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى
ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشىرگە تەييارلاش ھەمدە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ
مۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا
قويىدى: «يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا شۇ دەۋر-
نىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنى ئۆلچەم قىلىش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. يەنى كلاسسىك
ئەسەرلەر شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ھەرخىل دىنىي كۆز قاراشلاردىن خالىي
ئەمەس. بۇنداق ئەسەرلەرنى نەشىرگە تەييارلىغاندا ئۇنىڭدىكى دىنىي كۆز قاراشلارنى
ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلار چىقىرىپ تاشلانىدى. بۇ مۇۋاپىق بولمىدى. چۈنكى بۇ ھەقتە
ئېنگېلسنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدى-
ئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى
ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى
ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەج-
بۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور
ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا
چىقىرىش كېرەك ئىدى» (ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما
پەلسەپە قىسمى، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، 160 -، 161 - بەتلەر) دېمەك
ئىسلامىيەتتىن كېيىنكىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مەيلى ئوتتۇرا شەرق، مەيلى يېقىن
شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بولسۇن ھەممىسىدە سوفىزم (تەسەۋۋۇپ) كۆز قاراشلىرى مەۋجۇت.
بۇنداق ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن ئېغىز ئېچىش
مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مۇندىن كېيىن سوفىزم ۋە تەسەۋۋۇپ
نوغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنىمۇ كۆپلەپ ئېلان قىلىش كېرەك».

پېشقەدەم پروفېسسور شەرىپىددىن ئۆمەر ھازىر «شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. ئۇ بۇ ئەسىرىدە نۇرغۇنلىغان
پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقنىڭ پەن - مەدەنىيەت بۆشۈكى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت
تارىخىي ئەمەلىيەتنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ
قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى
تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يول ئاچىدۇ. «يەرنىڭ زىننىتى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ
زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەن» دېگەنىدەك شەرىپىددىن ئۆمەردەك ئالىملار بىزنىڭ جەمئىيىتى-
مىزنىڭ زىننىتى، خەلقىمىزنىڭ پەخرى، مەنىۋىيىتىمىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقىدۇر. بى
ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر، يېڭى جاسارەت، ئىجادىيىتىگە چەكسىز ئۇتۇقلار تىلەيمىز.








www.uyghurkitap.com



源 泉 （布拉克）（维吾尔文） 总46期
MAGAZINE OF BULAK

بۇلاق (ئومۇمىي 46 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)
(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجوڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号： CN 65-1063/I
本刊代号：58-108 定价：2.80元
ISSN 1005-0876/国外代号：Q 1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 58—108 باھاسى: 2.80
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q 1118